1998.12

1999.11

# TANGRITAG



## تاشلاندۇق ئادەم

ئۇردۇن داۋام قىلىشقا

ئۇلگۇرمىگەن سىرلار

نۇرمۇھەممەت توختى ئورۇقلىدى

... شېئىرلار ھەققىدە

مەشھۇر شائىرلار

2000 5

天尔塔格

# تەڭرىتاغ

ISSN 1004-


9 771004 174004

www.uyghurkitap.com

# 融都大厦



ساراي دىرېكتورلىرى كېڭەشمەكتە



ئۆلچەملەشكەن ياتاق ئۆيى



چوڭ زال

باش مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا
قانۇن مەسلىھەتچىمىز: ئابلىمىت رەھىم

**2000.5**

# تەڭرىتاغ

**دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت، ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب**

تەھرىر ھەيئەتلەر:

ئازات سۇلتان، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئەخمەت ئىمىن، ئەكبەر ئىپلى، ئىمىن ئەھمىدى، بوغدا ئابدۇللا، مۇرات مەتنىياز، مۇختار مەخسۇت، مۇھەممەت پولات، غوپۇر نۇر، ھاجى قۇتلۇق قادىرى، ئوسمانجان ساۋۇت

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
E-mail:tangri@mail.wlxj.cn

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


## ھېكايىلەر

تاشلاندۇق ئادەم ........ ئېلتېكىن (4)

سۈرەت ........ ئادىلجان ئابدۇسالام (26)

## ئەدەبىي ئاخبارات

كىتابخۇمار دىۋانە ........ باتۇر روزى (42)

نۇرمۇھەممەت توختى ئورۇقلىدى ........ نۇرمۇھەممەت توختى (69)

## ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

رەخىم ياسىن قاينامى، نۇرشات مەمتىلى، كەنجى خۇمارجان، بېلىقىز تاھىر، مەسئۇد ئەيسا، مۇتەللىپ ماڭسۇر (ئۇۋچى)، كېرىمجان سۇلايمان، ئىبراھىم نىياز ........ (33)

## نەسرلەر

تېمىسىز تىنىقلار ........ ئابدۇكېرىم راخمان (52)

قايتىش ........ ئەنۋەر تاشتۆمۈر (54)



مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىن نۇر

مۇھەررىرلەر: ئەكبەر سالىھ

سەنەۋەر ئۆمەر

ئالىم خالىدىن

ئىمىرھەسەن مەخمۇت

مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت

گۈزەل - سەنئەت مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ

تارقىتىش خادىمى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال) ئومۇمىي 82 - سان

## ئەسلىمىلەر ۋە خاتىرىلەر

زوردۇن دادام بىلىشكە ئۈلگۈرمىگەن سىرلار .................................. نۇر يۇنۇس (13)
ئەدەبىي خاتىرىلەر .................................. غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (83)

## مەخپىي خاتىرىلەر

ئازابقا تولغان ئەسلىمە .................................. گۈلچىمەن (64)
تېخنىكوم خاتىرىلىرى .................................. ئۆمەرجان ئىسمايىل (67)
پۇشكىننىڭ مەخپىي خاتىرىلىرى .................................. پۇشكىن (98)

## ماقالىلەر

يېڭىچە شېئىرلار ھەققىدە .................................. پەرھات ئىلياس (56)
يۈكسەك پەللىلەردە ئۇچرىشىش .................................. سوۋان مىلى (ئۆزبېكىستان) (90)

ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر
تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
(782 - خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65—1012/1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 - 52
پارچە سېتىلىشى: 4.40 يۈەن

www.uyghurkitap.com



# تاشلاندۇق ئادەم

(ھېكايە)

ئېلتېكىن



ئادەملەرنىڭ قىممەت ئۆلچىمى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ سىرتىدىكى مەۋجۇتلۇققا خالىغانچە باھا بېرىدىغان تەرىپى مېنى بارا - بارا ئۆزۈمنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىمدىنمۇ گۇمانلىنىدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. باشقىلارغۇ مەيلى، مېنىڭ دۇنياغا كېلىشىمگە، مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمغا سەۋەبچى بولغان ئاتا - ئاناممۇ پات - پات مېنىڭ ئادەم ئەمەسلىكىمنى ئەسكە سالىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ تۇرىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، مەنمۇ ئۇلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن ماڭا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن. مەن رېئاللىق تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن ئادەم. مېنىڭ قولۇمدىن ئاسمانغا قاراپ يېتىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش كەلمەيدۇ. ھازىرقى ھالىتىمدىن قارىغاندا، باشقىلارغا مەلۇم دائىرىدە پايدا يەتكۈزۈش تۈگۈل، يالغۇز قالسام ئۆزۈمنىمۇ باقالمايمەن. ئادەملەرنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولغاندا، مېنىڭ بولغىنىمدىن بولمىغىنىم مىڭ ياخشى. مېنىڭ قوي، ئېشەك، كەپتەر، تۆمۈر، تاش، تۇپراق... دېگەندەك نەرسىلەرچىلىكمۇ قىممىتىم يوق. باشقىلارغا پۈتۈنلەي بېقىنىپ قالغان ئادەمنىڭ ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە قىلچىلىك ئويلىنىش ھوقۇقى بولمىسىمۇ، بەزىدە تۇرۇپلا باشقىلارغا بىرەر پايدا يەتكۈزۈشنى ئويلاپ قالىمەن: مەندەك بىر كېرەكسىز ئادەم بۇلۇڭغا دۆۋىلەپ قويۇلغان ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرگە ئوخشاش كۈن بويى مىدىرلىماي ياتقان مۇنۇ كارىۋاتتا باشقىلار ياتسا، ئاتا - ئاناممۇ ئۆز ئىشلىرىنى خاتىرجەم قىلالىسا... تۈۋا دەيمەن، ئاتا - ئانام مېنى ھەمىشە دېگۈدەك تىللاپ - دۈشكەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا، ئۇلارمۇ چوقۇم مەندىن زېرىكتى! ئۇنداقتا، ئۇلار مېنى ساقلاپ قېلىپ نېمە قىلماقچىدۇ؟ كىشىلەر ئادەتتە كېرەكسىز نەرسىلەرنى تاشلىۋېتىدۇ.

ھازىر مەندە ئادەملەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھېچقانداق قىممەت يوق (مەن ئادەملەرنىڭ دۇنيادا قىممىتى يوق ھېچنەرسە يوق دېگىنىگە قەتئىي ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدىم). شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئاتا - ئانام مەن ئارقىلىق نېمىگە ئېرىشمەكچىدۇ؟! قارىغاندا ھازىرقى كىشىلەر چوقۇم تاشلىۋەتمىسە بولمايدىغان نەرسىلەرنىمۇ تاشلىۋېتەلمەيدىغان بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

مەن ھەرقانچە قىلساممۇ ئۆزۈم خالىغان ھېچقانداق نەرسىگە ئېرىشەلمەيمەن! ماڭا زۆرۈرىيىتى بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى باشقىلار تەمىنلىگەن. مېنى ئۇلار ھەر كۈنى ئادەم يېقىن كەلمىسىمۇ غىچىرلاپ تۇرىدىغان بىر يېرىم مېتىرلىق كارىۋاتتا ئۆيدىن ھويلىغا، ھويلىدىن ئۆيگە يۆتكەپ قويىدۇ.

مەن ئۆزۈمگە ئالاقىدار تەجرىبىلەرگە، كەچۈرمىشلەرگە سىرتقى كىشىلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئېرىشكەن. راست - يالغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئانامنىڭ دەپ بېرىشىچە، مەن كىچىك ۋاقتىمدا بۇنداق پالەچ ئەمەسكەنمەن. قاچان ئىكەنلىكى ئېسىمدە يوق، ئانام بىر چاغدا مېنى قۇچاقلاپ يىغلاپ ئولتۇرۇپ ماۋۇلارنى دەپ بەرگەن: مەن يېڭى تۇغۇلغان ۋاقتىمدا، شۇنداق شوخ، چىرايلىق ئىكەنمەن. ئانام بىلەن دادام ماڭا بەكلا ئامراق ئىكەن. مەن ھەمىشە ئۆزۈمنىڭ تاتلىق كۈلكەم، سەبىيلەرچە ھەرىكىتىم ئارقىلىق ئائىلىمىزگە ئىناقلىق، خاتىرجەملىك،

خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىكەنمەن. ئەمدىلا ئەقلىمگە تولۇپ، تىلىم چىقىشقا باشلىغاندا، مەندە يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ئۆزگىرىش ئائىلىمىزنىڭ ئەھۋالىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ. بىر كۈنى ئاپام بىلەن دادام مېنى يالغۇز قويۇپ، بىر يەرگە مېھماندارچىلىققا كېتىپتۇ. نېمە بولغان، ئۇلار ماڭىدىغان ۋاقىتتا مېنى ئويغاتماي، ئىشىكنى سىرتىدىن زەنجىرلەپ قويۇپتۇ. ئۇلار شۇ كۈنى كەچتە كېلىپ قارىسا، مېنىڭ بېلىمنىڭ تۆۋەن تەرىپى، ئىككى قولۇم ھېچنەرسىنى سەزمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار قاتتىق يىغا - زارە ئىچىدە مېنى نۇرغۇن دوختۇرلارغا، داخانلارغا كۆرسىتىپتۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان چارىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى كارغا كەلمەي، ئاخىرىدا تەقدىرگە تەن بېرىپ مېنى ئىككى پۇتۇم، ئىككى قولۇم پالەچ ھالەتتە مۇشۇ يېشىمغا كىرگۈزۈپتۇ. مەن باشقىلارغا بېقىنىپ، تورۇسقا قاراپ يېتىشتىن باشقا ئىشنى قىلالمىساممۇ، ئۆيدىكى يىغا - زارە، گەپ - سۆزلەردىن ئاتا - ئانامنىڭ مېنى دەپ ناھايىتى نۇرغۇن جاپالارنى چەككەنلىكىنى ھېس قىلالايمەن. ئۇلارنىڭ مېنى دەپ كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى. ئەمما مېنىڭ تارتقان جاپالىرىم بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مېنى ھەرقانداق قىسمەتكە چىدىمىسا بولمايدىغان جانسىز بىر مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

مەھەللىدىكى مېنى كۆرگەن ئۇششاق بالىلارنىڭ ماڭا «ياستۇق» دەپ لەقەم قويغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئانام دەسلەپتە ئۇلاردىن خاپا بولدى، ئۇلارغا خېلى قاتتىق رەددىيە بەردى. كېيىنچە ئاناممۇ بۇ لەقەمگە كۆنۈپ قالدى. «سەن ياستۇققا چاي ئىچكۈزىمەن دەپ يەنە خىزمەتكە كېچىكىپ قالىدىغان بولدۇم، سەن مېنى كۈندە گەپكە قويىسەن. باشلىق مېنى بۈگۈنمۇ تىللايدىغان بولدى. سەندىن ئىتمۇ ياخشىكەن، ئۇنىڭغا بىر تال سۆڭەكنى تاشلاپ بەرسە، كەچكىچە كاڭشىماي ياتىدۇ» دەيدۇ ئانام ئاچچىقى كەلگەن كۈنلىرى. دادامنىڭ سۆزلىرى بۇنىڭدىنمۇ ئاچچىق: «سەن ياستۇقنى دەپ ئاغىنىلىرىم ئارىسىدىمۇ تۈزۈكرەك ئىناۋىتىم يوق. سېنىڭ كاساپىتىڭدىن ئۇلارنى ئۆيگىمۇ چاقىرالمايمەن. سېنى كۆرسەملا ئىمانىم قىرىق گەز ئۆرلەيدۇ. ئىسىت! سېنى باققاننىڭ ئورنىغا مۈشۈك باققان بولساممۇ، چاشقان تۇتۇپ بېرەتتى. ئادەمنى مۇنچىۋالا قىيىنىغۇچە، يا ئۆلمەيسەن، يا تىرىلمەيسەن!» مۇشۇنداق ۋاقىتتا كۆزلىرىمدىن تارام - تارام ياشنى ئېقىتىپ مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرۇشتىنلا بىلىمەن. ئۇلارغا بىرنەرسە دېيەلەمتىم؟ ئۆزۈممۇ ياستۇققا ئوخشاش ھەرىكەت قىلالمايدىغان تۇرسام؟ ئۆزۈممۇ ئېتىراپ قىلىمەن: ياستۇق دېگەن بۇ نەرسە گەرچە جانسىز بولسىمۇ، كېچىلىرى ئۇخلىغاندا، كۈندۈزلىرى ئارام ئالغاندا بولمىسا بولمايدۇ. ئىشلەتمىگەن تەقدىردىمۇ مېھراپقا تىزىپ قويسا، ئۆيگە بولسىمۇ ھۆسن كىرگۈزىدۇ. مەنچۇ؟ مەن باشقىلارنى ئاۋارە قىلىشنىلا بىلىمەن، ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا كەلتۈرۈپ بېرەلمەيمەن. كىشىلەر مېنى نېمە قىلسا، قەيەرگە قويسا بولۇۋېرىدۇ ھەتتا قويمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، ئۆيدىكىلەرگە ياستۇقچىلىكمۇ مەنپەئەت يەتكۈزۈپ بېرەلمەيمەن. مېنى يا بېشىغا قويۇپ ياتقىلى بولمىسا، يا مېھراپقا تىزىپ قويغىلى بولمىسا؟! ئاخىر مەنمۇ «ياستۇق» دېگەن بۇ لەقەمگە كۆنۈپ قالدىم. مانا ھازىر بۇ مېنىڭ ئىسمىم بولۇپ قالدى.

گەرچە مەن ئانام بىلەن دادامنىڭ ئاغزىدىن «پالانچى ‹د د ۋ› ئىچىپ ئۆلۈۋاپتۇ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ، پوكۇنچى توكقا ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ، ئۆزىنى بىنادىن تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىساممۇ، مەن «ئۆلۈۋالاي» دەپمۇ ئۆلۈۋالالمايمەن. چۈنكى مېنىڭ ياشىشىممۇ باشقىلارنىڭ قولىدا بولغاندەك، ئۆلۈشۈممۇ باشقىلارنىڭ قولىدا. مەن ياشاي دەپ ياشىيالمايدىغان، ئۆلەي دەپ ئۆلەلمەيدىغان ئادەم. ماڭا تەئەللۇق بولغان ھەممە نەرسە باشقىلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېتىلگەن. مۇشۇنداق قاتتىق ئازابلىنىۋاتقان كۈنلەردە ئاپامنىڭ ھاماچىسى مېنى يوقلىغىلى كىرىپ: «بالام، ئادەم دېگەن ھەممىگە كۆنۈپ كېتىدۇ. سەنمۇ بارا - بارا كۆنۈپ قالىسەن. خۇدايىم ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلار!» دېگەندە ساق بىر كېچە - كۈندۈز يىغلاپتىمەن. ھامام ئېيتقاندەك ھەممىگىمۇ كۆنۈپ كەتتىم. ئەمما خۇدايىمنىڭ ماڭا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلىپ ئازابلاشلىرىغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەرگىز كۆنەلمەيدىغان ئوخشايمەن (گەرچە مەن بۇلارنى تاللىيالمىساممۇ). ماڭا نىسبەتەن بىر سېكۇنت، بىر مىنۇت بىر يىلدەك، بىر ئەسىردەك تۇيۇلىدىغان ۋاقىتقىمۇ كۆنگەندەك، ئازابلارغىمۇ كۆنمەي ئامال يوق! مەن ئادەملەرنىڭ مېنى نېمە ئۈچۈن باقىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيمەن.

قوشنامنىڭ قىزى توغرا ئېيتىدۇ: «ياستۇق ئاكاشنىڭ كۆلكىسى تېلېۋىزورلاردىكى ياغاچ قونچاقلارنىڭ كۆلكىسىگە بەكمۇ ئوخشايدىكەن!» مەن بۇ سۆزدىن تېلېۋىزور دەيدىغان بۇ نەرسىنىڭمۇ كىشىلەرنىڭ مەلۇم ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ئويۇنچۇق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. مەن باشقىلارغا پايدىلىق ياكى پايدىسىز بولۇشتىن قەتئىينەزەر، يىغلاپ ۋە كۈلۈپ بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىقتىدارغا ئىگە ئەمەس. مېنىڭ جىم تۇرغان ۋاقىتلىرىممۇ كىشىلەرنىڭ ھۇزۇرلىنىش جەھەتتىكى مەلۇم ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ئوخشايدۇ. بەزىدە مەن كىشىلەرنىڭ قولاق تۈۋىمدىلا مېنى مەسخىرە قىلىشىۋاتقانلىقىنى، ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالىمەن. كېيىنچە مەن ئۆزۈمنىڭ ئويۇنچۇقتىنمۇ تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىمنى بىلىۋالدىم. ئويۇنچۇق دېگەننى خالىغانچە ئالماشتۇرغىلى، قۇراشتۇرغىلى، تاشلىۋەتكىلى بولىدىكەن. ئەمما مېنى ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلالمايدىكەن. قارىغاندا، مەن ئادەملەرنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ئويۇنچۇق ئوخشايمەن.

ماڭا ھەمىشە دوق قىلىدىغان ئاتا - ئانام مەسلىھەتلىشىپ مېنى ئۆيلەپ قويماقچى بوپتۇ. مەن مۇشۇ چاغدىلا ئاتا - ئانامنىڭ مەندىن بىزار بولغانلىقىنى، پۈتۈنلەي زېرىككەنلىكىنى چۈشەندىم. ئۆزلىرىنى مەن ئۈچۈن ئەڭ يېقىن ئادەم دەپ قاراۋاتقان ئاشۇلارمۇ مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتىدۇ! كۆزىمىزدىن يىراقراق تۇرسۇن، باشقىلار ئالدىدا خارلىنىپ ئۆلسۇن دەۋاتىدۇ! ئۇلار قەرز ھەم پەرز دېگەنلەرنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ئەمدى مېنى باشقىلارنىڭمۇ بوزەك قىلىشىغا، خارلىشىغا تاشلاپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ! ئاتا - ئانامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى كۆز ئالدىمدا ئاشكارا بولغاندەك بولدى. «ئېھ خۇدا! مېنى مۇنچىۋالا خورلىغۇدەك مەن ساڭا

نېمە گۇناھ قىلدىم. 17 يىلدىن بېرى ھايۋانمۇ كۆرمىگەن مۇشەققەتلەرنى كۆرگەن مەندەك يارىلىشىدىنلا ئارتۇقچە يارىلىپ قالغان، بولغىنىدىن بولمىغىنى مىڭ ياخشى ئاجىز بىر بەندەڭنى يەنە قانداق قىسمەتلەر ئارقىلىق سىنىماقچى بولغانسەن؟ خۇداغا ھەرقانچە يېلىنىپ - يالۋۇرساممۇ بولىدىغان ئىش بولدى. ئۆيدىكىلەر پۈتۈشۈپ كېلەر يەكشەنبە كۈنى مېنىڭ تويۇمنى قىلماقچى بوپتۇ. مېنى يوقلىغىلى كىرگەنلەرنىڭ: «ھەر نېمە بولسا، ئەمدى ياستۇقا بېشىنى قويىدىغان ئادەم چىقىدىغان بولدى!» دېگەندەك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بوقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم. ھېچكىمنىڭ مەن بىلەن كارى يوق.

بىر ھەپتىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايمەن. قارىغاندا، ئاتا - ئانام مەن ئۈچۈن يا توي بولىدىغانلىقىنى، يا ئۆلۈم بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان بۇ ئىشقا خېلى ئەتراپلىق، ئوبدان تەييارلىق قىلغان ئوخشايدۇ. مەن سىرتقا چىقالمىغاچقا، بۇنچىۋالا جىق ئادەمنى كۆرمەي شۇنداق تۇيۇلۇپ كەتتىمىكىن، مەيلى توي كۈنى بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى تەييارلىق كۈنلىرى بولسۇن، ئۆيىمىزدىن ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. يامان بولغىنى، بۇرۇنقى كۈنلەردە كۈندۈزى كارىۋىتىم بىلەن ھويلىغا يۆتكىلىپ ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا كۈنۈمنى كەچ قىلىدىغان بولسام، بۇ بىر ھەپتە كېچىسى ياتىدىغان مېھمانخانا ئۆيدىن سىرتقا ئېلىپ چىقىلمىدىم. تويۇمنى مۇبارەكلەپ كەلگەنلەر بىلەن ئۆيىمىزنىڭ توي جەريانىدىكى ئىش - كۈشلىرىگە ياردەملەشكىلى كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى مەن ياتقان ئۆيگە كىرىپ، ماڭا قاراپ: «بىچارە، ئەگەر پالەچ بولۇپ قالمىغان بولسا، مۇنداق كاتتا تويىنى كۆرۈپ، يۈرىكى ئېرىپ سۇ بولۇپ كېتەرمىدى؟!» دېيىشەتتى. ئۇلارنىڭ ماڭا ئىچ ئاغرىتىشلىرىنى كۆرۈپ بىر تۇرۇپ كۈلگۈم كەلسە، بىر تۇرۇپ ئاچچىقىم كېلەتتى. مەن ھويلىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلاردىن، پالتا - پىچاقلارنىڭ، نەغمە - ناۋالارنىڭ ئاۋازىدىن، كىرىپ - چىقىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرىدىن بۈگۈن راستتىنلا تويۇم بولغانلىقىنى بىلدىم. توي دېگەن مۇشۇنداق

قىلىسمۇ بولىدىغان، قىلمىسىمۇ بولىدىغان كونا ئادەت.

مەن ھازىرغىچە دوست دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيمەن. كىچىك ۋاقتىمدا چوڭ ئانام: «دوست، ئاغىنە دېگەنلىك بېشىڭغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە ئەسقاتىدىغان ھەمراھ دېگەنلىك بولىدۇ» دېگەنىدى. چوڭ ئانام بولسىمۇ يالغان سۆزلىمىگەندۇ، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بېشىمغا ئاجايىپ كۈنلەر كەلدى، مۇشۇ ۋاقىتلاردا ماڭا كىملەر ئەسقاتتى؟ ! داداممۇ ماڭا ئېنىقلا: «ئىت دېگەننى ھويلىغا ئوغرى كىرسە قاۋاپ بېرەرمىكىن دەپ باقىدۇ، ھېچكىم قاۋىمايدىغان ئىتنى باقمايدۇ» دېگەن. مېنىڭ باشقىلارغا ھېچقانداق پايدام تەگمىسە، كىممۇ مەن بىلەن دوست بولۇشنى خالىسۇن؟ قۇلىقىمغا كارىۋىتىمنىڭ قېشىدىكى سافادا ئولتۇرۇپ هاراق ئىچىشىۋاتقانلارنىڭ سۆزلىرى كىرىپ قالدى:

- بۈگۈن مۇنۇ دوستىمىزنىڭ تويى مۇناسىۋىتى بىلەن (بېشى بىلەن مېنى ئىما قىلدى) دوستلار بۇ ئۆيگە جەم بولدۇق. بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى قولۇمدىكى مۇنۇ هاراقنىڭ رەڭگىدەك ئاق. ھەممىمىز ئۇنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ئارزۇ قىلىمىز. قېنى ئاغىنىلەر، ئۇنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن، خوشە! . . .

- ئادەم تۇغۇلغانىكەن، گۇناھ ئۆتكۈزمەي قويمايدىكەن. بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەممىمىز باشقىلارغا تېرىقتەك بولسىمۇ يامانلىق قىلماي قالمىدۇق. يالغان بولسا، قېنى كىم مەن ئۇنداق قىلمىدىم دېيەلەيدۇ؟ مۇنۇ ئاغىنىمىز بولسا، ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ كارىۋىتىدىن چۈشۈپ باقمىدى، بىزدەك سىرتلاردا لاغايلاپ يۈرۈپ، يامان ئىشلارغا ئارىلاشمىدى. خۇدايىم بۇنداق بىگۇناھ ئادەمنىڭ چوقۇم بەختىنى بېرىدۇ. ھەممىمىز بۇ ئاغىنىمىزنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەيمىز. قېنى ئاغىنىلەر، خوشە!

توۋا، بۇلارنى مەن ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىۋاتسام، بەزىلىرىنىڭ چىرايىنى ھازىرمۇ كۆرەلمەيۋاتسام، ئۇلار ھەتتا مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ بىلمەيدىغان تۇرسا، قانداقسىگە مېنىڭ دوستۇم بولسۇن؟ ! كىمدۇر بىرسى، مېنىڭ «ياستۇق» دېگەن لەقىمىم بارلىقىنى ئېيتىۋېدى، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن مەن ھازىرغىچە ئاڭلاپمۇ باقمىغان، شۇنداق لاۋزا، تېتىقسىز چاقچاقلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلار دوست دېگەننىمۇ مۇشۇنداق زاڭلىق قىلامدىغاندۇ؟ ! بۇ دۇنيا قانداق تەسەۋۋۇر قىلسا بولىدىغان، مەڭگۈ چۈشەنگىلى بولمايدىغان دۇنيا ئوخشايدۇ. بۇرۇنقى كۈنلىرىمدىن ئاغرىنىپ ئولتۇرۇپتىمەن، ئاجايىپ كۈنلەر تېخى ئالدىمدا ئىكەن.

مەن بىلەن توي قىلماقچى بولغان «قىز» تۇغمىدى دېيىلىپ ئۈچ قېتىم ئەردىن چىققان 30 ياشلار چامىسىدىكى ئايال ئىكەن. ئاپامنىڭ «خوتۇنۇم» ھەققىدە ئېيتقانلىرى ھېلىمۇ يادىمدا: «بالام، سەن ئالماقچى بولغان بۇ ئايال بەكمۇ بەختسىز، ئاتا - ئانىسى تۇگۇل، يۇمغاقسۇتنىڭ پۇرىقىدەكمۇ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يوق. ئۆزى ياۋاش، ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدۇ، بۇنداق ئايال ساڭا چوقۇم كۆيۈنىدۇ. . . » ھەسەل بىلەن ياغ ئارىلاشتۇرۇلغاندەك ئېيتىلغان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغانسېرى تېخىمۇ بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. ناۋادا مەن ئالماقچى بولغان بۇ ئايالمۇ بەختسىز بولمىغان بولسا، ئاتا - ئانامغا نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بېرىپ قۇرۇق سوكۇلداۋاتقان باشقا ئاياللارغا ئوخشاشلا، مەن بىلەن توي قىلىشقا چوقۇم قوشۇلمىغان بولاتتى. تۇرۇپلا بۇ ئايالغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. چۈنكى ئۇ ھەرقانچە بەختسىز بولسىمۇ مەنچىلىك ئەمەستە. ھېچ بولمىسا، ئۇياق - بۇياققا بولسىمۇ ماڭالايدۇ. ماڭا ئوخشاش قاتتىق ئازابلىنىپ ھاياتتىن زېرىككەندە، ھەرقانچە بەختسىز بولسىمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ بولسىمۇ چىقىش يولىنى تاپالايدۇ. بىراق مەنچۇ؟ مەن ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ ئۇنىڭ ھەرقانچە بەختسىز بولسىمۇ، مەن بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمىدىم. ئۇ ئاپام بىلەن دادامنىڭ پۇلىنى دەپلا مەن بىلەن توي قىلغانمىدۇ؟ ! پۇل ئۈچۈنلا توي قىلغان بولسا، ئۇ ئايال نېمىدېگەن بەختسىز - ھە؟ ! مەن مۇشۇنداق ھالەتتە تۇرۇپمۇ «ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام، ھەرقانچە مەجبۇرلىسىمۇ ئۇنىمىغان بولاتتىم» دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ئۇ ھازىرمۇ كېچىكمەيدۇ. بىلىمەن، ئۇ ئۆيگە كېلىپ مېنى كۆرگەندىن كېيىنلا، چوقۇم يامانلاپ كەتمەي قالمايدۇ. مەنغۇ ئۇنى ئايالىم

دەرمەن، ئەمما ئۇ مەندەك بىر ئادەمنى «ماۋۇ مېنىڭ ئېرىم» دېگەن گەپنى قانداقمۇ قىلار؟ مەن تېخىمۇ خورلىنىدىغان، دەپسەندە، ئاياغ ئاستى قىلىنىدىغان بولدۇم. چۈنكى بۇرۇن كۆچلۈكلەر تەرىپىدىن بوزەك قىلىنغان بولسام، بۇندىن كېيىن كىشىلەر ئەڭ بەختسىز دەپ قاراۋاتقان بۇ ئاجىز ئايال تەرىپىدىنمۇ بوزەك قىلىنىمەن - دە! ھويلىدا ئاللا - تاۋۇلىشىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قىقاس - سۈرەنلىرى ماڭا خۇددى ئۆلۈمگە ئوقۇلۇۋاتقان ھازا ناخشىلىرىدەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. «ئىيھ خۇدا، مېنى بۇنداق ئوسال ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغۇچە، جېنىمنى ئالساڭ بولماسمىدى؟ !» كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياشلار قۇيۇلدى. ھېچكىمنىڭ مەن بىلەن كارى يوق. ئاپاممۇ مېنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك قېشىمغا كىرىپمۇ قويمىدى. بەلكىم ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلمىسە كېرەك! مەن ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ ئۇلار قىلىۋاتقان بۇ ئىشلارنىڭ يا توي‌لىقىنى، يا ئۆلۈملىكىنى چۈشىنەلمىدىم. پۈتۈنلەي باشقىلارنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالغان بىر ئادەمنىڭ قولىدىن ئۇلارنىڭ ھەرقانداق قىلمىشىغا بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىشتىن بۆلەك نېمىمۇ كەلسۇن؟ !

تويۇم بولغاچقىمۇ ئۇستۇمغا يېڭى كىيىملەر كىيگۈزۈلدى. مەن ياتقان ئورۇن - كۆرپىلەر ئالماشتۇرۇلدى. ئالماشمىغان مەن بىلەن ھەمىشە غىچىرلاپ تۇرىدىغان كونا كارىۋاتلا قالدى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، ھاياتلىقتا كارىۋاتنىڭ، ئۆلۈمدە جىنازىنىڭ رولىنى ئويناپ كېلىۋاتقان بۇ كارىۋاتنىڭ ئۆز پېتىچە قېلىش - قالماسلىقى بەرىبىر ئىدى. ماڭا نىسبەتەنمۇ باشقىلارنىڭ ھەرقانداق ئىشلىرىغا چىداپ تۇرماقتىن باشقا ئامال يوق. تويغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەندىن كەلسە - كەلمەس سوئاللارنى سورىشىدۇ، مەن نېمە دەپ جاۋاب بەرمەي، ئۇلار ھوزۇرلىنىپ كۈلۈشۈپ كېتىشىدۇ. پۈتۈم بىلەن قولۇمنىڭ سەزمەيدىغانلىقىنى ئېيتىمىدىم، بىرسى قىزىق تۇمۇرنى ئەكىلىپ، يوتامغا يېقىپمۇ باقتى. مەن گۆشنىڭ كۆيۈشى بىلەن تورۇسقا پۇرقىراپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىسقا قارىغىنىمچە ھېچنەرسىنى سەزمەي تېپتىنچ ياتىمەن. بۇرنۇمغا پىشىۋاتقان كاۋاپنىڭ ھىدى كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. يەنە بىرقانچىسى ئامبۇرنى ئەكىلىپ، پۇت - قوللۇرۇمنى قىسىپمۇ باقتى. بۇ ئىشلار ئۇششاق بالىلارغا تېخىمۇ قىزىق تۇيۇلدى بولغاي، ھويلىدىن قوش مۇشتىلىك چوڭلۇقتىكى تاشلارنى ئەكىرىپ، يوتىلىنى قايرىپ، پۇت - قوللۇرۇمغا ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن نېمىلا دېسەم ئۇلار ئاڭلىمايدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن مەن بىر كۆرگەزمە بۇيۇمى، جاڭگالدىكى ئەسكى چالما، ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتىلگەن كېرەكسىز قەغەز. . . مەن يا يىغلىشىمنى، يا كۈلۈشۈمنى بىلەلمەي قالدىم. شۇ ئەسنادا يۈزلىرى مودۇر - چوقۇر كەلگەن، پاكىنەك بىر كىشى كارىۋات ئەتراپىغا ئولىشىپ تاماشا كۆرۈۋاتقان كىشىلەرگە مۇنداق دېدى:

- ھەي بۇرادەرلەر، قاراڭلار، روزىخان (بۈگۈن مەن بىلەن توي بولغان «قىز») بۇ ئاداشنى يوتقانغا پاتۇرالمىسا، ئىككى پۇتى بىلەن ئىككى قولىنى ھەرىدەپ تاشلىۋەتسىمۇ بولىدىكەن. بۇنداق بولغاندا، ئۇ يوتقان ئىچىدىكى ھەرقانداق ئىشنى بىجاندىل قىلالايدۇ. ئىشنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ تەكچىگە، مەرەپكە تىزىپ قويسىمۇ، تاغارغا قاچىلاپ سەي ئورىسىغا تىقىپ قويسىمۇ بولىدىكەن. مېھماندارچىلىقتا بارسىغۇ تېخىمۇ قۇلايلىقكەن. قاپتىن بىرسىگە سامان تىققاندەك قاچىلاپلا، ئېشەكنىڭ ئالدىغا قويۇۋالسىمۇ، دۈمبىسىدە يۈدۈۋالسىمۇ بولىدىكەن. شالىلىقتا قارانچۇق قىلىپ قويسىغۇ، بىرمۇ قۇشقاچ كىرەلمىگۈدەك. روزىخان ئاشنىلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالغاندا، ساقچىلىقتا تېخىمۇ يارايدىكەن. ئەمدى روزىخان ئۆزىنىڭ ئىشنى تېخىمۇ بىخەتەر پۈتتۈرەلەيدىغان بولدى. . .

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشەتتى. مۇشۇنداق ۋاقىتتا دادامنىڭ ئاكىسى كىرىپ قالمىغان بولسا، مېنىڭ يەنە قانداق گەپلەرنى ئاڭلايدىغانلىقىمنى خۇدايىم بىلىدۇ. بوغۇزۇمغا بىرنەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك بولدى. «ئىيھ خۇدا، مەندەك بىر ئاجىز بەندىنى يارانقۇچە، ئاپامنىڭ قورسىقىدىلا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ بولماسمىدى؟ سەن مېنى

باشقىلارغا ئويۇنچۇق قىلىپ بېرىش ئۈچۈن يارىتىلغانمىدىم؟ كىچىكىمدە چوڭ ئانام: «خۇدا ئىمان ئېيتقان ھەرقانداق بىر بەندىسىگە زۇلۇم قىلمايدۇ»، دەيتتى. سېنىڭ ماڭا قىلىۋاتقىنىڭ نېمە؟ سەن نېمە ئۈچۈن مېنى ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئازابلايسەن؟ نېمە ئۈچۈن، زادى نېمە ئۈچۈن؟...» مەن ئاللاغا نالە قىلغاچ، ئۇ دۇنيادىكى قىيامەتنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم: پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈۋاتقۇچە، يوغان - يوغان داشقازانلاردىكى بۇلدۇقلاپ قايناپ تۇرغان قىزىق ياغقا چۈشۈپ ئازابقا چىدىماي نالە قىلىۋاتقان كىشىلەر، ۋەيلۇن دوزاختىكى جازا مۇئەككىللىرىنىڭ يۇقىرى ھارارەتلىك ئوچىقىغا تۇترۇق بولۇپ، ئوتتۇندەك تاشلىنىۋاتقان كىشىلەر، ھارام يەۋالغان، قاقتى - سوقتى قىلىپ ئېلىۋالغان مال - مۈلۈكلەرنىڭ ئاغزىغا قىزىق قوغۇشۇن بولۇپ قۇيۇلۇشى نەتىجىسىدە داد - پەرياد كۆتۈرۈۋاتقانلار... «ئىھ خۇدا، مېنى ئۇ دۇنيادىكى دوزاختا تاشلىساڭمۇ، بۇ دۇنيادىكى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغايسەن!»

دېگەندەكلا، مەن مۆلچەرلىگەن قورقۇنچلۇق ئىشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى. توي بولغان ئاخشىمى كىشىلەر بىرەر قۇر ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن، ئاپام بىلەن دادام يەڭگىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، مېنى خۇددى بىر ساندۇقنى كۆتۈرگەندەكلا قىز ياتقان ھۇجرىغا ئەكىرىپ، ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇلغان ئورۇنغا ياتقۇزۇپ قويۇپ چىقىپ كېتىشتى. مەن ئالغان «قىز» ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يىغلاپ ئولتۇراتتى. توي كېچىسى ئەسلىدە ئەر بولغاندىكىن ھەرقانداق ئىشنى چوقۇم ئۆزۈم قىلىشىم كېرەك ئىدى. باياتىن باشقىلار ماڭا چاقچاقتا يۆلەپ ئۆگەتكەن ئۇسۇل بويىچە ئىش قىلاي دېسەممۇ قىلالمايمەن. ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى سالالمايدىغان ئادەم قانداقمۇ باشقىلارنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرالىسۇن؟ قانداق قىلساڭ بولىدۇ، دەپ بىر ئايالنى قېشىغا ئەكىرىپ قويسا، ھېچبىر ھەرىكەتسىز مىدىرلىماي ياتقان ئادەمنىمۇ ئەر دېگىلى بولامدۇ؟ مۇشۇ مىنۇتتا ئۆزۈمنىڭ ئادەم بولۇپ يارىلىپ قالغىنىمغا يەنە بىر قېتىم قاتتىق پۇشايمان قىلدىم. نۇرغۇن قېتىم ئۆلۈۋېلىشنى خىيال قىلىپ باققان بولساممۇ، ئۆلۈۋالالمىغان تۇرسام، ھازىر ئۆلۈۋالالامتىم؟ ئىسىت! سېنىڭ ئەر بولغىنىڭ! نېمە بولغىنىمنى بىلمەيمەن، كۆزلىرىمدىن بۇقۇلداپ ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ھويلىمۇ ھازىر خېلىلا تىمتاس بولۇپ قالغان، ئېسەدەپ يىغلاشلىرىمدىن يېڭىلا تىكىلگەن ياستۇقمۇ ھۆل بولۇپ كەتتى. ماڭا خوتۇن بولغۇچى بولسا، خېلى بۇرۇنلا يىغىدىن توختاپ قالغان. بۇ ئىشلارنى نېمىدەپ چۈشەندۈرۈشۈم كېرەك؟ يىغلاشقا تېگىشلىك ئادەم يىغلىمايدىغان، خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ئادەم يىغلايدىغان ئىشمۇ بولامدۇ؟ مەن خوتۇن ئالدىممۇ، خوتۇن مېنى ئالدىمۇ؟ شۇ كېچىسى مەن خوتۇنۇمنىڭ مېنى ئالغانلىقىنى ھەقىقىي ئېتىراپ قىلدىم. مەنغۇ ھەقىقەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن، ئەمما ئادەملەر ئۆزلىرىگە تىكلىۋاتقان ھەقىقەتنىڭ نوپۇزى پۇتۇنلەي ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. مەن قاتتىق خورلاندىم، ئادىمىيلىكىم، ئەرلىكىم قاتتىق ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ھاياتلىق ئۆلچەملىرى بۇزۇلۇپ كەتتى. ئايالىم ئۈستۈېشىغا كىيىۋالغان پەرەنجىلەرنى ئېلىپ تاشلاپ، كارىۋاتنىڭ يان ياغىچىغا ئېلىپ قويۇپ، كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈشكە باشلىدى. مەن تېخىمۇ ئېغىر خورلۇق، نومۇس ھېس قىلىپ، بوغۇلۇپ بەكرەك يىغلاشقا باشلىدىم. مۇشۇنداق چاغدا ئەسلىدە ئۇ يىغلىشى كېرەكتىغۇ؟ ئۇ ماڭا تەسەللى بەرگەچ، قېتىپ تارشىدەك بولۇپ كەتكەن قوللىرى بىلەن يۈزلىرىمنى ئالدىرىماي سىيلاشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا سەپسالدىم: ئۇ مەن ئويلىغاندەك سەتمۇ ئەمەس، كۆزلىرى كىچىك، كالپۇكى سەل ئالدىغا ئۆرلەپ چىققان، يۈزلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدە سەپكۈنى بار بىر ئايال ئىدى. گەرچە باشقىلار ماڭا بۇ ئايالنى نېمە قىلساڭ قىل دەپ ئەكىرىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇمۇ ئاپام بىلەن دادام، باشقىلارغا ئوخشاشلا مېنى قانداق قىلاي دېسە شۇنداق قىلالايتتى. «ئىھ خۇدا، ئۆزۈڭ ياراتقان ھەرقانداق بىر بەندەڭنى بۇنداق ئېغىر كۈلپەتلەرگە گىرىپتار قىلمىغايسەن!» مەن ئۇ ئايالنىڭ مېنى بىرنېمە قىلىشىنى كۈتۈپ ياتاتتىم. شىرە ئۈستىدىكى شام غۇۋا يېنىپ تۇراتتى. ئۇ ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپ، يوتقانلىرىمنى قايرىپ، مېنى بىر يانغىراق ئىتتىرىپ قويدى. مەن ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى دىققەت بىلەن كۈزىتىپ مىدىرلىماي

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياتاتتىم. ئۇ مېنى كۆرمەي قالمىسۇن دېدىمۇ ئۇدۇلۇمدا ئۆرە تۇرۇپلا، كىيىملىرىنى سېلىشقا كىرىشتى. ماڭا ئالدىمدا تۇرغان بۇ ئايال مېنىڭ خوتۇن بولغۇچى ئەمەس، ئايال سۈرەتلىك ئالۋاستىدەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۈلۈپ تۇرۇپ قىلىۋاتاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىگە كۈلۈۋاتامدۇ ياكى مېنىڭ بەختسىزلىكىمگە كۈلۈۋاتامدۇ، بۇنىسى نامەلۇم. ئۇنىڭ ھەرىكىتىمۇ شۇنداق تەبىئىي ئىدى. ئېسىمگە كەلدى، ئالدىمدا بارلىق كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ، ئاندىن تۇغما ھالەتتە تۇرغان بىر ئايال تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ھەربىر ئەزاسىغا قورقۇش، ھەيران قېلىش، بوغۇلۇش، بىزار بولۇش دېگەندەك چۈشىنىپ بولمايدىغان مۇرەككەپ بىر خىل ھېسسىيات ئىچىدە قاراپ چىقتىم. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدا ئايال زاتىنى تۇنجى قېتىم قىپيالىڭاچ ھالەتتە كۆرۈشۈم ئىدى. ئۇ خۇددى بۇنداق ئىشلارنى تولا قىلىپ كۆنگەن ئەر كىشىگە ئوخشاشلا ھەممە ئىشنى شۇنداق تەرتىپ بويىچە قىلىۋاتاتتى. ئالدىغا ئېڭىشكىنىچە كىيىملىرىمنى سالدۇرۇشقا باشلىدى. باشقىلار ھۆرمەت قىلمىغان بىلەن مەندىمۇ ھېسسىيات دەيدىغان بىرنەرسە بار ئىكەن. نېرۋىلىرىم غىدىقلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا خېلىلا ساڭگىلاپ كەتكەن بولسىمۇ، تولغان كۆكرەكلىرىنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم. ناۋادا ھەممە ئەزاسى ساق، نورمال بىر ئەرنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق بىر ئايال بولىدىغان بولسا ئۇ چاغدا ھەممە ئىشلار باشقىچە بولغان بولار ئىدى. ئەمما مەن ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلالمايمەن، مەن ئادەمنى قانچىلىك جەلپ قىلىدىغان ئىش بولسۇن ياكى ئادەمنى قانچىلىك يىرگەندۈرىدىغان ئىش بولسۇن، ئاغزىمنى ئۆمچەيتىپ قاراپ تۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئىشنى قىلالمايمەن. كىشىلەر كۆنۈپ كەتكەن ھېلىقى ئاتالمىش «ئەرلىك» ئۆلچەم بۇزۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى. بىر ئەرنى بىر ئايال توي كېچىسى بوزەك قىپتۇ دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ئادەملەر ماڭا قانچىلىك نەپرەتلىنەر؟ قانچىلىك لەنەت ئوقۇشار؟ ئىسىت! ئەر بولغۇچە ئۆلۈۋالسىچۇ دەر. ئەمما مەن ئۆلۈۋېلىش ئەركىنلىكىنىمۇ تاللىيالمايدىغان كېرەكسىز بىر ئادەم تۇرسام. «ماڭا چېقىلما!» دەپ بۇ ئايالغا يالۋۇرايمۇ؟ بۇنداق دېيىش ئەركەك تۈكى بار ھەرقانداق بىر ئەر كىشىگە نىسبەتەن نى ئاتنى نومۇس! بۇلارنىغۇ قايرىۋېتەي، ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا، مېنىڭ بۇ يېلىنىشىمنى ئۇ ھەرگىزمۇ ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس. ئۇ ھەش - پەش دېگۈچە بولغان ئارىلىقتا مېنىڭ كىيىملىرىمنىمۇ سالدۇرۇپ بولدى. كاللامدا مۇشۇنداق ۋاقىتتا نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدە غۇۋا بىر چۈشەنچىلا بار. ئەمما ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل تەرىزدە ئورۇنلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. مېڭەمدىن ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان، بېسىۋالغىلى بولمايدىغان بىر خىل تۇيغۇ يالت قىلىپ ئۆتتى. نېرۋىلىرىم غىدىقلىنىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمايدىغان دەرىجىدە ھالسىراشقا باشلىدىم. ماڭا خوتۇن بولغۇچى بىر ئايال مېنىڭ ئۈستۈمدە ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. . . ئاتا - ئانام ئۇنى ماڭا خوتۇن دەپ ئېلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇۋاتاتتىم. ھېچنەرسىگە كۈچى يەتمەيدىغان ئاجىز بىر خوتۇن كىشىمۇ، مۇشۇنداق ۋاقىتتا كىچىككىنە بولسىمۇ قارشىلىق كۆرسىتىشى ئېنىق ئىدى. ئەمما مەن بولسام ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەسمەن، مەن قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدىغان كېرەكسىز بىر مەخلۇق. مەن بۇ مىنۇتلاردا ئۆزۈمنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ كېرەكسىز بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىمگە يەنە بىر قېتىم قايىل بولدۇم. ئادەملەرنىڭ كېرەكسىز، تاشلاندۇق نەرسىلەرگە بولغان ھېرىسمەنلىكى، ھېسداشلىقى، قىزىقىشى مېنى مۇشۇنداق تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدى. كىشىلەرگە بىردەملىك ئەرمەك بولسىمۇ بولالايدىغان ئويۇنچۇق گەرچە جانسىز بولسىمۇ، ئۇ كېرەككە كەلمىسە، يەنى ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتىدىن ئىبارەت شۇ خىل ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى كاردىن چىقسىلا، كىشىلەر چوقۇم ئۇنى تاشلىۋېتىدۇ. ئۇنى ئىككىنچى قېتىم ئىشلىتىدىغانلار ئاساسەن چىقمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئويۇنچۇقنىڭ تاشلىنىپ كېتىشى، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ مەلۇم ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش دەرىجىسىگە باغلىق. مەن بولسام ئويۇنچۇقتىنمۇ تۆۋەن تۇرىدىكەنمەن. مەندە ئادەملەرگە خاس خۇسۇسىيەتلەر،

ئىقتىدارلار بولمىسىمۇ (بۇنى مەن توي كېچىسى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندىم) كىشىلەر مېنى داۋاملىق، خالىغانچە ئىشلىتىدىكەن. كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى نېمىدېگەن رەزىل - ھە! كاردىن چىققان نەرسىنىمۇ تاشلىۋېتەلمەيدىغان، مۇشۇنداق ھەرىكەت ئۆلچىمىنىمۇ ئەخلاق دەپ قارىغىلى بولامدۇ؟ ئەمدى چۈشەندىم: كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى چۈشكۈنلەشكەن، بۇزۇلۇپ كاردىن چىققان رەزىل ئەخلاقكەن!

توي كېچىسى ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە خورلانغانلىقىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، ھازىرمۇ قاتتىق ئازابلىنىمەن. ئادەم ھاياتىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىدىكەن. رەھمەتلىك چوڭ ئانام كىچىك ۋاقتىمدا: «ئادەم ھەرقانچە قىلسىمۇ، ئۆزى يولۇقتۇرغان ئازابلارنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇيالمايدۇ» دەيتتى. كېسەللىك، نامراتلىقنىڭ دەردىنى شۇ خىل كەچۈرمىشلەرگە ئىگە بولۇپ باقمىغان ئادەمنىڭ چۈشىنىشى بەكمۇ تەس بولغاندەك، مەن تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلەرنىمۇ، كۈلپەتلەرنىمۇ كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشى، تەسەۋۋۇر قىلىشىمۇ تەس. مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى نۇرغۇن ئازابلىق ئۆتمۈشلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولسامۇ، توي كېچىسى خورلانغانلىقىمنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايمەن. مەندەك بىر تاشلاندۇق ئادەمگە نىسبەتەن، ئەخلاق دەيدىغان نەرسىنى سۆزلەپ يۈرۈشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. زۆرۈرىيىتى بار دېيىشكە توغرا كەلسە، مېنىڭ مۇشۇنداق بىر رەزىل دۇنياغا ئۇقۇشماستىن تۇغۇلۇپ قالغانلىقىمنىڭ ئۆزىنىلا مېنى مۇشۇ كويلارغا سالغان، دۇنياغا، ھەممە ئادەمگە يىرگىنىدىغان قىلىۋەتكەن ئەخلاق دەپ قاراشقا بولىدۇ. گاھىدا تۇرۇپلا «دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ بىرەر ۋىجدانى كەممىدۇ؟» دەپ ئويلاپ قالىمەن. ئۇلار قىل دېگەن ئىشنى قىلمايدىكەن، قىلما دېگەن ئىشنى بولسا جېنىنىڭ بارىچە قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ھېچنېمىگە يارىمايدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپمۇ نالىلىرىمغا، يالۋۇرۇشلىرىمغا پىسەنت قىلماي، ئۆز ئاجىزلىقلىرىنىڭ تەۋەرۈكى سۈپىتىدە مېنى ساقلاپ قويۇشتى. مەن ئويلايمەن: ئىنسانلارنىڭ داۋاملىق ئويلايدىغىنى ئۆزىنى كۆچلەندۈرۈش، گۈللەندۈرۈش، ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇش. ئاجىزلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئارقىلىق قانداقمۇ كۆچلۈكلەرنى يېتىلدۈرگىلى، ئۇلارنى قوغداپ قالغىلى، ئىرادىسىنى چېنىقتۇرغىلى بولسۇن؟!

ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن ئاجىزلارغا ھېسداشلىق قىلىش نىيىتى بولسا نېمىدەپ ئاجىزلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلمايدۇ؟ ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ تەشنا بولغان نەرسىلىرىنى بەرمەيدۇ؟ مەن ئۆزۈمنىڭ خارلىنىدىغانلىقىمنى بىلىپ، ئاتا - ئانامغا: «مېنى بۇنداق ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلىماڭلار، بۇنداق قىلساڭلار مېنىڭ ئاجىزلىقىم تېخىمۇ چېنىپ قالىدىكەن» دەپ شۇنچە يالۋۇرسام، ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمگە پىسەنت قىلماي، ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسى، ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلىۋەردىغۇ؟ بۇ ئېنىقلا ئۇلارنىڭ مەندىن زېرىككەنلىكى، بىزار بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرمامدۇ؟ ئۇلارنىڭ كاللىسىدا بىرەر مەسىلە بولمىسا، بۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرەمتى؟ شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم: ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىگە قىلىشىۋاتقان بۇزغۇنچىلىقلىرىنى بەزىدە ھايۋانلارمۇ قىلمايدىكەن، ناۋادا مەن ھايۋاننىڭ بالىسى بولغان بولسام ھەرگىزمۇ مۇنچىۋالا ئازابلارنى باشتىن كەچۈرمىگەن بولاتتىم. قىسقىسى، ئادەملەر ئەخلاقىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغان يەرلەرگە ئەخلاقىي ئۆلچەملەرنى قويۇشتىنمۇ ئارتۇق بىمەنىلىكنىڭ بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدىغان ئوخشايدۇ.

ئاتا - ئانامنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن بولغان، مېنىڭ ھېچقانداق ئىختىيارلىقىم بولمىغان توينىڭ ماڭا كەلتۈرگەن چىدىغۇسىز ئازابلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ ھازىرغىچە ياشاپ كەلگىنىمگە مەنمۇ ھەيران. بەلكىم بۇ مېنىڭ ئۆلۈمنىمۇ تاللىيالمايدىغان ئاجىزلىقىمدىن بولغاندۇر. ئادەمگە نىسبەتەن ئۆز تەبىئىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىنمۇ ئارتۇق ئازابلىق ئىش بارمۇ؟ گەرچە ھەممە ئادەم تەبىئىيلىك ئاساسىدا تۆرۈلىدىغان، ياشايدىغان، ئۆلىدىغان بولسىمۇ، مەن تەبىئىيلىككىمۇ ئىگە بولالمىدىم. تويدىن كېيىن يالغۇز مېنىڭ ئادىمىيلىكىملا دەخلى - تەرۇزغا ئۇچراپ قالماستىن، ئادىمىيلىكىمنىڭ ئەرلەرگە بەرگەن ئەڭ مۇھىم ئۆلچەملىرىدىن بىرى بولغان ئەرلىك غۇرۇرۇممۇ قاتتىق دەپسەندە قىلىندى. ئەسلىدە تەقدىر مەندىكى ئەرلىك غۇرۇرنىمۇ يوق قىلىۋەتكەنىكەن. گەرچە ئەر دەپ ئاتىلىپ خوتۇن ئالغان بولسامۇ، ئەرلەرگە خاس بىرەر ھەرىكەتسىزلا، ئۇن - تىنسىز ھالەتتە تورۇسقا قاراپ ياتىمەن. مەن ئالغان خوتۇن مېنىڭ «ئېرىم» ئۇ ئۆزى خالىسىلا ۋە قانداق ۋاقىتنى مۇۋاپىق تاپسىلا، مېنىڭ نالىلىرىمگە پىسەنت

uyghurkitap.com

قىلماي، ئۆزىنىڭ ئىچىرقاپ كەتكەن ھايۋانىي ھەۋەسلىرىنى قاندۇردۇ. مېنى ھايۋاندىنمۇ بەتتەر خارلايدۇ. ئۇنىڭ ئەسەبىيلەرچە قىلىۋاتقان ھەرقانداق ھەرىكەتلىرىگە كۆنمەي ئامالىم يوق. تىنالماي بوغۇلۇپ كەتكەن ۋاقىتلىرىمدا، ئۇنىڭ مېنى شۇ پېتىچىلا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىنى شۇنداق ئارزۇلاپ كېتىمەن. بۇنداق چاغلاردا ئۇ تېخىمۇ كۈچەپ كېتىدۇ. «ئىھ خۇدا، زۇۋانى يوق ھايۋانغىمۇ بەلكىم بۇنچىلىك ئېغىر ئازابلارنى سالماسسەن. بىلمىدىم، مېنىڭ قىلغان قايسى گۇناھلىرىمغا ماڭا مۇنچىلىك ئازابلارنى كەلتۈرىدىغانسەن؟!» ماڭا تەگكەن بۇ ئايال ھەرقانچە بەختسىز بولسىمۇ نېمىدەپ مېنى بوزەك قىلىدىغاندۇ. ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش ھەرقانداق نەرسىنىڭ تەبىئىتىمىدۇ؟! خارلانغان بولسا، بۇرۇنقى ئەرلىرى خارلىغان، ئۆچىنى ئالماقچى بولسا، شۇلاردەك ساق، مۇكەممەل كىشىلەردىن ئالماي نېمىدەپ مەندەك بىر ئاجىز بىچارىدىن ئالىدۇ؟ توي بولغانغا بىرقانچە كۈن بولا - بولماي مۇنچىلىك خارلىدى، كېيىنكى كۈنلەردە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ ياۋۇز، ئىچىرقاپ كەتكەن ئەپتىگە قاراپ بىلگىلى بولىدىغۇ؟ «خېتىڭنى ئال»مۇ دېيەلمەيمەن، ھەرقانچە نومۇسلۇق ئىش بولسىمۇ «خېتىمنى بەرگەن» بولسا - ھە! ئىنسان بېشىغا كەلمەيدىغان نى - نى ئېغىرچىلىقلارغا چىدىغان ئادەم بۇ ئىشلارغا چىدىيالماي قالامتىم؟ تويۋا، قوي مەرىسە، ئېشەك ھاڭرىسا، توخۇ قاقاقلىسا، ئۇلارنى ھايۋان دەپ قارىماي، ئوت، سۇ ۋە يەم - خەشەك بېرىدىغان ئادەملەر نېمىشقا مېنىڭ نالىلىرىمغا پەسەنت قىلمايدىغاندۇ؟ ئەمدى بىلدىم، خۇدامۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاجىز، ئەڭ ياۋاش بەندىلىرىنى بوزەك قىلىدىكەن. خۇدانىڭ ئىچى پۇشۇپ كەتكەندە چۈشۈرگەن بۇيرۇقى نەتىجىسىدە يۈز بەرگەن بۇ ئىشلار مېنىڭ ئادەم بىلەن جەمئىيەت تۈگۈل، خۇدا ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمنىمۇ ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئۇ جۆيلۈپ ئويغانغاندا مېنى ئۇقۇشماستىن يارىتىپ قويغان!

ئادەم ئۆزى يولۇقتۇرغان تۇرمۇش ھادىسىلىرىدىن، باشتىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرىدىن مۇئەييەن چەك - چېگرىنىڭ بۇزۇۋېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلسا، ھېچنەرسىگە پەسەنت قىلمايدىغان، ھېچنەرسىدىن قورقمايدىغان بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ھازىر مەن بىلەن دائىم ئالاقە قىلغۇچى ئۈچ كىشىنىڭ چىرايىدىكى مۇھەببەت، نەپرەت، ياخشى كۆرۈش، يامان كۆرۈش، غەزەپلىنىش، كۈلۈمسىرەش دېگەندەك ھەرقانداق بىر خىل ھېسسىيات ئۆزگىرىشى مەندە ھېچقانداق تەسىر قوزغىيالمايدۇ. ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىنى بىلمەيمەن. مەن تەدرىجىي يوسۇندا پۈتۈنلەي كاردىن چىققان بىر ماددىي جىسىمغا ئايلىنىپ قالدىم. ماڭا نىسبەتەن باشقىلارغا يالۋۇرۇش بىلەن يالۋۇرماسلىق، غەزەپلىنىش بىلەن غەزەپلەنمەسلىك، كۆزىدىن ياش تۆكۈش بىلەن زورمۇزور كۈلۈمسىرەش قاتارلىق ھېسسىيات ئالامەتلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش. باشقىلار مېنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئېغىزلىرىدا دەپ قويغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ماڭا ئادەمگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلمايدۇ، مەندىكى ئادىمىيلىك ئۆلچىمىگە ھەرگىزمۇ ھۆرمەت قىلمايدۇ. ئۆزۈمنىڭ مەندىن ناھايىتى قۇدرەتلىك، ھەرقانداق ئىشتا تايانمىسام بولمايدىغان ئىجتىمائىي توپقا تەۋە بولۇپ قالغانلىقىم، مەندىكى كېرەكسىزلىكنى، كارغا كەلمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. قارىغاندا، مەلۇم بىر نەرسىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي توپقا قېتىلىپ قېلىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجە ئوخشاش بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ناۋادا مەن، مەن بىلەن پەرقى بەكمۇ چوڭ بولغان ئادەملەر توپىغا قېتىلماي، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھايۋاناتلار، ئۇچار قۇشلار، دەل - دەرەخلەر توپىغا قېتىلىپ قالغان بولسام بۇ چاغقىچە ئۆزۈمنىڭ مۇراد - مەقسىتىمگە يېتەلىگەن بولاتتىم (بىز قۇتۇلالمايدىغان تەقدىرنى مۇراد - مەقسەت دەپ ئاتايمىز)، كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ ئاخىرىدا يەتمەكچى بولغىنى ئۆزى تەۋە بولغان توپتىن ئايرىلىپ قېلىش. ناۋادا مەن بىر ئېشەكنىڭ بالىسى بولغان بولسام، مۇنچىۋالا قىينالمىغان، ئۆز ۋاقتىدىلا ھازىرغىچە تىلەپ كەلگەن، ئەمما يېتەلمىگەن مەقسىتىمگە يەتكەن بولاتتىم. ھايات كەچۈرمىشلىرىم ئەڭ ئاخىرى ماڭا مۇنداق بىر سوئالنى سوۋغا قىلدى: مەن كېرەكسىزمۇ، كېرەكلىكمۇ؟! كېرەكسىز بولغان بولسام ئاللىبۇرۇن تاشلىنىپ كەتكەن بولاتتىم، كېرەكلىك بولغان بولسام بۇنچىۋالا ئازابلىق ئىشلارنى باشتىن كەچۈرمىگەن بولاتتىم. چۈشەنمىدىم، مەن قاچانغىچە كىشىلەرنىڭ ئەبەدىي قانمايدىغان ئېھتىياجىنىڭ قولى بولۇپ ياشايمەن؟!



# زوردۇن دادام بىلىشكە ئۈلگۈرمىگەن سىرلار

(ئەسلىمە)

نۇر يۇنۇس

ئاردىن توپتوغرا ئىككى يىل ئۆتتى. ماتېرىياللىرىم ئارىسىدا كونىرىغان بىر دەستە ئەسلىمە پات - پات قولۇمغا چىقىپ قالغىنىدا يۈرىكىم جىغىلدايتتى. نېمىشقىدۇر كۆڭلۈمدىن كەچكەن تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل سېزىم مېنى شېئىر يېزىشقا ئۈندەيتتى. قەبرىستاندىن قايتىپ كەلگىنىمدە ياكى ئۇنى چۈشەپ ئويغانغىنىمدا باشلىنىدىغان خىيال، شۇ چەكسىز خىيال ھاياتىمنىڭ مەنىلىرىنى ئۆزىگە يوشۇرغان بولاتتى... بىراق شېئىر بىلەنمۇ ئىپادىلەپ بولغىلى بولمايدىغان ئاچچىق ھاياجان چۇلغۇغان دىلىمدا بىر ئىسىم ئەكس سادا بىلەن پارتلايتتى. «دادام!» ياق، ئۇيغۇرنىڭ سەلتەنەتلىك يازغۇچىسى، مېھرىبان، خۇش چاقچاق، جاپاكەش ئۇلۇغ روھ ئىگىسى زوردۇن سابىر!

مەن ئۇنى سېغىنىمەن، رەسىمىگە ئۇزاقتىن ئۇزاق قاراپ ئولتۇرىمەن، كەچمىشلىرىم ئىچىدە ئۇنى ئىزدەيمەن. كىملەرگىدۇر ئۇنىڭ ھەققىدە پاراڭ قىلىپ بېرىشنى ئىستەيمەن. ئاھ، ھايات! ئۆز ھەلەكچىلىكىگە چۆككەن ئادەملەر! ئىخ قاينام! ئۇ شۇ قاينام ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلغان ئەمەسمىدى!؟ ئۇ ھەققىدە ئۇزاقتىن - ئۇزاق سۆزلىگۈم، ئاجايىپ يادنامىلەرنى يازغۇم كېلىدۇ. كۆرگەن چۈشلىرىمنى پۈتكۈل ئۇيغۇرغا دەپ بەرگۈم، تەبىر سورىغۇم كېلىدۇ. بۈگۈندىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ئۇنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كېلىپ بىر چۈش كۆردۈم... «ماڭا دورا ئەكېلىپ بەر، ئۆگزىگە چىق!» دەيتتى ئۇ ئاق رەخت ئىچىدە ئېڭىكى چېتىقلىق ھالدا. ئۆگزە بەك ئېگىز ئىمىش، يامىشىپ چىقىدىغان بىرنەرسە ئىزدەپ تېپىرلاپ يۈرگۈدەكمەن، خىيالىمدا ئۆگزىدە ئۇنىڭ كېسىلىگە شىپا بولىدىغان بىر تال چېچەك بارمىش. ئۇنى ئېلىپ چۈشسەملا ساقايغۇدەك. بىراق چېچەككە قول ئۇزىتىپ تۇتاي دېگەندە پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكۈدەكمەن. ئويغىنىپ بوغۇزۇمغا كەپلەشكەن يىغىنى يۇتۇۋېتەلمىدىم. ئۆستەڭ بويىدا يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈپ قوي بېقىۋاتقان يىرتىق كىيىملىك بىر بالا ئېسەڭگىرىمەكتە. قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنى دائىملا سىمىلداپ يامغۇر ياغىدىغان قارا قۇرۇم تېغى ئېتىكىدىن ئايرىيدىغاندەك، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ سىرلىق تاغ ئېتىكىدىن مەڭگۈگە خوشلىشىدىغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قوياتتى. ئۇ گويا يامغۇرنى ئاسماندىن ئەمەس، بەلكى تۇپراقتىن تۆكۈلۈۋاتقاندەك، بۇ خىلۋەت زېمىننىڭ كۆز يېشىدەك ھېس قىلاتتى. ئاردىن ئون نەچچە يىل ئۆتكەندە يامالىق تېغىنىڭ ئېگىز چوققىسىدا تۇرۇپ سانسىز بىنالار ئىچىدىن ياش تۆكۈۋاتقان زېمىننى ئىزدەيتتى، بىراق

uyghurkitap.com

تاپالمايتتى. ئۇنىسىز ۋە ئاستا شۇئرلايتتى!
يىغلىما ئەگۈز! كۆزۈڭنى ئەمدى ياشلىما!
سېنىڭ ئورنىڭغا ھەقىقىي ياش تۆكىدىغان،
قەلبىدە سېغىنىش يېشىنى مەخپىي ئاققۇزىدىغان
پەرزەنتىڭ سېنى ئىزدەمەكتە، دېگەندەك بىر ئۈن
كۆتۈرۈلەتتى.

يەنىلا بىر بالا ئۆستەڭ بويىدا مامىكاپ ئىزدەپ يۈگۈرەيتتى. ئۇنىڭ شىپالىق ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ كەلگۈسى گويا ئۆتمۈشكە ئوخشاش ئېنىق ھەم ياشاپ بولغاندەك كونا ئىدى. ئۇ ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ بىر تال شىپالىق چېچەكنى ئىزدەپ يۈرمەكتە ئىدى...

## كۈندىلىك خاتىرەمدىن پارچە (1)

1998 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى.

كېچە بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە ياتاق ئۆيۈمنىڭ ئۆگزىسى ئېشىلىپ كەتكۈدەك. جان قاقشىتىدىغان ئىسسىق ھەم كۈچلۈك قۇياش نۇرى بېشىمغا تىك چۈشۈپ ھالىمنى قويمايتتى. تاملار يېرىلىپ ئۆرۈلۈۋاتقۇدەك، بىنانىڭ ئەتراپىدا شۇنداق كۆپ ئادەملەر توپلىشىپ شۇئرلىشىپ يۈرگۈدەك. ئۇلار مېنىڭ ئۆگزىسى ئېشىلىپ كەتكەن ئۆيۈمگە قاراپ ھەيران قېلىشىۋېتىپتۇ. ئادەملەر توپى ئارىسىدا لىگەندە پولۇ كۆتۈرۈپ يۈرگۈدەكمەن... غەلىتە بىر تۇيغۇ بىلەن ئويغىنىپ دەككە - دۈككە بولدۇم. كونىلارنىڭ چۈشكە بەرگەن تەبىرىدە «ئۆگزە ئۆرۈلۈپ كېتىپ چۈش كۆرسە - ئاتا - ئانىسىغا ياكى يۇرت كاتتىسىغا خەتەر يېتىدۇ» دېگەندەك مىش - مىشلىرىنى ئويلىدىم - دە، ياشىنىپ قالغان ئانامنى بىرنېمە بولدىمىكىن دەپ ئەنسىرىدىم. لېكىن «چۈش دېگەن بىرىبىر چۈش، چۈشكە ئىشەنگەن ئەخمەقنىڭ ئىشى»، ناۋادا شۇنداق بولسىمۇ پىشقان قوغۇن ساپىقىدا تۇرمايدۇ. بالىلىق قەرزىمنى ھەرھالدا ئادا قىلدىم، ئارماندا قالمايمەن...» دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم.

خىزمەتكە كېتىۋېتىپ يولدا ئۇچراپ ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراۋاتقانلارغا بىپەرۋا تىكىلىپ مېڭىۋەردىم. قۇياش، ھاۋا، ئەتراپ باشقا كۈنلەردىن پەرقلەنمەيتتى. سۈزۈك نۇر، پاكىز ياپراق، ئاخشامقى يامغۇرنىڭ خۇش ھىدى كىشىگە تولىمۇ يېقىملىق تۇيغۇ بېرەتتى. بىغەملىك ئىلكىدە ھەممە نەرسە يولغا پاتماي، كېتىۋاتقان ماشىنىلار لەيلەۋاتقاندەك ئىدى. بىر خىزمەتدىشىم ئۇچراپ پۇتۇمدىن - بېشىمغىچە قاراپ كەتتى ۋە:

- ئۇكامەي، بۇ يەردە ھاڭۋېقىپ يۈرسەنغۇ! ؟ داداڭ ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن ئاشقاندا تۈگەپ كېتىپتۇ! - دېدى.

- خاتا ئاڭلىۋاپسەن، خالىدە ھەدەم كېسەل ئىدى. ئۇ دېگەن ئۇدۇل قوشنا، قوشنىمىز تۈگەپ كەتكەن، ئالماشتۇرۇپ ئاڭلىۋاپسەن، - دېدىم مەن.

- نېمانداق ئىشەنمەيدۇ ماۋۇ، ئىدارىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى نامازغا كەتتى. مەن پەتىگە بېرىپ كەلدىم...

ئىچىمدىن «يالغان، چوقۇم يالغان، ئاخشام كۆرۈشكەندە ساق ئىدىغۇ! ؟ ‹مانا مەن دېگەن نوچاڭنى ئەكەل، بىر مۇشت سالسام دۇم چۈشۈپ جان بېرىدۇ. بىراق بۈگۈن ئەزرائىل دېگەن گويتوزا ئىشكىنى خاتا چەكتىمۇ نېمە؟› دېگەنتىغۇ! ، يالغان! » دېگەن ئۈن ئىچىمغا ئېتىپ چىقتى. ئۆزۈمگە سۆزلىگەنچە يەنئەن يولىدىكى يازغۇچىلار قورۇسىغا قاراپ يۈگۈردۈم. يۈگۈرۈۋاتىمەن... كاللامدا ئاخشام ياققان يامغۇرنىڭ، بىرنەچچە كۈنلەر ئالدىدىكى سەۋەبسىز خاتىرجەمسىزلىكىمنىڭ، كېچە كۆرگەن چۈشۈمنىڭ سەۋەبلىرىنى بىرەر قېتىم بۇ شۇم خەۋەرگە يېقىن كەلتۈرۈپ گۇمان قىلمىغانلىرىم قايتا - قايتا ئەكس ئەتتى. تولا چاغلاردا سېزىمىمگە ئىشىنەتتىم، بۇ قېتىم ھەرقانداق بىرنەرسىگە بولغان ئىشىنىش قابىلىيىتىمنى يوقاتقاندىم. كۆز ئالدىمدا بەدەنلىرى كىر پوراپ تۇرغان، كىيىملىرى پىتلاپ كەتكەن، كۆزىدە ھاياتلىق نۇرى ئۆچكەن بىر گۆدەك كوچا - كويىلاردا سەرسان - سەرگەردان بولماقتا... پەيغەمبەر سۈپەت بىر ئاتا ئۇنىڭغا بىر قۇچاق نۇر ھەدىيە قىلىپ ئۇنى يېتىلەپ يىراق - يىراق خاسىيەتلىك جايدىكى بەخت تېگى قۇچىقىغا تاشلىماقتا...

ئۇ يېنىمدا تۇرغاندا، بىز پاراڭلاشقاندا، بىر داستىخاندا تاماق يېگەندە... قىسقىسى، ئۇنىڭ

بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئايرىلغاندا يۈرىكىمدە باش كۆتۈرىدىغان ئاجايىپ بىر خىل پەخىرلىنىش مېنىڭ بويۇمنى ئۆستۈرۈپ قويغاندەك تۇيغۇدا بولاتتىم. مانا ئەمدى يېتىملىك دەردىنى تولا تارتىپ، ئىچ - ئىچىمدىن مېھرىم بىلەن «دادا! » دېگەن بىر ئېغىز سۆزنى دېيەلمەي ئۆتۈپ كەتكەن 24 يىللىق ھاياتىم بىر دەقىقىغە يىغىنچاقلانغاندەك، مەنمۇ ياشاش ۋەزىپەمنى تۈگىتىپ بولغاندەك، پۇت - قولۇم تىترەپ، كۆزۈم قاراڭغۇلاشتى. ھايات ۋاقتىدا «دادا! » دېيىشكە ئۈلگۈرەلمەي قالغانىدىم.

ئۆيگە كىرىشىمگە نالە - پەرياد، يىغا - زار قاپلىغان مۇھىت مېنى ئۆزىگە يەم قىلدى. خەلچەم ھەدەمنىڭ ئۇنى ھەممىنى باستى.

– ۋاي زوردۇن! ئامراق بالاڭ كەلدى. سېنىڭ قانىتىڭ، سېنىڭ ھاساڭ كەلدى. . .

ئۇنىڭ ئامراق بالىسى، ھاسىسى، پەخىرلىنىدىغان قانىتى مەن ئىدىم. بۇ يىغا ماڭىمۇ ياماشتى. گەرچە ئۇن يىللىق دادىلىق بۇرچىنى تەمەسىز، غەرەزسىز ئادا قىلغان بولسىمۇ مەن ئەمدىلەتتىن «دادا! » دەپ ئۈنلۈك دېيەلىدىم! ئۇن يىل ئىلگىرى ئالەمگە سىغمىغىدەك دەرىجىدە خۇشال بولغان بولسام، ئەمدىلىكتە قەلبىمدىكى ھەسرەتنى پۈتۈن دۇنياغا چاچسام بىرەرمۇ كۆلىدىغان ئادەم چىقمايتتى. مانا ئەمدى خۇشاللىق بىلەن ئازابنىڭ ئورنى ئالمىشىپلا ئەمەس، بەلكى ئىككىسىنىڭ چېگرىسىدا گاڭگىرىماقتىمەن. . . چۈنكى مەنلا ئەمەس ئۇ تۇتقان قەلەم، ئۇ سۆيگەن خەلق، ئۇ تاماملاپ بولالمىغان نۇرغۇنلىغان ئېسىل ئەسەرلەر يېتىم قالغانىدى! شۇ تاپتا باغرىمنى ئۆرتەپ كۆزۈمدىن چىقىۋاتقان سۆيۈقلۇقنىڭ قان - زەرداپ ياكى ياش ۋە ياكى جىسمىمدىن ئېرىپ چىقىۋاتقان ئازاب سۈيى، ياكى نېرۋامدىكى قاتتىق زەربىدىن بۇزۇلغان ھۇجەيرىلەردىن چىققان گاراڭلىقنىڭ سىرغىشى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. . .

ئۇ مۇز بىلەن چېكىسەينىڭ ئارىسىدا، ئاق خەسىگە ئورىلىپ يېتىپتۇ. جەسەت قويغان تاختىدىن ئېرىۋاتقان مېيىت سۈيى تامچىلاپ نەچچە ئون داسنى تولدۇرۇپ بولدى. ئۇنىڭ يېنىدا يالغۇز ئولتۇرىمەن. تېخى ئاخشاملا قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە پەتىگە كەلگەنلەر بىلەن مۇشۇ ئۆيدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىدىڭىز! پۈتىنى ئورۇندۇققا ئارتىپ ئولتۇرۇپ «ئەزرائىل ئىشىكنى خاتا ئۇرۇپ سالدىمۇ نېمە؟ بىزگىمۇ بار، پىچكانى[1] قاتارغا قوشۇۋالسام مەيلىدى، ئالە ئاداش ئالدىغىنىڭنى دەپ ئەزرائىل بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىكىۋېتەتتىم. . . » دېگەنىدىڭىز؟ ! ئۆيىدىن خوشلىشىپ چىققاندا «ئەتە ئەتىگەنرەك كېلەلا، بەي - بەي» دەپ، ئۈزىتىپ قويغانتىڭىز؟ !

ئۆينىڭ ئىچى جىمجىت. مېيىت قويغان تاختىدىن چېپىلداپ تامچىۋاتقان مۇز سۈيى بىلەن ئۈنسىز پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇۋاتىمەن. «. . . گېرگورى، ئاكسىنىيە، ناتالىيە. . . كازاكلار، مەمەت ئاۋاق، ئەلى توكۇر. . . ئاناتولىيە تۈپرىقى، تىنچ ئېقىۋاتقان دون دەرياسى. . . بالام مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئاچ قالغان، شۇنداق چاغلاردا ئۇلار بىلەن پاراڭلىشاتتىم، ئۇلار يېگەن بولكىلارنىڭ پۇرىقىدىن، سۆزلىرىنىڭ ئىشتىھاغا ئارام بېرىدىغان تەمىدىن ھوزۇر ئالاتتىم. ئازابلانغان چاغلىرىمدا ئۇلار ياشىغان ماكانلاردا ئايلىناتتىم. مەن بىر قېتىم ئۆلۈۋالماقچى بولغان؛ ئۇ چاغدا لەنجۇدا ئىدىم، ئاچارچىلىق يىللىرى ئىدى، قورساقنىڭ ئاچلىقىنى رومانلاردىكى تاماق تەسۋىرلىنىدىغان جايلارنى قايتا - قايتا ئوقۇپ باساتتىم، لېكىن ۋەزىيەتنىڭ، دۈشمەنلىرىمنىڭ زىيانكەشلىكىگە بەرداشلىق بېرەلمەي تاغ تۆپىدىن ئۆزۈمنى ئاتىمەن دەپ كۆزۈمنى يۇمدۇم. ھەرقانچە يۇمساممۇ بېشىمغا تاقاشقۇدەك يېقىنلا پارلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ، تاغ ئېتىكىدە يېنىۋاتقان رەڭگارەڭ چىراغلارنىڭ نۇرى كۆزۈمنى قايتا ئاچقۇزدى. مېنى قوينىدا ئۆستۈرگەن، بىلىم بەرگەن، ئاخىرىدا يەنە ئۆلۈۋېلىشقا قىستىغان دۇنيادا مەن تارتىشىدىغان كىتاب، يەنە ئۆگىنىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار ئىدى. پەيلىمدىن ياندىم. ئالدىنقىسىغا «بۇ كۆنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ! » دېگەن جۈملىنى كۆندە يېزىۋالدىغان بولدۇم. . . غەيرەتلىك بول! بىر چاغلاردا سەن ئۇچۇن جېنىنى ئايىمايدىغان

① پىچكا - كىچىك ئوغلىنى شۇنداق دەپ ئەركىلىتەتتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

دوستلىرىڭ، بىر كۈنلەردە ئەشەددىي دۈشمىنىڭ بولۇپ قالسىمۇ يەنىلا بەرداشلىق بەر، كىشىنىڭ نامى يامان غەرەزلىك پەسكەشلەر تەرىپىدىن بۇلغانسىمۇ، بىر توپ ئەخمەقلەر ياشاشقا ئامالسىز قالدۇرغان تەقدىردىمۇ، سېنى بىردىنبىر ئامان ساقلايدىغان، قەدرىڭنى كۆتۈرىدىغان نەرسە ئۆگىنىش. پەقەت ئۆگىنىشلا سېنى مەڭگۈ يېڭىلمەس ئورۇنغا ئىگە قىلىدۇ، بۇ مېنىڭ تەجرىبەم. . . !» ئۇ پىچىرلاۋاتقاندەك، قورسىقىغا قويۇپ قويغان مۇز مىدىرلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. تۇيۇقسىز «دوختۇر خاتا دىئاگنوز قويۇپ، ساق ئادەمنى جان ئۈزدى دەپ ھۆكۈم چىقارغان بولمىسۇن يەنە» دېگەن گۇمان بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى ئاچتىم. قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ، بىلىنەر - بىلىنمەس مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەپ، مەڭگۈ ئويغانقىلى بولمايدىغان ئۇيقۇغا غەرق بولغانىدى. قەلەم تۇتقان قولى قەلەم تۇتۇپ خەت يېزىۋاتقان شەكىلدە يىغىلىپ قالغان بولۇپ، ھەرقانچە كۈچەپمۇ تۈزىيەلمىدىم. دوختۇر - خاتا دىئاگنوز قويمىغانىكەن. كۆز ئالدىمدىكى بۇ ئىشلارنىڭ چۈشۈم بولۇپ قېلىشىنى، دوختۇرنىڭ خاتا دىئاگنوز قويۇشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلدىمكى. . .

. . .   . . .

بۇلبۇل كەلسە كېلەرمۇ؟
قارلىغاچ كەلسە كېلەرمۇ؟
ئۇ ئالەمگە كەتكەنلەر،
ئەمدى قايتىپ كېلەرمۇ؟

. . .   . . .

نەچچە يۈز يىل ئاۋۋال خەلقىمىز شۇنداق بىر ناخشىنى ئىجاد قىلغانىكەن، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندا تەقدىردىن، ئۆزىنىڭ ياخشى كۈتەلمىگىنىدىن ئۆكۈنۈپ، مىڭ يىللىق دەرد - ئەلەمگە چۆمىدىغان چاغلاردا مانا مۇشۇنداق ناخشىلىرىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى ئالدايمىز. گويا ئۇ ئالەمگە كەتكەنلەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە قايتىدىن تۇغۇلىدىغاندەك تۇيۇلىدىغان بۇ دۇنيا ھېچكىم بىلەن دۈشمەنلەشمىسىمۇ، بىرەر تەلەيلىك ئانا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا يەنە بىر زوردۇن سابىرنى تۇغۇپ بېرەلمەيدۇ! بۇ ئۆمرىدە ئاز ھالاۋەت كۆرگەن، ۋاقتى - سائىتى يەتمەي تۇرۇپلا ئۆزىگە موھتاج خەلقىدىن ئايرىلغان ئەربابلىرىمىز ئاز ئەمەس، ھەشەمەتسىز، داغدۇغىسىز ياشاپ، ئۆلۈپ كەتكەندە جىنازىسىنى تالىشىپ كۆتۈرۈپ بىر - بىرىمىزنى دەسسىشىپ، ئالەمچە ماتەمگە چۆمۈشلىرىمىزمۇ كۆپ ئەمەس. «ھايات چېغىدا كۆتۈرەلمىدۇق، ئەمدى بولسىمۇ كۆتۈرۈۋالايلى» دەپ خەلقنىڭ بېشى بىلەن كۆتۈرۈلگەن تاۋۇتنى ئاران ئۇچىغىچىلا سانىيالايمىز: ئابلىز مەخسۇم، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر!

نېمە دېگۈلۈك! ھايات ئۆزى بەرگەن ئىمتىھانلىرىنى ئۆلۈم بىلەن قايتۇرۇۋېلىشقا ھوقۇقلۇق. بىراق. . . بەزىدە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ئىشقا بارىدىغانغا پۇل يوق بىلەتچىنى ئالداپ قويۇپ، نومۇس بىلەن ئەندىشىنى كۆتۈرۈپ ئاپتوبۇستىن ئاران چۈشۈپ ئىشخانىغا كىرگەندە، نەچچە مىڭ سەۋدا بىلەن مالىيە بۆلۈمىگە كىرىپ داۋالىنىش خىراجىتىنى ئاتچوت قىلالماي زەردىگۈش بولغاندا ئېكەكدىلىۋاتقان يۈرەك «ئىسىت زوردۇن سابىر! ئىسىت ۋاقىتسىز كەتكەنلەر. . .» دەپ نىدا قىلىدۇ.

نەچچە كېچە ئۇخلىماي يېزىپ چىققان ئەسەر ئۈچۈن بېرىلگەن، ۋاقتى ئۆتكەن قەلەم ھەققىنى ئالغاندا ئاچچىق كۈلكە بىلەن «ئەسەر يازغۇچە باققالچىلىق قىلسامچۇ» دېگۈمىز كېلىدۇ. . . كىچىك چېغىمدا باغنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان شورا تېمىنى ئاچا ياغاچ بىلەن تىرەپ قويغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ئۇ تام بىرنەچچە يىللارغىچە ئىت كىرمەيدىغان، ئوغرى كىرمەيدىغانغا دال بولۇپ باغنى قوغداپ بەرگەنىدى. ھەر قېتىم قەبرىستانلىقتىن قايتىپ كەلگىنىمدە «شۇنداق بولسىمۇ چىدا، خەلقىڭگە باققال ئەمەس، ساڭا ئوخشاش شورداپ كەتكەن بولسىمۇ ئاچا قويسا كېرەككە كېلىدىغان تام كېرەك. . .» دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىمەن. يېڭى بىر تامنى قوپۇرۇپ بولغۇچە شورداپ كەتكەن تامغا ئاچا قويغان يامان ئىش ئەمەستۇ؟

ئۇنى پات - پات يوقلايمەن، ئاددىي - ساددا يېزىلغان قەبرە تېشىغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىپ ئولتۇرۇپ، «شۇ كۈنى خاتىرەمنى ئېلىپلا بارسام بولماسمىدى؟ ئۇ ھەققىدە يېزىلغان خاتىرە كۈنلەرنى كۆرسىتىۋالسام، كۆرۈۋالغان بولسا بىرئاز يېنىكلەپ قالماسمىدى؟ !» دەيمەن. مانا بۇ كۈندىلىك خاتىرەمدىكى بالىلىق چاغلىرىمنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى.

## خاتىرەمدىن پارچە (2)

«1988 - يىل 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قەشقەر.

ئىچىمگە سىغمايۋاتقان شادلىققا ئىشىنەلمەيۋاتىمەن. كۆز ئالدىمدىن ئەختەم ئاكامنىڭ ھاياجان بىلەن كۈلۈپ ئالدىمغا كەلگەن قىياپىتى، «قەشقەر گېزىتى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان دەرۋازا، «زوردۇنكام سېنى بالا قىلىۋالىمەن دەيدىغۇ، تەلىيىڭ باركەن. . .» دېگەن ئاۋاز پۈتۈن بىر كۈن زادىلا كەتمىدى. تەقدىرىمنىڭ گېزىتخانا دەرۋازىسى ئىچىدىن چېچەك ئېچىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەنمەن. «ئابرال شاماللىرى»، «ئارچا ياپرىقى»، «ئىزدىنىش» قاتارلىق توم - توم كىتابلىرىنى ئانامنىڭ كىرسىن تۈگەپ كېتىدۇ دەپ كايىشلىرىغا پەرۋا قىلماي ئوقۇپ تۈگەتكەن، ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىسىدىن سۈرىتىنى كۆرۈپ ئەيمەنگەن كىشىنىڭ ماڭا «دادا» بولۇپ قېلىشىنىمۇ ئويلىمىغانىكەنمەن. تەقدىر تەرىپىدىن كۆپ خارلانغان 14 ياشلىق بىر گۇدەكنىڭ تۈيۈقسىز كەلگەن ئامەتكە ئىشەنچ قىلالىشى مۇمكىنمۇ؟ تۈنۈگۈن ئەختەم ئۆمەر ئاكىنى ئىزدەپ تېپىشنىڭ ئالدىدىلا چاڭ - توزان باسقان مۇساپىرلىق كوچىسىدا بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق يۈرۈۋاتقان تاشلاندۇق بالا ئىدىمغۇ؟ . . .

ئابلا ئەخمىدى داداشنىڭ ئۆيىدە لىققىدە ئولتۇرغان داڭقى بار يازغۇچىلار ئەختەم ئاكام بىلەن ئىككىمىزنى كۆرۈپ پارىڭىنى توختاتتى. ئەختەم ئاكام:

- بايا سىلىگە دېگەن بالا مۇشۇ زوردۇنكا، - دېدى.

- پاھ، قاراڭلار! مۇنۇنىڭ قوللىرىدىكى قاداقنى، ياخشى، ياخشى (ئۇنىڭ كەيپى چاغ ۋاقىتتىكى ئادەت سۆزى).

باشقىلار قولۇمدىكى يېغىر - قاداقلارنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ ماڭا قېلىن، يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزئەينەكنى ئاستىدىن كۆرۈنىدىغان كىچىك كۆزلىرى بىلەن قىزىقسىنىپ قاراپ:

- نەچچىگە چىقتىڭ؟ (ئۇ يېشىمنى قەشقەر شىۋىسىنى ئاشۇرۇپراق دوراپ سورىدى).

- ئون تۆتكە.

- مەن بالا قىلىۋالاي دەيمەنا سىلىنى، ئۇنىمدا قوياپ قاچاملا يا؟ . . .

مېنىڭ تەقدىرىم ئۆزگىرىدىغاندەك، بۇنداق كاتتا يازغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىدىغاندەك تۇيۇلمايدىغان ئۈمىدسىز كەيپىياتىم ئىچىدە چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بولۇپ قالدىم. تەقدىرىم مېنى تۇيۇقسىزلا چاڭ - توزان باسقان، بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق يۈرىدىغان مۇساپىرلىق كوچىسىدىن پەرقلىنىدىغان يورۇق بىر دۇنياغا باشلاپ كىرگەنىدى. نەچچە ۋاقىتلاردىن بۇيان ئارزۇ قىلغان مەكتەپ، تېخى ئوقۇشقا ئۈلگۈرمىگەن كىتاب. . . دىلىمدىكى مانا بۇ قانماس ئارزۇلارغا بۇ ھۆرمەتلىك زات مېنى ئېرىشتۈرىدىغان بولدى.

4 - ئايدىن باشلانغان سەرگەردانلىق ھاياتىم بۈگۈندىن باشلاپ راستىنلا ئاخىرلىشارمۇ؟ . . .»

«1988 - يىل 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قەشقەر.

بۈگۈن زوردۇن سابىر مېنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا «دادا» دېگۈزدى. ئىچىمدە قانچە قېتىملاپ دېگۈم كەلسىمۇ، تېشىمدا ئۈنلۈك دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم (خاتىرەمگە يۈرەكلىك زوردۇن دادام دەپ يازسام ھېچكىم كۆرمەيدۇ). ئۇنى قەشقەر پەدىسىدە «سىلى» دەپمۇ كىتابى سۆز بويىچە «سىز» دەپمۇ ئاتىيالمايمەن. مېنى ھېيتگاھ بازىرىغا ئاپىرىپ كىيىم - كېچەك ئالماقچى بولۇپ ئۆيدىن چىقتۇق (ئەختەم ئاكام مېنى ئابلا ئەخمىدىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ زوردۇن دادام بىلەن كۆرۈشتۈرگەن). ئابلا ئەخمىدى بىلەن زوردۇن دادام مېنى ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ ماڭدى. مەن خۇددى تويدىن ئۇزاق مەزگىل ئايرىلىپ قېلىپ، ئەمدى ئىگىسىنى تاپقان قوزىدەك ئۇلارغا ئەگىشىپ كېتىۋاتىمەن. ئابلا ئەخمىدى سىپايە كىشى، ئۇ گەپنى بەك يۇمشاق قىلىدۇ.

- زوردۇن، مېنىڭچە، بۇ بالىنى مەن يېنىمدا ئېلىپ قالايمىكىن، يەنىلا مېنىڭ ئۆيۈم مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ، سىلىنىڭ بالىلىرىنىڭ ئەھۋالى ماڭا ئايان. ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن ئائىلىدىمۇ خېلى كۆپ باش ئاغرىقى تارتىپ قالسىلە، - دېدى. زوردۇن دادام بىردەم تۇرۇپ كېتىپ:

- ئۆزۈم ئۇرۇمچىگە بىللە ئېلىپ كېتەي، زېرەك بالىكەن. يېقىندا بىر قىزىم بەختسىزلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى. كەسپىمگە ۋارىسلىق قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. بالا دەردىنى كۆپ تارتتىم. ئۇنى چوقۇم ئوقۇتىمەن، - دېدى.

ئۇلار خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئىختىيارنى ئۆزۈمگە قويدى. مەن كۆپ ئويلاپ كەتمەيلا:

- ئۈرۈمچىدە بىر ئاكام بار، ئەسلى ئۇنى ئىزدەپ ئۈرۈمچىگە بارماقچى بولغان، بىللە كېتەي.

ئۇلار مېنىڭ ئىختىيارىم بويىچە ئۈرۈمچىدە ئوقۇتماقچى بولدى. زوردۇن دادام ئىككىمىز ئابلا ئەخمىدىدىن ئايرىلىپ بازارغا ماڭدۇق. ئۇ مېنى

www.uyghurkitap.com

ھەزىل قىلىپ خىجىل قىلاتتى.

- ئۆزلىرى قاسماقكەنلا نوراخۇن، گەدەن - مەدەن دېگەن كىتزگە تولاپ كېتىپتا، قايلىسىلا، مۇنچا دېگەن نېمىنى بىلمەملا يا؟ سەرراپ دېگەن شۇ ئەمەسما، جۇسىلە سىلىنى سەرراپقا ئاپىراي.

دېمىسىمۇ مۇنچا دېگەننى ئاڭلىغان، لېكىن كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇ مېنى ساقلاپ تۇردى. يۇرتنىڭ ئېرىق - ئۆستەڭلىرىگە بىلىقتەك شۇڭغۇيدىغان مىجەز بىلەن مۇنچا چىقىشالمايدىكەن، بىرنەچچە مىنۇتتىلا چىقىپ بولدۇم. ئۇ ھەيران قالدى ۋە:

- ۋاي، ۋاي، بۇ نېمە ئىش، مۇنچىدا سۇ يوقمىكەن، قارىسام ھۆل تۇرىدۇ، قۇلاقنىڭ ئارقىسىدىكى كىر شۇ پېتى تۇرۇپتىغۇ!- ئۇ نارازى بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈمنى ئاياپ،- بوپتۇ، ئەتە بەربىر يولغا چىقىمىز، ئۈرۈمچىگە بارغاندا خەلچىخان جاجاڭنى بېرىپ تازا پاكىز قىلىۋېتىدۇ - دە، سۆۋەرەك،- دەپ بولدى قىلدى. قەشقەر كوچىلىرىنى كۆپ كۆرگەن، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان، توختىماي يېڭىدىن - يېڭى ھېكمەتلىك پاراڭلارنى قىلىپ ماڭىدىغان بىر يازغۇچى بىلەن ئايلىنىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك. بىز گاھى كېچىلىرى مەن ئىت بىلەن تالىشىپ قالىدىغان دۇكان لەمپىلىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتۇق. مېنىڭ ئۇنىڭغا كۆرگەن كۈنلىرىمنى شۇنداق دەپ بەرگۈم كېلەتتى. لېكىن ئۇنىڭدىن تارتىنىپ ھېچنېمە دېيەلمەيتتىم. سورىغان سوئاللىرىغا ھودۇقۇپ ئاران جاۋاب بېرەتتىم. ئۇنىڭ مېنى گەپكە سالغۇسى، ئىچىمدىكىنى بىلگۈسى كېلەمدىكىنتاڭ، ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى سوراپ گەپكە زورلايتتى. ئېلان قىلىنغان بىرنەچچە پارچە شېئىرىمنى كۆرگەچكە:

- شائىر دېگەن ۋات - ۋات كېلەتتى، گاچا شائىركەنلا ئەمەسما،- دەپ تەكرارلاپ قويattى بەزىدە.

- «ئابرال شامالللىرى»نى قېيۇم تۇردى يازغانما؟ كىتاب ئوقۇساملا ئاپتورىنى ئالماشتۇرۇپ قويىمەن، «ئىزدىنىش» بىلەن «ئارچا ياپرىقى» نىڭغۇ ئاپتورى ئېسىمدە،- دېدىم مەن گەپكە زورلىنىۋېرىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ.

- ئەمدى ئون تۆتكە چىرىپ رومان ئوقۇسا شۇنداق بولدۇيا، زو بوغانسېرى ئېسىدە قالىدىغان بولىدۇ. ئابرال شامالللىرىنى مانا دادىلىرى يازغان.

ئۇنىڭ گەپ - سۆز قىلغان چاغدىكى قىياپىتى خۇددى ئۆزۈم بىلەن تەڭ دېمەتلىك باللارنىڭكىگە ئوخشايتتى. شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا ئەيمىنىش، قورۇنۇش ئىچىدە ئۈن - تىنسىز ماڭاتتىم. گويا ئاۋازىم بەكرەك چىقىپ كەتسە ئاران كەلگەن تەلىيىم ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى. . . »

«1988 - يىل 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈرۈمچى.

بۇ كۈنلەرنى چوقۇم خاتىرىلىشىم، مەڭگۈ ئېسىمدا تۇتۇشۇم كېرەك. قېنى، قانچىلىك يازالىسام شۇنچىلىك يازاي.

ئۈرۈمچىگە كەلگىنىمگە يېرىم ئاي بولاي دېدى. مەكتەپكە قاچان بارارمەن دەپ تىتىلداپ كېتىۋاتىمەن. يالغۇز قالدىم. بابا بالكوندىن قارىسام مەھەللىنىڭ تۆپى ئېتىزلىقكەن، سەھرادىكى قۇياش ئولتۇرغان چاغدىكى پادىلارنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزانغا ئوخشاش سۇس تۇمان سارغايغان كۆز خازانلىرىنى بېسىپ سوزۇلۇپ يېتىپتۇ، بۇرنۇمغا ئانام ئەتكەن سۇيۇقئاشنىڭ پۇرىقى پۇرىغاندەك بولدى. يۈرىكىمدىن سېغىنىشقا ئوخشاش بىر خىل ھاياجان كۆتۈرۈلۈپ كۆزۈمگە ياش كەلدى. بىرئاز ياتسىرىغاندەك بولۇۋاتىمەن. لېكىن مەكتەپكە بارسام چوقۇم ھەممە نەرسە ئۆزگىرىدۇ.

بىز قەشقەردىن يولغا چىققان چاغنى قايتا - قايتا ئەسلەپ چىقتىم. 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئەتىگەندە ئەختەم ئاكام بىلەن ئابلا ئەخمىدى بىزنى ئۇزىتىپ بېكەتكە چىقتى، ئۇلارنىڭ «تەلەيلىك بالا ئىكەن بۇ» دېيىشكەنلىرى قۇلىقىمدا ھازىرمۇ بار. ئۈچ كىشىلىك قاتتىق ئورۇندۇقتا زوردۇن دادام، مەن، مۇتەللىپ سېيىت (مەكىت مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) ئۈچىمىز بىللە ئولتۇرۇپ قەشقەردىن ئايرىلدۇق.

خەير - خوش، سەرگەردان بالىلىق چاغلىرىم ئۆتكەن قەشقەر! ئازابلىرىم، خورلۇق تارتقان چاغلىرىم مەندىن بارا - بارا يىراقتا قالدى. سەپەرگە چىققان بىرىنچى كۈنىمىز شېكەركۆلدە قوندۇق. زوردۇن دادام بىلەن مۇتەللىپ سېيىت پات - پات ئاپتوبۇسنىڭ ئەبجەقلىقىدىن، ئاستا ماڭغىنىدىن، ياتاقنىڭ ناچارلىقىدىن قاقشايتتى. ئۇلار مېنى دەپلا ئايروپىلاندىن ۋاز كېچىپ ئاپتوبۇستا ئولتۇرغان بولغاچقا بىرئاز خىجىل بولدۇم.

ئۈچ ئاچا يول (سانساكۇدا) ئەتىگەنلىك تاماققا توختىدۇق. ئىچىمگە قورقۇنچ چۈشتى.

چۈنكى مېنىڭ تۆت ئايلىق قاچقۇن كۈنلىرىم دەل مۇشۇ قورقۇنچلۇق تاغ باغرىدا ئۆتكەن. بىز دەل مەن ئىشلىگەن ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېدۇق. كەچۈرمىشلىرىمنى ئۇلارنىڭ بىلىپ قېلىشىنى خالىمايتتىم. ئاشخانىدىكى بالا ئىشلەمچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مېنى تونۇيتتى. بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇۋالدىم. ئىككىسىدىن بالدۇر تاماقنى يەپ بولۇپلا ئاپتوبۇسقا چىقىپ مۆكۈۋالدىم. خۇدا ئۇرغۇر بەڭگە قېرى (مېنى ئىشلەتكەن خوجايىن ئايال، ئىچىمدە مىڭنى تىللايمەن) قەيەردىن ئاڭلاپ قالدىكىن، ماشىنا ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرۈپ مېنى ئىزدەۋاتاتتى.

– نۇر ئەلى بالام، قېنى سەن، مېنى ئۇنتۇپ قالدىڭما!

ئۇنىڭ سەت، بوغۇق ئاۋازىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ بېشىمنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكى ئاستىغا تىقىپ بىرنېمە ئىزدىگەن بولۇپ دۈم يېتىۋالدىم. بىرسى دولامدىن تارتىپ ئۆرە تۇرغۇزدى. زوردۇن دادام ھەيرانلىق بىلەن خوجايىن ئايال بىلەن ماڭا قاراپ قالدى. خوجايىن:

– ئۇرۇمچىگە ماڭدىڭما؟ يولدا بارغۇچە سۇ ئىچىپ ئىچەرسەن، ئالە بۇ بەش كويىنى،– دېپ بەش يۈەننى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ھېلىمۇ ياخشى ماشىنا قوزغالدى. ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدىم. قولۇمدىكى بەش يۈەنگە دىققەت قىلغۇدەك مادارىممۇ يوق. ئېسىمگە كەلگەندە زوردۇن دادام ھەيرانلىق بىلەن:

– كىم ئايال ئۇ؟ نېمىدەپ ساڭا بۇ پۇلنى بېرىدۇ؟ چوقۇم بىر گەپ بار،– دېدى.



تىلىم تۇتۇلۇپ قالغانىدى، پەقەت بىلمەيمەن، بىلمەيمەنلا دېيەلىدىم. ئۇلار، مېنى بىرسىگە ئوخشىتىپ قالغان بولسا كېرەك دېيىپ ھۆكۈم چىقىرىشتى. خوجايىن يوللۇق تۇتقان بەش يۈەن كۆچاغا كەلگەندە بىر تۇخۇمچىدا قالدى، بىز تۇخۇمنى ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەيلا ماشىنا قوزغالدى. يولدا كەلگۈچە بولغان تۆت كۈنلۈك جەريان نۇرغۇن كەچمىشلىرىنى ئاڭلاش، دانا پىكىرلەر بىلەن بىر - بىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىش بىلەن ئۆتتى. بىراق مېنىڭ كاللامدا ئاشۇ تاغ ئارىسىدىكى كەچۈرمىشلىرىم قايتىلىناتتى. مېنىڭمۇ زوردۇن دادامغا ئوخشاش بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بەرگۈم، ئوقۇغان كىتابلىرىم ھەققىدە پاراڭ قىلىپ بەرگۈم كېلەتتى. لېكىن مەن جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىدىم، خالاس. نەچچە ئۆتەڭدە قونۇپ ماڭغىنىمىز ئېسىمدە يوق. ماشىنا ھەقىقەتەن ئاستا ماڭدى. زوردۇن دادام پۇشكىننىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئەتراپىدىكىلەرگە تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بېرىپ ھېرىپ قالدى بولغاي، كۆزىنى يۇمۇپ ئارقىغا ئۆزىنى تاشلىدى. قانداق كۈچ ۋەجىدىن شېئىر ئوقۇپ قالدىمكىن بىلمەيمەن. تارتىنىش ئىچىدە پۇشكىننىڭ «. . . غا» ناملىق شېئىرىنى يادلاپ سالدىم (خەزىنە گىرۋەكلىرى» مۇ، «دۇنيا ئەدەبىياتى» مۇ، ئىشقىلىپ بىر كىتابتىن يادلىۋالغانىدىم) .

سورىما مەن نېچۈن غەمكىن بىناۋا،
چېكىمەن شادىمان پەيتلەردە ھەسرەت.
سالىمەن ھەممىگە قايغۇلۇق نەزەر،
نە ئۈچۈن سۆيۈملۈك تۇيۇلماس ھايات.

ئۇ كۆزىنى ئېتىك ئېچىپ:

– ھە، داۋامىنى ئوقۇ، بەلەن ئوقۇدۇڭ،– دېدى. داۋامىنى ئوقۇشقا پېتىنالمىدىم. چۈنكى بۇ مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن شېئىر ئىدى. ئۇ خۇشاللىقىدىن بېشىمنى سىلاپ كەتتى. بىراق بىر ئاز تەنقىد تەلەپپۇزىدا،– نېمىدېگەن مىسكىنلىك بۇ، مۇشتەك تۇرۇپ جەڭگىۋار، روھلۇق شېئىرلارنى يادلىماي. بىر ھېسابتا شېئىر يېزىشتىن ئاۋۋال مۇشۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ. بىراق ھېلىقى خوتۇن نېمىدەپ ساڭا بەش كوي بېرىدۇ؟ بەرىبىرىغۇ بەچچىغەر پۇل كۆچادا قالدى. شۇنىڭغا قارىغاندا ھارام دېگەن ئاسان سىڭمەيدىغان نېمە ئوخشايدۇ.

بىر كۇپلېت شېئىر بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى يەنە ئېچىپ قويدۇم. ئۇ ئايال ھەققىدە سۆزلەپ بېرەيمۇ دېدىم، يەنىلا دېيەلمىدىم. چۈنكى ئۆيدىن قېچىپ كوچىدا تۆت - بەش ئاي يۈرگىنىمنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

بىلسە مېنى باقماي قالامدىكىن دەپ ئەنسىرىدىم. . .

ئىشىك ئۇرۇلدى. قەلەم بىلەن خاتىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتىم.

- ئەتە مەكتەپكە بارىدىغان بولدۇڭ. . . »

«1988 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچى.

ئۇ مېنى ئەتەي قولۇمدىن يېتىلىۋالدىمۇ بىلمىدىم. يەنئەن يولىنى بويلاپ بىز كەلگەن تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. لېكىن ماڭا دەسلەپ كۆرسەتكەن مەكتەپكە ئەمەس، باشقا بىر چىغىر يول بىلەن باشلاپ ماڭدى. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەرزەنتلەر مەكتىپى» دېگەن تاختاينى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئارام تاپتى. ئۇ مېنى بىر ئىشخانا ئالدىدا توختىتىپ قويۇپ كىرىپ كېتىپ بىردەمدىن كېيىن قايتىپ چىقتى. مەكتەپ مۇدىرى مېنى يەنە بىر ئىشخانىغا باشلاپ كىرىپ بولغۇسى سىنىپ مەسئۇلىمىزغا تونۇشتۇردى. سىنىپ مەسئۇلى ماڭا سىرلىق قارىۋەتكەندىن كېيىن:

- سىنىپىمدا ئوقۇغۇچى سانى ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نوپۇسى يوق بالىلارغا مەن كېيىن ئىگە بولالماي قالارمەنمىكىن، - دېدى.

- ئوقۇتۇپ بېقىڭ، زوردۇن ئەپەندىنىڭ دېيىشىچە خېلى ئۆتكۈر بالىكەن. قاملاشمىسا باشقا ئامال قىلارمىز، - دەپ مەجبۇرىي تاڭدى مەكتەپ مۇدىرى. ناتونۇش ساۋاقداش، ناتونۇش مۇھىت ئىچىدە بىر كۈننى هاياجان، هودۇقۇش ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم. . . »

«1989 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى. . .

يېڭى يىلنىڭ بۇنچىلىك داغدۇغىسى بولىدىغىنىنى بۇرۇن بىلمەيتىكەنمەن، مەكتەپمۇ شۇنداق قىزغىن كەيپىياتتا، ئۆيمۇ شۇنداق. بىر - بىرىمىزگە ئاتكرىتكىلارنى سوۋغا قىلىشتۇق. ئۆيگە كېلىپ (زوردۇن دادامنىڭ ئۆيىگە) شۇنچە كۆپ ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ يىغىلىشىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئانام جىنچىراغنى غۇۋا يېقىپ، مەشنىڭ ئالدىدا ئوتسىنىپ ئولتۇرۇپ كىيىم ياماۋاتقاندۇر - هە؟ مەندەك بىر بالىسىنىڭ قەيەردە، نېمە ئىش قىلىپ يۈرىدۇ، نېمە يەپ، نېمە كىيىۋاتىدۇ؟ بولارنى ئويلىغۇدەك هالى بارمىدۇ؟ مېنىڭ ئوقۇۋاتقىنىمدىن، ياخشى شارائىت ئىچىدە ياشاۋاتقىنىمدىن خەۋىرى بارمىدۇ؟ ئەلۋەتتە خەۋىرى يوق. چۈنكى خەۋەر بېرىشتىن قورقىمەن، مەن بىر قاچقۇن، ئانام ئۇچۇن ئېغىر بىر يۈك ئىدىم ئەمەسمۇ؟

ساۋاقداشلىرىمغا، مەكتەپكە، قىسقىسى، ئۈرۈمچىگە خېلىلا كۆنۈپ قالغان بولساممۇ ئاسمىنى كەڭ سەهرايىمنى، شىرغىپ ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاقلىرىنى، قوي - قوزىلارنى ئاجايىپلا سېغىندىم. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، يېڭى يىلنىڭ بۇ يەردىكى داغدۇغىسى كۆڭلۈمدىكى مىسكىنلىكنى كۆتۈرەلمىدى. ئۆتكەندە غۇلجىدىن مەمتىمىن هوشۇر ئاكا كەلگەندە زوردۇن دادام ئۇنىڭغا «ئارزۇ» ناملىق ئۈچ هېكايەمنى بەرگەندى. «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىغا بېسىلىپتۇ. «تارىم»، «شىنجاڭ ياشلىرى» غا ئۇ ئاپىرىپ بەرگەن شېئىرلىرىممۇ ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. زوردۇن دادام هەر قېتىم ئەسىرىم بېسىلغان ژۇرنالنى ئۆيگە ئېلىپ كەلگەندە، دەسلەپتە خۇشاللىق بىلەن ماختىسا، كېيىن بىر تىپىنغا ئالغۇسىز تەنقىدلەيدۇ. بىراق مانا بۈگۈنكىدەك بايرام كۈنلىرىدە ئۆيگە كەلگەنلەرگە، دوستلىرىغا «مەن تەربىيىلىگەن بالىدە بۇ، مانا خېلى ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىۋاتىدۇ» دەپ ماختىنىدۇ. . . ئۇنى بارا - بارا چۈشىنىۋاتقاندەك تۇرىمەن. بالىلاردەك ساددا، غەرەزسىز قىزىقچىلىق بىلەن ئۆزىنى، باشقىلارنى كۈلدۈرۈپ تۇرىدىغان ئاق كۆڭۈل، كۆپ نەرسىلەرنى بىلسىمۇ كىشىگە ئەخمەقتەك تەسىر بېرىدىغان كىشى ئىكەن.

«1991 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى.

كىشى ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى بىر ئامەت. ئۇ مەيلى ئازابلىق بولسۇن، مەيلى شاد - خۇراملىققا تولغان كەچمىشلەر بولسۇن، ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىر قېتىم ئەسلىتىدۇ. يىللار ئۆتتى، خاتىرىلەشكە تېگىشلىك ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلار كۆپ، ئۇنىڭغا چەكسىز مىننەتدارمەن. گەرچە كۆپ ۋاقىتلاردا «پاخپاق غورۇرىڭنى ماڭىمۇ ئىشلىتەمسەن!؟ مەن ساڭا يات ئادەممۇ، توۋا دەيمەن مۇنۇ بالىنى، نېمىدەپ هېلىقى چاغدا مېنى ئىزدىمەيسەن، پالانى ئىشنى نېمىشقا ماڭا دېمەيسەن؟» دېگەندەك رەنجىشلىرى ئاندا - ساندا بولۇپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى هېكايىلىرى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، ئامال بولسا هېچكىمنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلمىسام دەيتتىم. مانا قولۇمدا چاقىرىق قەغىزى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندىم. بىراق شۇنداق تەستە ئۆتكەندىم. ئالىي مەكتەپكە كىرىش

ئىمتىهان نەتىجەم ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ، ئۆلچەمگە ئاران يەتكەنىدى. كۈندە دېگۈدەك مائارىپ نازارىتىنىڭ ئالدىدىكى تامغا چاپلانغان ئېلانىغا قاراپ كۆزۈم تېشىلدى. سىنىپىمىدا مەندىن يۇقىرى نومۇر ئالغانلار يوق بولسىمۇ، بەزىلىرىنىڭ ئىسمىنى، ئۆتكەن مەكتىپىنى كۆرۈپ يىغلىغۇم كېلەتتى. ناۋادا ئۆتەلمىسەم زوردۇن دادامغا يۈز كېلەلمىگەنىنىڭ سىرتىدا يەنە كوچىدا قالاتتىم. تېخنىكومغىمۇ بولسا ئۆتۈپ قالسام دەپ ئارزۇ قىلىپ ئەڭ ئاخىرقى باڭنى كۈتتۈم. خەۋەر يوق. ئىبراهىم قاسىم (شۇ چاغدىكى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى) «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھېكايىلىرىمنى، شېئىرلىرىمنى ئوقۇغانىكەن. بىزنىڭ مەكتەپتىكى سىڭلىسى نازاپەت ئاپپاينىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. «نومۇرى توشىدىغان، تەلىپىمۇ ماس كېلىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېلى كۆپ ئەسەر ئېلان قىلغان مۇشۇنداق بالىلارنى قوبۇل قىلماي كىمنى قوبۇل قىلاتتىڭلار!» دېگەنمىش. ئۇ مېنى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىغا چاقىرتقۇزۇپ كۆرۈشتى.

— مەنمۇ ياش ۋاقتىمدا شېئىر يازاتتىم، ھازىرمۇ قىزىقىمەن، سىزنىڭ يازغان ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇدۇم. تېخىمۇ تىرىشىڭ، ئەمدى يەنە ئۆگىنىدىغان پۇرسەتكە ئېرىشتىڭىز، مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ھالىڭىزدىن مەكتەپ خەۋەر ئالىدۇ،— دېدى. ئۇ ئۆز قولى بىلەن چاقىرىق قەغىزىنى ماڭا بەردى. زوردۇن دادامنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىردىم. خۇشاللىقىمنى، غەلىبەمنى ئۇنىڭغا كۆرسەتكۈم، بىلدۈرگۈم كەلدى. بىراق نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا خەينەن ئارىلىغا تۇرمۇش ئۆگەنگىلى كېتىپتىكەن. نوپۇسۇمنى يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە بېرىشىمغا توغرا كەلدى. بېرىپ كېلىشىم ئۈچۈن زوردۇن دادام بولمىسا كىمگە تايىنىشىم مۇمكىن؟ «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان بىرنەچچە پارچە شېئىرىمنىڭ قەلەم ھەققىنى ئالىمەن دەپ باردىم. ئوسمانجان ساۋۇت، قېيۇم تۇرسۇن (كېيىن ماڭا ئىگىدارچىلىق قىلغان كىشى) لار ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنلىكىمگە خۇشال بولۇشتى. بىراق قەلەم ھەققى بېرىلمىگەچكە ھەممەيلەن يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇشۇپ پۇل يىغىشتى. ئوسمانجان ساۋۇت ئاكا:

— بۇ كۈننى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، كېيىن ئەسلىمە يازسىڭىز قوشۇپ قويارسىز. يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن خۇدا خەزىنىسىنى ئازراق ئاچقان بولسا كېرەك. بىراق چېكىنمەڭ، — دېدى. ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىنمۇ بەك چېھرىدىكى خۇشاللىق، قايىللىق، ئالدىراش يانچۇقلىرىنى كولاپ، قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك تۆكۈشلىرى ماڭا ئېغىر بىر مەسئۇلىيەتنىڭ غۇۋا تامغىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بېسىپ قويدى...»



خاتىرە بەتلىرىمدىكى تاقلا - توققا قۇرلار كۆپ، ھەممىنى يېزىشىمنىڭ مەنىسىزلىكىنى بىلىمەن. يەنە شۇنى بىلىمەنكى، مەن جەمئىيەتكە، ئۇيغۇرغا قەرز، تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقىنى تاجىكنىڭ قېنى بولسىمۇ، بۇ قاننىڭ ھاياتىمغا بەدەل بولۇپ، بۈگۈنگىچە ساغلام ئاقالىشى، يۈرىكىمنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە مۇھەببەت ۋەجىدىن سوقۇپ تۇرۇشى ئەنە شۇ ئېغىر قەرز سەۋەبىدىن! بەزىدە يەلكەمدىن ئېغىر بىرنەرسە بېسىپ تۇرۇۋاتقاندەك، كىملا ئۇچرىسا ئۇنىڭغا يۈرەكلىك قارىيالمايدىغاندەك تۇيغۇدا تەمتىرەيمەن. شۇنداق كەيپىياتتا كېلىپ قالغان چاغلىرىمدا زوردۇن دادام ھايات چېغىدىكى مۇنداق بىر ئىش ئېسىمدىن چىقمايدۇ:

مەكتەپ پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن، ئەينى چاغدا مېنى مەكتەپ قويندىن تارتىۋالغان، ئوقۇش پۇلى دېگەندە كۆسەي بىلەن بېشىمغا سالغان ئانامنى يېنىمغا ئەكېلىپ بېقىش نىيىتىدە ئۇنى قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدىم. ئىدارىمىزدە ئۆي قىس. ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە مائاشى ئەڭ ئاز بۇ خىزمەت ئورنۇم داڭلىق يازغۇچىلار، نامى بار شەخسلەر توپلانغان ئورگان. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرنىڭ مەنىۋىيىتى ئۈچۈن ئۇنىسىز تەر تۆكىدىغان ئاددىي مۇھەررىرلەر، باشلىقنىڭ ھەممە مەخپىيىتىنى

www.uyghurkitap.com

بىلگەنلىكى ئۈچۈن ھاكاۋۇرلاشقان شوپۇرلار، غەيۋەتچى ئاياللار ئارقىلىق ھەممە كىشىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ھېچكىم ئۈچۈن سىر تۇيۇلمايدىغان سوغۇق كەيپىياتلىق ئىشخانىلار، ئىشقىلىپ ھەممە نەرسە، ھەممە خىل ھالەت گەرچە قولۇمدىن قەلەمنى تارتىۋالمىغان بولسىمۇ، يۈرىكىمگە سوغۇق بىر خىل ۋەھىمىنى سېلىپ قويدى. بەزىدە ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان قاراڭغۇ، زەي غېرىبانە ئۆيۈمدە قېنى مېنىڭ غايىلىرىم؟ ئۆگەنگەن ئىنگلىز تىلى، ئۆگەنگەن ئېلېكترونلۇق مېڭە ھەققىدىكى بىلىملىرىم، نەچچە يىل سەرپ قىلىپ ئۆگەنگەن كەسپىم مۇشۇ قاراڭغۇ ئۆيگە، يوقلىمىكەش، خۇشامەت تەلەپ قىلىدىغان باشلىقىمغا، بىرەر قاپ تاماكا ياكى بىرەر تەخسە لەگمەن ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان ناچار ئەسەرلەرنى مەجبۇرىي كۆرۈشكە تېگىشلىپ كېتەرمۇ؟ دەپ ئويغا چۆكۈپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېتىمەن. كىمگە، نېمىگە ئاچچىقلىنىشنى بىلمەي قالىمەن. ئانام بولسا ئۆزىنىڭ بۇرۇن قىلىپ قويغان تاش يۈرەكلىكى ئۈچۈن سەدپارە بولۇپ مەن ئۈچۈن پايپېتەك بولىدۇ. ئۆي ئىجارىسى ئۈچۈن، بىرنەچچە جاننى بېقىش ئۈچۈن بىرنەچچە يۈز كوي مائاش ئەلۋەتتە يەتمەيدۇ. بىر كۈنى زوردۇن دادامنىڭ ئۆيدە نامدارلاردىن بىرنەچچىسى پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ مېنىڭ تارتىۋاتقان جاپالىرىمغا ئېچىندى. بىرەيلەن:

– ئاجايىپ ئەخمەق ئىكەنسەن، ئاناڭ سېنى ئەينى چاغدا باققان بولسا، ھېچبولمىسا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان چاغلىرىڭدا پۇل ئەمەس، بىرەر پارچە خەت يېزىپ قويغان بولسىمۇ مەيلى ئەكېلىپ باقساڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر سېنىڭ مائاشىڭمۇ چاغلىق. سۇندۇكنىڭ ئۆزى بولۇپسەن. سۇندۇك ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە پۇتۇم بىلەن يۆلەيمەن دەپ ئىنچىكە پۇتلىرىنى ئاسمانغا قىلىپ، ئوڭدىسىغا يېتىپ خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىكەن. نېمە دېگىنىڭ ئەمدى، قېرىپ قالدى، ھايات چېغىدا بېقىۋالاي، كېيىن پۇشايمان قىلمىغىن، دەيسەن. ئاۋۋال ئۆزۈڭنى ئويلا. . .

– بۇنىڭمۇ ئويلىغىنى باركەن، مەيلى، جاپا تارتسىمۇ ئۆمۈرلۈك تارتمايدۇ، تېخى ياش. شۇ جەرياندا تۇرمۇشنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. بىز بار، – دېدى زوردۇن دادام مېنى ئاقلاپ. راست دېگەندەك، بېشىدا جاپا تارتىپ قىينالغان بولسامۇ، كېيىنچە مائاشقىلا قاراپ ئولتۇرمىدىم. زوردۇن داداممۇ پات - پات غېرىبانە كۇلبىمىزگە كېلىپ ئانامنى يوقلاپ تۇردى. . .

ئۇنىڭ كۈندىن - كۈنگە جۇدەۋاتقىنىنى، چارچاۋاتقىنىنى سېزەتتىم. «ئانا يۇرت» ناملىق ترولوگىيىسىنى يېزىۋاتقان مەزگىللىرى ئىدى. بەزىدە يېزىۋاتقان چاغلىرىدا بېرىپ قالسام ئوقۇپ بېرەتتى. ھاياجان بىلەن ئۆزى ياراتقان پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى خۇددى ئەتراپىدىكى بىرەر دوستىنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىۋاتقاندەك سۆزلەپ بېرەتتى. بىر كۈنى ئۇ مېنى چاقىرتىپ بىللە تېبىبىي ئۇنىۋېرسىتېتقا كۆزىنى تەكشۈرتكىلى ئېلىپ باردى.

– قارىسىلا ئادالەتخان (ئادالەت قاسىمنى دېمەكچى) كۆزۈم مېنى قېرىدىڭ ئەبلەخ دەيدۇ، ئىتتىنىڭ كۆزى بولدىغۇ بۇ . . . كۆرگىلى بولىدىغان جا كۆز چىققان بولسا بىرنى سېلىپ قويامىلا يا.

– ئىتتىنىڭ كۆزى بولسىمۇ مەيلىمۇ؟

ئادالەت ھەدەمنىڭ ئۇچۇق مىجەزى، زوردۇن دادامنىڭ چاقچاقلىرى ماڭا كېسەللەرنىڭ چۈشكۈن چىرايىنى، داۋالاش ئۆيىنىڭ سۈرلۈكلۈكىنى ئۇنتۇلدۇردى.

– تونۇپ قويسىلا، بۇ مېنىڭ بالام، قانىتىم، ھاسام، – دەپ دولامدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ئادالەت ھەدەمگە تونۇشتۇردى زوردۇن دادام.

– بىلىمەن ھەم تونۇيمەن، سىلەرنىڭ ئۆيدە كۆپ كۆرگەن، – دېدى ئۇ بىرنەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك ۋە:

– ھېلىقى چاغدا ئىجادىيىتىڭىزنىڭ مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەندە سۈرەتكە تارتىپ يۈرگەن غورتەك شۇغۇ.

– شۇ. . .

ئۇلار پاراڭلىشىۋاتاتتى. گەپ مېنىڭدىن يۆتكىلىپ جاھاننىڭ ئىشلىرى، ئادەملەر ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى. ئىچىمدە بىر خىجىللىق ھۆكۈم سۈرۈپ، يەردىن ئۈستۈن قارىيالمىدىم. ئەجەبا شۇ كۈنى بىرەر پارچە شېئىر بىلەن ياكى بىرەر خاتىرە قالغۇدەك بۇيۇم بىلەن تەبرىكلىيەلمىدىم - ھە. غۇلجىدىن، مەكىت، قەشقەردىن، قاراماي. . . دىن تۇياق - تۇياق ئات، گىلەم، مەدھىيە شېئىرلىرى يېغىپ كەتتى. مەنچۇ؟ ئۇ يەنە مېنى قانىتىم، ھاسام دەپ يېنىدا ئېلىپ يۈرۈۋاتىدىغۇ. . . ئۇ مەندىن ھېچقاچان ھېچنېمە تەلەپ قىلمىغان، ھەتتا خەقنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىمنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. . .



بۇنداق كۆرۈنۈشلەر، ئۇچرىششلارمۇ ئون يىل دېگەندە نۇرغۇن بولىدىكەن. ئۇ ھايات ياشىغان، مەن كۆرگەن ئون يىللىق جەريان ئىچىدە مەن بىلمەيدىغان، ھېس قىلمىغان، بىلىشكە، ئۆگىنىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن كۆپلىگەن ھېكمەتلەر ئېھتىمال كېيىنگە قالغاندۇر. بىلىدىغىنىم بىز ئۇنىڭدىن تۇيۇقسىز ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن قانداق ياشاش، قانداق ئۆگىنىش، قانداق ئۆلۈش بولدى.

بىلىمەن، بىزنىڭ روھىي قۇرۇلمىمىز (ئۆزۈمنى ئۇيغۇر دەپ سانايمەن) تەۋەككۈلچىلىك بوسۇغىسىدىن تولىمۇ يىراقلىغان ئىپتىدائىي سېغىنىشقا ھامىلىدار. بۇگۈن بولسا ئۆتمۈشنىڭ قورسىقىدىن تەلتۆكۈس، بېجىرىم تۇغۇلۇپ بولغىنى يوق. زامان ئادەمدىن ياتلىششۋاتامدۇ ياكى ئادەم بۇگۈندىن ياتلىششۋاتامدۇ بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ خىل ياتلىشىش گۇمانخورلۇق كېسىلىنى ھەممىمىزگە ئوخشاشلا ھەدىيە قىلدى. قانداقلا بولسۇن بىز يەنىلا ياشاۋاتىمىز. رەھمەتلىك زوردۇن دادام مۇنداق بىر گەپنى دەيدىغان، «ئادەم مەڭگۈ مىللەت ئەمەس، بەلكى ئەڭ ئاۋۋال ئىنسان، ئۆز ئىنسانلىقىنى، قان بىلەن گۆشتىن تۈزۈلگەنلىكىنى، قانداق ياشىشى كېرەكلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئاندىن مىللەتكە تەۋە. . .» مېنىڭچە، قانداق ياشاش شەكلى كۆرۈنۈشتە ئەمەس، بەلكى روھىي قۇرۇلمىغا قارىتىلغان. روھىي دۇنياسىدا ياشاش، روھىي دۇنياسىدا ئۆلۈش خۇدانىڭ ئەڭ خۇشال چاغلىرىدا ئاز ساندا يارىتقان بەندىلىرىنىڭ تەلىيى بولسا كېرەك. يازغۇچى، بولۇپمۇ ئۆز خەلقىنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، كۈلكىسىنى كۈلەلەيدىغان ھەقىقىي يازغۇچى خۇدانىڭ ئاز يارىتقان بەندىلىرىنىڭ ئىچىدە بولسا كېرەك. زېمىن ئاللانىڭ بەندىلەرگە بەرگەن مۇھەببىتى. ئالەمدىكى بارچە مۇھەببەت مانا بۇ مۇھەببەتنىڭ كۆلەڭگىسى، خالاس. بىز مۇھەببەتلىك زېمىنغا تۇغۇلدۇق، مۇھەببەتتىن ئاپىرىدە بولدۇق. گۇمانخورلىقىمىزغىمۇ، چىدىماسلىقىمىزغىمۇ، ئىشقىلىپ ھەممە قىلمىشلىرىمىزغا گاھ ساپ ئادىمىيلىك ئازابى نەقىشلەنگەن ئەسەبىي مۇھەببەت، گاھ ئىچ كۆيەرلىك بىلەن تولغان شېرىن مۇھەببەت ئارىلاشقان. زېمىندا بىر مۇنار بار. يىراقتىن قارىغاندا ئۇنىڭ رەڭگى كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. كۆرگەن كىشىنىڭ ئۇنى تۇتۇپ كۆرۈپ باققۇسى، تەركىبىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ باققۇسى كېلىدۇ. بىراق خەتەرلىكتەك تۇيۇلىدۇ. گۈزەللىك كۆپ ھاللاردا خەتەرنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ، كىشىنى گۇمانغا سالىدۇ. تەۋەككۈلچىلەر نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى تۇتۇپ كۆرۈپ بېقىشقا ئىنتىلىدۇ. ئاقىۋەت ئۆزى ئەيمەنگەن، قىزىققان، گۈزەل مۇنارنىڭ تەركىبىنى بىلىپ چۆچۈپ كېتىدۇ. تەقدىرنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى، لاي - لاتقىلىرى، كىرەكسىز چىقىرىندىلار توپلىنىپ ھاسىل قىلغان مانا بۇ گۈزەل، رەڭدار مۇنار تەۋەككۈلچىلەرگە ئايان بولىدۇ. ئۇ شۇنداق سوغۇق، قول بىلەن تۇتۇپ كۆرۈپ قانغاندا ئۇ ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ. مانا بۇ قەلب! ئۇنىڭ قىممىتى تەقدىرنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى چىقىۋاتقاندا ياكى رەڭدار مۇنار بولۇپ پۈتۈپ چىققۇچە بولغان جەريانغا مەنسۇپ. بۇ زېمىندىن ئىبارەت مۇھەببەتنىڭ ئۇرۇقى كۆمۈلگەن جاي. ئۇنىڭ قات - قېتىدا لاي - لاتقىغا، كىرەكسىز چىقىرىندىلارغا كۆمۈلۈپ ياتقان مۇھەببەت ئۇرۇقى بار.

بۇ دۇنيادا 61 ياش ئەمەس، 130 ياشقا كىرىپ داغدۇغىسىز ئۆزايدىغان كىشىلەر كۆپ. بىز بۇلارنى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چولپانلىرى دەپ ئاتايمىز. ئۇلار ئالەمدىن ئۆتكەندە پالانچى مۇنچىلىك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن دېيىشىپ، ئۇلارغا ھەۋەس قىلىپ ئەسلەيمىز. زېمىن ئۇچۇن ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىگەن، ئۇنتۇلغۇسىز ئېسىل ئەسەرلىرى بىلەن خەلقىگە ھاياتىنى، ھاياتىنىڭ قىسمەتلىرىدىن بېشارەت بەرگەن ئاتىلىرىمىزنىچۇ؟ ھايات چېغىدا تىنچ - خاتىرجەم ياشىغىلى قويمىغاننى ئاز دەپ، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن گۆرىدىمۇ تىنچ ياتقىلى قويمايمىز. قانداقتۇر «رەسۋا» لىقلىرىنى ئويدۇرۇپ

چىقىرىپ نومۇس قىلماستىن ئەيىبلەۋېرىمىز. ياخشىراق بىرەر ئەسىرى ئېلان قىلىنسا ئەسىرنى ئەمەس، بەلكى شەخسىي تۇرمۇشىدىكى كەچمىشلىرىنى ئۇياقتىن - بۇياققا تارتىپ ھەر خىل ئەپسانىلەرنى توقۇپ چىقىرىمىز. كىشىلىك ھوقۇق چۈشەنچىسى بولمىغاچقا ھايات چېغىدا قىلىپ بولالمىغان غەيۋەتنى ئالەمدىن ئۆتكەندە قانغۇچە قىلىشۋالىمىز. بىز ئاجايىپ ئادەملەرمىزكى، ئاتا - ئانىسىدىن ئالالمىغان ئۆچىنى گۇناھسىز بالا - چاقا، ئۇرۇق - ئەۋلادىدىن ئالىدىغان «پەزىلىتىمىز» بار. ھېچكىمدىن رەنجىگىلى بولمايدۇ. تارىخ، خەلق ئۆزىنى ياراتقان، خاس يول تۇتقان ئادەملىرىگە چوقۇم ئۆز سەھىپىسىدىن بىر بەت ئاجرىتالايدۇ، گەرچە كېچىكسىمۇ. ناۋادا ئەقىللىق تەۋەككۇلچىلەر داۋاملىق رەڭدار مۇنارنى كۆرۈشنى، تەركىبىنى ئاختۇرۇپ بېقىشنى خالىسا بۇنداق ئىغۋاگەرچىلىك ئازلىغان بولاتتى.



شۇنداق بىر مەسئۇلىيەت قەلەمكەشلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. بىزدە پەيلاسوپ ئېلگىرى بولغان، ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ بولۇشى كېرەك. يازغۇچى بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى پەيلاسوپ بولۇش. بۇ مۇشكۈل، تۇغما تالانت بىلەن قەلەم تۇتۇۋاتقانلار كۆپ سانني ئىگىلەيدۇ. بىراق پەلسەپىدىن تولۇق خەۋىرى بارلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ خەلقنىڭ سەۋىيىسىدىن ھالقىش باسقۇچىغا يەتكەنلىرى تولىمۇ ئاز. خەلقنىڭ ھازىرقى تەلىپىگە، ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىغا ماس يېزىلىۋاتقان ئەسەرلەر قارشى ئېلىنىۋاتىدۇ. چوقۇم مەنىۋى تەلەپنى قاندۇرۇشتىن سىرت، خەلقنى پەلسەپىۋى قىممىتى بار ئەسەرلىرىمىز بىلەن يېتەكلەش بۇ ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ مەجبۇرىيىتىمىز. گەرچە تۇرمۇش بىزگە ئېغىر يۈك ئارتسىمۇ، جەمئىيەت ئىقتىسادىي بېسىم تۈپەيلى پۇلنى كۆزىمىزگە ئوت كۆرسىتىپ، باققاللارغا، ناۋاي، قاسساپلارغا ھەۋەس قىلدۇرسىمۇ، بىر توپ ئەخمەقلەر ياشاشقا ئامالسىز قالدۇرسىمۇ باش ئەگمىسەك بولاتتى. بۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىلى سۈپىتىدە زوردۇن دادامنىڭ جان ئۈزۈشتىن بىرنەچچە سائەت ئاۋۋاللا باشلىغان، تاماملاشقا ئۈلگۈرەلمىگەن مۇنۇ ھېكايىسىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنىمەن.

## *كەنجى ئوغۇل*

*(ھېكايە)*

*زوردۇن سابىر*

*. . . دادام ھەر كۈنى چۈشۈمگە كىرىدۇ، چۈشۈمدە قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، يۈزلىرىنى قويۇق قورۇق باسقان، كىچىككىنە كۆزلىرىگە قانچە قارىساڭمۇ خۇشاللىقتىن ئىزنا كۆرۈنمەيدىغان دادامنىڭ سوغۇق چىرايىنى كۆرىمەن، مانا ئون ئىككى بالا ئۇرۇمچىنىڭ چېتىدىكى بىر يارغا يۆلەپ ياسىغان كىچىككىنە ئۆيدە قىستىلىشىپ ياتىمىز، بىز دېھقان بالىلىرى، ئازادە ئۆيلىرىمىز، خۇش ھاۋالىق باغلىرىمىز بىلەن خوشلىشىپ بۇ كاتتا شەھەرگە بەخت ئىزدەپ كېلىشكەن بەڭۋاشلار. بەخت نەدە، ئۇ قانداق نەرسە؟ بىز تېخى ئۇنى بىلمەيمىز. ياڭپىڭچىلىق قىلىدىغان ئىككى دوستۇم چەت ئەللىكلەرنى ئالداپ تاپقان پۇلغا بىر كېچە ئېسىل مېھمانخانىدا يېتىپ گۈزەل قىزلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىپتۇ، بۇ بەختمۇ؟ باشقىلار ھەئە دەيدۇ، مەن ياق دەيمەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر مەنلا تولۇق ئوتتۇرىنى ياخشى تۈگەتكەن، ئەدەبىيات ھەۋەسكارى بولغىنىم ئۈچۈن نۇرغۇن كىتاب ئوقۇغانمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بەختنىڭ نېمىلىكىنى بىلىمەن - دە! گېرمانىيە پەيلاسوپى شوپىن خائىر ئاياللار ھەممە بەختسىزلىكنىڭ مەنبەسى دېگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن «ياق» دەيمەن. مانا ھازىر يېرىم كېچە، ئۇيقۇم قاچتى، ئورنۇمدىن تۇرۇۋېلىپ ئۇلۇغ شائىر نەۋائىينى دوراپ شام يورۇقىدا خاتىرە يېزىۋاتىمەن، بەخت توغرىسىدا ئويلايمەن، باش قاتۇرىمەن، خىيالىمغا زادىلا «ئايال» دېگەن ئوبراز كەلمەيدۇ، تۆھپە، پۇل، ساياھەت، ئاغىنە، تىنچ - خاتىرجەم تۇرمۇش. . . مانا بۇلار بەخت دائىرىسىگە كىرسە كېرەك. ئەكرەم جۆيلۇدى، ئۇ «بىر ھەپتىدە تاپقان پۇل، بىر*

كېچىدە تۈگىدى» دېدى، ئۇنىڭدا تولا دېگەن گېپىنى چۈشىدىمۇ تەكرارلىدى، بۇ نەق ئازابنىڭ ئالامىتى. . . پاھ، بۇ ئۆي نېمانچە دىمىق، سېسىق، ئىشىكنى ئاچساڭ زەھەردەك سوغۇق، ياپساڭ ئون ئىككى ساغلام تەندىن چىققان سادا، پۇراق ۋە ھارارەت بىلەن ھۇجرا ھاۋاسى بۇلغىنىۋاتقان. ئىسسىت ئۆيۈم، ئاپام بىچارە چوڭ سارايغا يۇمشاق كۆرپە، ماموق ياستۇق، تاۋار يوتقانلار بىلەن ئورۇن سېلىپ، كېيىم ئالماشتۇرغىن دەپ چىرايلىق قاتلانغان كىيىملىرىمنى بېشىمغا قويۇپ قوياتتى، يالغان ئۇخلىۋالسام دادامۇ ئاستا كىرىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ چاچلىرىمدىكى پاخال، چاۋارلارنى تېرىپ، بېشىمنى سىلاپ قوياتتى. ئۆيىمىز ئازادە، گۈللەر بىلەن تولغان، پاكىز، ھاۋالىق ئىدى، ھەي ئىسسىت، مەن بۇ يەرگە مۇشۇ سېسىق ئۆيدە يېتىپ، ئەتىگەندىن - كەچ كىرگىچە ئىش ئىزدەپ، خەقنىڭ چىرايىغا تەلمۈرۈپ، كىردىن دەسمالغا ئايلانغان كىيىملەر بىلەن دۈم يېتىپ، دۈم قوپۇپ، بەزىدە ئاچ قېلىپ، بەزىدە تىل ئاڭلاپ قىينالغىلى كەلدىممۇ؟ بەخت ئىزدەپ ئېرىشكىنىم شۇمۇ؟ قاسساپلارغا گۆش توشۇشۇپ بېرىمەن، ئۇلگۇجە سەي - كۆكتات چۈشۈرىدىغانلارغا ماشىنىدىن مال چۈشۈرۈپ بېرىمەن، ئاشخانىلاردا يۇندا تۆككەن كۈنلىرىممۇ بولدى، مېنىڭ ئىسمىم ئەزەن قىچقىرىپ قويۇلغان «ئەلى» دىن «ھەي بالا» غا ئۆزگەردى. «ھەي بالا پۇتۇمنى تۇتۇپ قويغىنا!» دەيدۇ تېخى ئۆپكە - ھېسسىپ ساتىدىغان سەت خوتۇن. . .

ئۇنىڭ بۇ ھېكايىسىلا ئەمەس، «44 - قورۇدىكى ئىشلار» ناملىق رومانىمۇ ئاران ئۈچ پىرىم باب يېزىلغان. ناۋادا قەلەم كۈچۈم يەتسە، كېيىنچە بۇ رومانىنىڭ داۋامىنى ئۆز قولۇم بىلەن يازغۇم بار.

قېلىن قار چۈمكىگەن قەبرىلەر ئارىسىدا «مەرھۇم زوردۇن سابىر 1937 - يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان، 1998 - يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن» دېگەن خەتنى ئاران كۆرەلىدىم. ئالەم قار ئاستىدا، مۇڭلۇق ئۇيقۇ ئۆلگەنلەرنىلا ئەمەس، تىرىكلەرنىمۇ يالماۋاتقاندەك، گويا مۇشۇ قار بىلەنلا ھەممە ئىشلار ئاخىرلىشىدىغاندەك تۇيۇلدى. بىراق بۇ بىر تۇيغۇ، خالاس. تالاي قارلار ياغىدۇ، تالاي ئېرىيدۇ. ھايات ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى، قەرزىنى كۆتۈرەلمەيدىغان كۈچلۈكلەرگە ئارتىدۇ.

گېزى كەلسە ئۆزىنىڭ ئەڭ چىرايلىق رەڭلىرى بىلەن مۆجىزانە ئاتا قىلغان ھەممە نەرسىلىرىنى يۈزسىزلىك بىلەن قايتۇرۇۋالىدۇ. بىز ھاياتقا قەرز (خۇددى مەن جەمئىيەتكە، ئۇيغۇرغا قەرز بولغاندەك). بۇ قەرزنى ئازاب - ئوقۇبەت، ئىجاد - ئەمگەك، جاپا - مۇشەققەت، ھەتتا خورلۇق تارتىش، كېسەل بولۇشلار بىلەن قايتۇرىمىز. ئاخىرىدا ئۆز ئۆلۈمىمىز بىلەن تەلتۆكۈس قايتۇرۇپ بولىمىز. ناۋادا ئىككىنچى قېتىم ياشاش پۇرسىتىنى تاللىغىلى بولسا، قانداق ئائىلىدە، قانداق يەردە، قانداق بولۇپ تۇغۇلۇشنى تاللىغىلى بولسا بۇ قەرزنى قايتۇرماق تولىمۇ ئاسانغا توختايتتى. بەلكىم ھاياتقا ئەمگەك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، قەرزنى ئادىل تۆلىگەنلەرنىڭ يۈزى يورۇق بولار، ئۇ قەرزنى ئەمگىكى بىلەن، جاپاسى، قەلىمى بىلەن، تويۇقسىز ئۆلۈمى بىلەن تۆلىدى. لېكىن ئەڭ چوڭ مەنىۋى يوقىتىشنى قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ يوقىتىش ئەقلىمگە چوغ بولغان قىزىق زىخنى سانجىپ، روھىمغا ئايرىلىش ھەسرىتىدىن پۈتكەن ئاجايىپ بىر خىل قۇۋۋەت بېرىۋاتقاندەك ئىدى. كۆپ ھاللاردا ئازاب ۋايىغا يەتمىگۈچە كىشى يىقىلغان جايىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتەلمىسە كېرەك. ئازابنىڭ دورىلىق قىممىتىنى چۈشىنىپ يەتكىنىمدە، ئەمدىلەتىن غەيرەتكە كەلگىنىمگە ھەيران قالدىم. ئېھتىمال بىز ھەممىمىز يەتكۈچە ئازاب چېكىشكە موھتاجدۇرمىز. خۇدا بەندىلىرىنى زېمىن ئۈچۈن، زېمىننى بەندىلىرى ئۈچۈن، بەندىلىرىنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس سەۋدالىرىنى، ئۇرۇش - تالاش، جەڭلىرىنى ئازابلىرى ئۈچۈن ياراتقان بولسا كېرەك ياكى بەندىلەرنىڭ ئازابىنى بىر - بىرىنىڭ مەسخىرىسى ئۈچۈن ياراتتىمىكىن؟

بىزچۇ؟ بىز خۇدانىڭ ئادەملەرگە بەرگەن مۇھەببىتى بولغان زېمىنغا قاندۇرۇپ بولماس تەقەززالىقىنى ياراتتۇق. بۇ تەقەززالىق يازغۇچىغا ھەرقانداق دەۋرلەردىكىدىن كەسكىن، ھەم ئېغىر بولغان تارىخىي يۈكنى ئارتتى. دەۋرنىڭ تامغىسى بېسىلغان مەنىۋى ئېچىرقاش مەسئۇلىيەتچان ئەدىبلەرنىڭ جېنىغا خىرىس قىلىۋاتىدۇ. زېمىن مانا شۇنداق ۋەھىملىك خىرىسنى كۆتۈرەلەيدىغان ئۇلۇغ روھ ئۈچۈن يارىتىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# سۈرەت

(ھېكايە)

ئادىل ئابدۇسالام

ئۆزگىرىش ئۆزگىرىشكە ئەگىشەتتى، رەڭدار تۈسلەر رەڭدار تۈسكە يېپىشاتتى، زامان زاماننى قوغلىشاتتى، يېڭى زامان يېتىپ كېلىۋېرەتتى... بىراق ئادەملەرچۇ؟!...

رەڭسىز بوشلۇقتا بىرنەرسە ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇ پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارغا ئىگە فوتوسۈرەت ئاپپاراتىمۇ، ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىۋاتقان تېلېسكوپقىمۇ ئوخشىشاتتى. ئەمما ئۇنىڭ نېمىلىكىنى، جىمجىتلىقىنى ياكى ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇنىڭ نامەلۇم جايغا ئورنىتىلغان يوغان كۆزى قۇياش نۇرىدا جىمىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى، بۇ كۆزنىڭ كۆككە قاراۋاتقانلىقىنى ياكى تۆۋەنگە تىكىلىۋاتقانلىقىنى؛ شەرققە، غەربكە، جەنۇبقا، شىمالغا... قاياققا نەزەر سېلىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. بۇ كۆزنى ئادەممۇ، تەڭرىمۇ... ئىشقىلىپ نامەلۇم بىر سىرلىق كۈچ ھەرتامان توغرىلاپ تۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئادەملەر چايقىلاتتى، ھايۋانات ـ ئۇچار قۇشلار چايقىلاتتى، گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلەر چايقىلاتتى، نەرسىلەر چايقىلاتتى... دۇنيا چايقىلاتتى... رەڭدار گۈللەرمۇ، قاپقارا لاي ـ لاتقىلارمۇ، گۈلگۈن بوۋاقلارمۇ... بارلىق نەرسىلەر كۆز ئىچىگە كىرىشتۈرمىگەن كىنو لېنتىسىغا ئوخشاش ئارقا ـ ئارقىدىن سىغدىلىپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى، دۇنيا كىچىككىنە بىر كۆز ئىلكىدە تەۋرىنىۋاتاتتى...

دېڭىزلار داللارغا، داللار يېزىلارغا، يېزىلار شەھەرلەرگە تۇتىشاتتى. يۇقىرى سۈرئەتلىك يوللار ئاسفالىت يوللارغا، ئاسفالىت يوللار توپىلىق يوللارغا، تاغلار باغلارغا، باغلار گۈللەرگە، گۈللەر ئادەملەرگە، ئادەملەر چېركاۋ، مەسچىت، ئىبادەتخانىلارغا، ئىبادەتخانىلار قەبرىلەرگە، قەبرىلەر گۈللەرگە، قاغا ـ قۇزغۇنلار... ئالمىشاتتى.

پايانسىز قۇملۇق كۆز ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى. قۇملۇق قۇملۇققا ئۇلىشاتتى. بارخانلار بارخانلارنى بېسىپ كېتەتتى. بارخانلارنىڭ چېتىدە خىلۋەت بوستانلىقلار قارىيىپ تۇراتتى. بوستانلىق ئوتتۇرىسىدا غايەت زور دەريا سوزۇلۇپ ياتاتتى. دەريا ساھىلىدا يېشىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر كىشى قول يۇيۇۋاتاتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلۇغ سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتقان بىر قىزنى كۆرۈپ قالدى. قىز ۋارقىرىمايتتى، ھەرىكەتلەنمەيتتى. پەقەت سۇلا ئۇنى چۆكتۈرەتتى، لەيلىتەتتى. ھېلىقى كىشى جىددىيلىشەتتى. ئەتراپقا ئەلەڭ ـ سەلەڭ كۆز يۈگۈرۈتتى. بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ كىيىمىنى يەشمەستىنلا دەرياغا سەكرىدى. مۇزدەك سۇ ئۇنى قۇچاقلايتتى، ئۇ سۇنى قۇچاقلايتتى. قىز يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ قىزغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن غۇلاچ تاشلايتتى. دەھشەت سۇ ئۇنىڭغا يېپىشاتتى. ئۇنى كۆتۈرەتتى، باساتتى. ئۇ تىركىشەتتى. يىراقلاپ كېتىۋاتقان گەۋدىگە قاراپ غۇلاچ تاشلاپ ئېتىلاتتى. ۋاقىت ئۆتۈۋاتاتتى.

قولنى بىر قېتىم كۆتۈرۈشمۇ ناھايىتى قىيىنغا توختايتتى. ئۇ بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلۇغ سۇ پەسىيەر ئەمەس. دەريامۇ، ساھىلمۇ ئاۋۋالقىدەك... سۇ يۈزىدە بىر - بىرىنى قوغلىشىۋاتقان ئىككى جەسەت ئېقىپ كېتىۋاتاتتى. دەريا ئۇلارنى چۆكتۈرەتتى، لەيلىتەتتى. قورام تاشلارغا زەرب بىلەن ئۇراتتى. قارىغان ئادەم ئۇلارنى بىر - بىرىنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەي، زاماندىن زارلاپ ئۆزلىرىنى دەرياغا تاشلىۋېلىشقان بىر جۈپ بەختسىز ئاشىق - مەشۇقمىكىن دەپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى تونۇمايدىغانلىقىنى، ھەتتا دىدار كۆرۈشۈپ باقمىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەپسۇس، دەريا شاۋقۇنلايتتى. ساھىلدا ئىنسى - جىن كۆرۈنمەيتتى.

دەريا ساھىلىغا، ساھىل يېقىن يېزىغا تۇتىشاتتى. كۆز ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقان يېزىنىڭ توپىلىق يوللىرى بارغانسېرى تارلىشىپ كېتىۋاتاتتى. يول بويىدا سۇۋاقلىرى ئاجراپ كەتكەن كونا مەسچىت چوقچىيىپ تۇراتتى. مەسچىت ئىچىدىكى مېھراپ ئالدىدا ياشانغان بىر كىشى ئولتۇراتتى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خۇداغا دۇئا - تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئۈنسىز - نىداسىز ھالدا خۇدادىن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشنى، يەنە نۇرغۇن - نۇرغۇن نەرسىلەرنى تىلەيتتى. ئېتىقاد ئۇنىڭ روھىنى سۇغا ئوخشاش ئېرىتىپ تېنى ئىچىدە توختاۋسىز شاۋقۇنلىناتتى.

توپىلىق يوللار چىغىر يوللارغا... ئەڭ ئاخىرى ئېتىزلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئۇششاق يول ۋە قىرلارغا، ئاندىن ئېتىز ئىچىدىكى بۇغدايلىق، قوناقلىقلارغا تۇتىشىۋەردى.

— نەگە بارىسەن؟

— ئېتىزلىقتا ئوت ئالغىلى بارىمەن.

— مەنمۇ ئوت ئېلىشىپ بېرەيمۇ؟

— ياق، ئۆيدىكىلەر كۆرۈپ قالسا سەت بولىدۇ.

— كۆرمەي قالسىچۇ؟ — ئوغۇل نېمىگىدۇر خۇشال بولغاندەك ھېجايدى.

— قېلىن تاز، — قىز ئەركىلىگەندەك تىللاپ قويۇپ يولىغا كېتىۋەردى.

ئۇ ئورغىقى بىلەن ئوت خالتىسىنى كۆتۈرگەن ھالدا مېڭىپ - مېڭىپ توپىلىق يولنى ئاخىرلاشتۇردى. ئۇ قىر ئۈستىگە چىقىپ بولغاندىمۇ يەنە ئارقىسىغا قايرىلىپ قاراپ قويدى. ئۇ پات - پات كەينىگە قارىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەيتتى. نېمىدىندۇر ئەنسىرەيتتىيۇ، يەنە ئوغۇلنىڭ كېلىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ بۇنىڭ ياخشى كۆرۈش ياكى ئەمەسلىكىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ قوناقلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ خۇش ياقمىغان ھالدا ئوت ئېلىشقا باشلىدى. «دۆت، لەقۋا تاز... كەلسىمۇ ھېچكىم كۆرۈپ قالمايدىكەنتۇق...» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە. ئەمدى ئۇنىڭ زادىلا ئوت ئالغۇسى كەلمەي قالدى. شۇ ئارىدا قوناقلىق پاراسلاپ قالدى. نېمىدۇر بىرنەرسە شىپىرلاپ كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. قىزنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. تېنىگە تاتلىق تىترەك ئولاشتى. ئۇ ئورنىدا جىملا تۇرۇپ تىۋىشكە قولاق سالدى. تىۋىش بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. قىزنىڭ ھاياجاندىن نەپسى سىقىلدى. ئۇ يۈرىكىنى زورىغا بېسىۋېلىپ ئەتراپقا ئىنچىكىلىك بىلەن قاراشتۇردى. شۇ چاغدا ئىككى مېتىر يىراقلىقتىن بىر لالما ئىت ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بەدىنى بىردىنلا بوشاشتى. ئاچچىقتىن يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئىتقا ئوچۇملاپ توپا ئاتتى. خېلىدىن كېيىن ئۇ ئېسىگە كېلىپ يەنە ئوت ئېلىشقا كىرىشتى. ئۇ ئوتنى شۇنچىلىك تېزلىكتە ئېلىشقا باشلىدىكى، قوللىرىنىڭ ئاغرىشىنىمۇ سەزمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇ ئارىدا قوناقلىق يەنە شىلدىرلاشقا باشلىدى. ئەمما بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

— قانداق، مەن كەلدىم.

قىز چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھېلىقى ئوغۇل قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى ۋە قولىدىكى ئورغاقنى ئاستا تاشلىۋەتتى.

— كەتكىن، — دېدى ئۇ خالىمىغان بىر خىل تەلەپپۇزدا، — باشقىلار كۆرۈپ قالىدۇ. دادام كېلىمەن دېگەن... — قورققىنىدىن يالغان سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى.

— قورقما، مەن تۈيدۇرمايلا كەلدىم، — دېدى ئوغۇل، — داداڭ بۇ يەرگە كەلمەيدۇ. ئۇ مەسچىتكە كىرىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئوغۇل قىزغا يېقىنلاپ كەلدى ۋە قىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى. قىز ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولدى. لېكىن ئوغۇل ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ سۆيۈشكە باشلىدى. قىزنىڭ يۈرىكى چىدىغۇسىز سوقۇپ كەتتى. ئوغۇل بىر قولىدا ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولىدا قىزنىڭ كۆڭلىكىنى ئۆرۈشكە باشلىدى. قىز ئىڭرايتتى. قارشىلىق كۆرسەتكەندەك ھەرىكەت قىلاتتى. ئەمما بۇ ھەرىكەت قارشىلىق ئەمەس، نازلىنىشقا بەكرەك ئوخشاپ كېتەتتى...

- مىدىرلىما، - دېدى ئوغۇل، - قوناق مىدىرلىسا باشقىلار سېزىپ قالىدۇ. قىز تىنچلاندى. كۆڭلىدە «زادى قانداق بولىدىغاندۇ؟» دېگەن ئوي تىنىمسىز قىملدايتتى...

بوۋاي مەسچىتتە يالغۇز قىزى ئۈچۈن خۇدادىن بەخت تىلەۋاتاتتى. قىز بۇنى بىلمەيتتى. دادىسى تىلىگەن بەخت ئۇنىڭ روھىغا يېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئېھتىمال شۇ بەخت مۇشۇ بولسا كېرەك...

كۆرۈنۈش ئالمىشىۋېرەتتى. توزان توزۇپ تۇرغان توپىلىق يوللار كۆز ئىچىگە سىغدىلىپ كىرىۋەردى. يولدا ۋېلسىپىتلىك بىر يىگىت كېلىۋاتاتتى. توپىلىق يول ۋېلسىپىتنىڭ تېزلىكىنى بارغانسېرى ئاستىلىتىپ قويۇۋاتقاندەك قىلاتتى. بىر چوكان توپىلىق يولدا ئۆستەڭ ياقىلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۇستىۋاشلىرى كونا، ئوماق، بودرۇققىنا ئايال ئىدى. ناتونۇش ئىككى ئادەم بىر - بىرىگە بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ئايال پەرۋاسىز ھالدا يىگىتكە قاراپ قويدىيۇ، شۇئان ئوسما قويۇۋالغان تۇم قاشلىرىنى ئىختىيارسىز ھىمىردى، قوللىرى تىترىدى، قۇرغاق لەۋلىرىگە تاتلىق تەبەسسۇم ئولاشتى. يىگىت چوكاننىڭ چىرايىدىكى ئەڭ كىچىك ئۆزگىرىشلەرگىچە كۆرۈپ ئۈلگۈردى. ئۇ چوكاننىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئاڭلاپ بولغاندەك قىلاتتى. ئۇ چوكاننىڭ ئالدىدىلا ۋېلسىپىتنى توختاتتى.

- ئوھو... ئەجەب ئوماقكەنسىزغۇ... ئېرىڭىزنىڭ يېنىغا ماڭدىڭىزمۇ نېمە؟ - يىگىت چاقچاق ئارىلاش ئۇدۇللا سوراۋەردى.

چوكان ئۈندىمىدى.

- بۇنداق قارىشىپ تۇرغىچە تونۇشۇۋالساق بولمىدىمۇ؟ - يىگىت يەنە گەپ باشلىدى.

- ئىسمىمنى ئېيتىپ بېرەيمۇ ياكى سىز ئېيتىپ بېرەمسىز؟

- مەن سىلىنى تونۇيمەن، - دېدى چوكان، - ئۆزلىرى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى.

- كادىر بولسام نېمە بوپتۇ. ئېرىڭىز كادىرنىڭ كۆزىگە قارىما، يۈرىكىڭنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ دېگەنمىدى يا؟... - يىگىت ئۆزىگە يادا بولۇپ كەتكەن گەپلەرنى تەكرارلاشقا باشلىدى. ئۇ شەھەردىن يېزىغا قاتناپ ئىشلەيتتى. خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى يىگىتنىڭ ئۆيىدىن خىزمەتكە بېرىش ياكى خىزمەتتىن ئۆيگە قايتىش سەپىرىدە بۇنداق ئوماق يېزا قىز - چوكانلىرى ئۇچراپلا تۇراتتى. يىگىت بۇنداق ئاياللارنى قانداق ئىندەككە كەلتۈرۈشنى ئوبدان بىلەتتى.

- بەك چىرايلىقكەنسىز، ئېرىڭىزگە زايا كەتتىڭىزمۇ نېمە؟

چوكاننىڭ شادلىقى چىرايىغا تېپىپ چىقتى. ئۇ چاقماق تېزلىكىدە بولغۇسى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئويلاپ چىقىشقا ئۈلگۈردى. ئۇ شۇ ئىشلارنى ئويلاپ تۈگەتتىيۇ، پۈتۈن بەدىنىنىڭ بىر تاتلىق تۇيغۇدىن ئېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ، بۇ خىل سېزىمنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

- مەن كېيۈەزنىڭ ئۈچىنى ئۈزگىلى ماڭدىم، - دېدى ئايال نازلىنىۋاتقاندەك بىر خىل قىياپەتتە، - باشقا كۈنى كۆرۈشەيلى. ئېرىم ئۆيدە بار، كۆرۈپ قالىدۇ.

يىگىت ئايالنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى تەلەپپۇزىدىنلا بىلىۋالغانىدى. ئايال يولنى كېسىپ ئۆتۈپ ياندىكى ئېرىقتىن ئاتلىدى - دە، قويۇق ئۆسكەن كېيۈەزلىككە قاراپ ماڭدى.

يىگىت يولغا ئاستاغىنە قارىۋەتكەندىن كېيىن، ۋېلسىپىتنى يول بويىدىكى ئۈجمىزارلىققا تىقىۋەتتى - دە، كېيۈەز ئېتىزىنىڭ قىرىغا چىقىپ ئەتراپقا قاراشتۇردى. چوكان كۆرۈنمەيتتى. يىگىت ئۈمىدسىزلەنمىدى. ئۇ، ئورنىدا تۇرۇۋەردى. ۋاقىت ئۇزۇن ئۆتمىدى. چوكان بىردىنلا كېيۈەزلىك ئارىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ يىگىتكە قاراپ قويدى - دە، يەنە كېيۈەز ئارىسىغا مۆكۈۋالدى. بۇ قاراش چاقىرغانغىمۇ،

يوشۇرۇنۇۋالغانغىمۇ ئوخشىشاتتى. يىگىت ئايالنى ئالدىبۇرۇن كۆرۈپ بولغانىدى. ئارىلىق 100 مېتىرلا كېلەتتى. يىگىت كېۋەز مىدىرلاۋاتقان جەلپكار نۇقتىغا قاراپ ئۇدۇللا ماڭدى. يىگىت كېۋەز ئارىسىدىكى بوشلۇققا چۆكتى - دە، ئارتۇقچە گەپ قىلماي ئايالنى قۇچاقلىدى.

- ئېرىم ئىككى يىل بۇرۇن بىرسىگە پىچاق تىقىپ قويۇپ تۈرمىگە كىرىپ كەتكەنىدى، - دېدى ئايال ئەركىلەپ تۇرۇپ، - يالغۇز تۇرمۇش ئاجايىپ زېرىكىشلىك بولىدىكەن...

ئۇ شادلىق قايىنىمىغا كىرىپ قالغاندەك ئۇلۇغ - ئۇلۇغ تىناتتى. ئەپسىز هالدا ئوت بولۇپ يانغان يۈزلىرىنى سىلاپ قوياتتى. ئۇ بۇنىڭ ئېرىگە قىلغان تۇنجى قېتىملىق خىيانىتى ئىكەنلىكىنى هېس قىلالايدىغاندەك ئەمەس ئىدى...

كۆز يولدىن يولغا ئالماشتى. يېزا يوللىرى شەهەر يوللىرىغا تۇتىشاتتى. يوللار دوقمۇشلاردا كېسىشەتتى. كۆز هەممە دوقمۇشلارنى سۈرەتكە ئالاتتى. سۈرەتكە ئېلىش توختىمايتتى. ئېگىز - ئېگىز بىنالار بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ كېتىدىغاندەك تېزلىكتە كۆز ئىچىگە سىغدىلىپ كىرىۋېرەتتى. كۆز ئىچىدە ئادەملەر مىغىلدايتتى، ئۇلار بىر - بىرىنى ئىزدىشىۋاتقاندەك ئالدىراش چېپىپ يۈرۈشەتتى. كۆز ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقىنى قايسىدۇر بىر باشقارما باشلىقىنىڭ كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان سۈرلۈك ئىشخانىسى ئىدى. باشقارما باشلىقى سېمىز قورسىقىنى شىرەگە تىرىگىنىچە تاماكىسىنى پورقىرىتىپ چېكىۋاتاتتى. بۇلۇڭغا قويۇلغان يۇمشاق كرېسلودا بىر كىشى قورۇنۇپقىنە ئولتۇراتتى.

- قانداق قىلىمەن باشلىق؟ - دېدى هېلىقى كىشى تولىمۇ بىچارە قىياپەتتە، - ئىككى يىلدىن بېرى چېپىپ يۈرۈپتىمەن. تېخىچە هەل بولمىدى. بۇ قېتىم ئۆزلىرى يەنە بىر ئامالىنى قىلىپ باقسىلا بوپتىكەن...

- هىم، شۇنداقتىمۇ مەن بىر ئۇقۇشۇپ كۆرەي، - باشلىق ۋەزمىن ئاهاڭدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، - ئۆزلىرىمۇ ئەتە كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە بىر بېرىپ كەتسىلە، ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئوبدانراق بىر سۆزلىشىۋالايلى... ماقۇل ئەمسە، شۇنداق بولسۇن... مۇهىم بىر ئىشىم بار ئىدى...

هېلىقى كىشى ئىشىكتىن قورۇنۇپقىنا پۇتىنى ئالدى.

- كەلسىلە، كەلسىلە، ئۆيگە كىرسىلە، هە، ئاشۇ ئىچكىرى ئۆيگە... - خۇدا بۇ باشلىقنىڭ كۆڭلىگە تۇيۇقسىز ئىنساپ ۋە مېهرىبانلىق ئاتا قىلغاندەك قىلاتتى. ئۇ تۈنۈگۈنكىدىن كۆپ مۇلايىملىشىپ قالغانىدى، - هە، مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرسىلا، جىق بىرنەرسە كۆتۈرۈۋالدىلىمۇ نېمە؟

- هە، نەدىكىنى، كۆڭۈلدىكىدەك قىلالمىدۇق ئەمدى... شۇنداق بولسىمۇ كۆڭلۈم، ماڭا جىق ياردەم قىلدىلا، ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلسىلا...

هېلىقى كىشى سومكىسىنى ئېچىشقا باشلىدى. باشلىق ياندىكى ئۆيگە قاراپ ۋارقىرىدى، - هوي خوتۇن، مېهمان كەلدى، چاي تەييارلىغىن.

كۆز تىكىلىپ تۇراتتى، سۈرەتلەر ئالمىشىۋېرەتتى، يېڭى - يېڭى سۈرەتلەر تارتىلىۋېرەتتى.

- هەجەپ ئۈنىمايدىغان بولۇپ كەتتىڭىزغۇ سىز. ئېرىڭىز ئۆيدە يوق ئوخشىمامدۇ، نەچچە كۈن بولدى، تېلېفون ئۇرۇپ سىزنى تاپالمىدىم. قانداق، ئۆيگە بارايمۇ يا؟ - ئەر قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنى كۈتتى.

- ئۈينىمدۇق، قانداق! هازىر ئۈينىۋالمىساق ياشلىق دېگەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. قانداق دېدىم!... سىلىنىمۇ، مېنىمۇ ئانىمىز قايتا تۇغمايدىغۇ، - ئايالنىڭ يېقىملىق ئاۋازى تېلېفوندا ئەكس ئەتتى، ئۇ تېلېفون ئۇرۇۋېتىپمۇ توختاۋسىز ئەركىلەۋاتقاندەك قىلاتتى، - تېلېفوندا سۆيۈپ قويمىسامىمۇ بولار، ئۆيدە كۈتىمەن...

ئەر يۇمشاق كرېسلوغا چۆككىنىچە ئالدىدىكى ئايالنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى. شەپەقتەك چېچىلىپ تۇرغان چاچ، ئاهۇدەك مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆز، ئۈماقئىنە جىلمىيىپ تۇرغان سۆيۈشكە تەشنا لەۋ، پىل چىشىدەك ئاق، نۇردەك هارارەت تارقىتىپ تولغىنىپ تۇرغان سېهىرلىك تەن... ئەر بۇلارنىڭ ئۆزىگە نۇرغۇن قېتىم مەنسۇپ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەلمەيۋاتاتتى، دەرۋەقە بۇ تولىمۇ گۈزەل بەدەن ئىدى. ئۇ ئايالغا

www.uyghurkitap.com

تىكىلىپ قاراۋېتىپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ مېڭىسىگە خىيالسىمان قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى سەزدى.

ئايالنىڭ ئېرى ئۇنىڭ قىيامەتلىك دوستى ئىدى... نېمە دېيىش كېرەك؟!... شۇ قېتىم ئەر دوستىنى ئىزدەپ بۇ ئۆيگە كەلدى.

- ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، - دېدى ئايال يېقىملىق ئاھاڭدا، - ئۇ سىرتقا چىقىپ كەتكەن. ھازىرلا قايتىپ كېلىدۇ.

ئۇ ئۆيگە كىردى. دەل مۇشۇ كىرېسلوغا چۆكۈپ ئۇزۇن ئولتۇردى. ئايال چېپىپ يۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا تۈرلۈك تاتلىق - تۈرۈملارنى تىزدى. ئۇياق - بۇياقتىن پاراڭ سوقتى، ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ خېلى ئۇزۇن كۈتتى. دوستى كەلمىدى.

- مەن قايتاي، ئۇ بۈگۈن كەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ، - ئەر كېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغالدى، - كېلىپ قالسا مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى ئېيتىپ قويۇڭ.

- سەل ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن قاراپ باقاي. ئۇ پەلەمپەيدىن چىقىۋاتامدۇ تېخى... - ئايال يۇمشاققىنە بىر جۈپ كاسىسىنى سېھىرگەرنىڭ ئويۇنچۇقىدەك تولغاپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

ئەر ئورنىدا ئولتۇردى. ئايال مىنۇت ئۆتمەستىن ئۆيگە قايتىپ كىردى ۋە ئىشىكنى «گۈپ» قىلىپ تاقاپ قويدى - دە، ئەرگە قاراپ تاتلىق نازلاندى.

- مەن بىلەن بىردەم ئولتۇرغىڭىز يوقمۇ؟ بەك زېرىكتىم. خاتىرجەم بولۇڭ. ئۇ كەلمەيدۇ. ئۇ ئىككى كۈن ئاۋۋال جەنۇبقا كاماندىرۇپكىغا كەتكەن، - ئايال شۇنداق دېدى - دە، نېپىز كۆڭلىكىدىن ماراپ تۇرغان ئاپلىسىندەك بىر جۈپ كۆكسىنى ئەرنىڭ كۆكرىكىگە باستى. ئەر بىردىنلا سەگەكلەشتى. «ياق، مەن بۇنداق قىلالمايمەن، - دەپ ئويلىدى ئۇ، - بۇ جان - جىگەر دوستۇمنىڭ ئۆيى، ئۇ دوستۇمنىڭ ئايالى...»

- ۋۇ! پەسكەش... - ئۇ ئايالنى كۈچ بىلەن ئىتتەردى، - سەن...

- سەن ئاياللارنىڭ قەلبىنى قىلچىمۇ چۈشەنمەيدىغان ئەركەنسەن، ئىسىت ساڭا... - ئايالنىڭ غەزەپ ۋە تەنە ئارىلاش سۆزلىرى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، - مەن سېنىڭ ھەققىي ئەركەكلىكىڭدىن گۇمانلىنىۋاتىمەن. دوختۇر بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىت توشمىدىمۇ يا؟...

ئۇنىڭ ئايالنى ئۇرۇش ئۈچۈن كۆتۈرگەن قولى بوشلۇقتا قېتىپ قالدى. ئۇ بىرقانچە دەقىقىغىچە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي دوستلۇق بىلەن ۋاپاسىزلىق دوقمۇشىدا تېڭىرقىدى. شۇ دەقىقىلەردە ئۇ تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ ئەركەكلىكىنى ھېس قىلدى، ئەمدى بۇنى ئىسپاتلىماي بولمايتتى. ئەمما ئۇ پۇتلىرىنى يۆتكىيەلمىدى. بىراق ئايال جىق جۈرئەتلىك، جىق تاتلىق ئىدى. ئۇ ئاستا كېلىپ ئەرنى قايتىدىن قۇچاقلاپ سۆيۈشكە باشلىدى. ئەر قېتىپ قالغاندەك ئۇنىڭ قۇچىقىدا مىدىر - سىدىر قىلماي تۇراتتى. خېلىدىن كېيىن چاڭقىغان ئايال قۇچىقىدىكى ھەيكەلنى كۈچەپ ئىتتىرىپ يۇمشاق كارىۋاتقا تاشلىدى - دە، ئۈستىگە مىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ تۈگمىلىرىنى بىر - بىرلەپ يەشتى. ھەرىكەت داۋاملىشىۋاتاتتى. ئايال چىداپ تۇرغۇسىز چىرايلىق ئىدى. ئەمما تۇنجى قېتىملىق بۇ باشلىنىش ئەرنىڭ كۆڭلىگە ئاجايىپ غەشلىكلەرنى قويماقتا ئىدى... ئايال ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، چىشلەپ - چىشلەپ يەۋېتىدىغاندەك ئەرگە بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى... ئايالنىڭ قەلبىمۇ، چۈشەنچىسىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى...

ئەر ھارغىن ھالدا تاماكىسىغا ئوت ياقتى. چۈشەنچە ھاسىل بولغاندەك قىلاتتى. بۇ خىل چۈشەنچە غەشلىككە تولغان بولسىمۇ، يەنىلا لەززەتلىك، ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملىشىۋاتقاندەك ئىدى.

سۈرەتكە ئېلىش داۋاملىشىۋاتاتتى. يۈلتۇزسىز كېچە ئىچىگە سىغدىلىپ كىردى. قاپقارا بوشلۇقتىكى ھىلال ئاي يېتىمسىراپ قالغاندەك قىلاتتى. كېچىلەپ كەلگەن كىشى ئېھتىيات بىلەن ھەشەمەتلىك سېلىنغان ئائىلىلىكلەر بىناسى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ياشىنىپ قالغان بۇ كىشى كارىدوردا خېلى ئۇزۇن مېڭىپ يۈردى - دە، ھېرىپ - چارچاپ كەتكەندەك كۆتۈرۈۋالغان بوغچىسىنى بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە ئىشىككە قۇلىقىنى يېقىپ ئىچكىرىنى تىڭشىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى تىڭشاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئىشىك تۈۋىدە چارەك

ۋاقىت تۇردى. ئاۋاز ئىچكىرىدىن ئەمەس، يۈرىكىدىن چىقىۋاتاتتى. ئۇ ھودۇقۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ۋاقىت يوقلۇققا قاراپ سىلجىۋاتاتتى. ئۇ خېلىدىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئىشىكنى چەكتى.

- ھوي... تاغا، سىزكەنسىز - دە، ئۆيگە كىرىڭ،- ئىشىكنى ئاچقان ياش يىگىت ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. بۇ يىگىت بەك يېقىملىق ئىدى،- قېنى ئىچكىرىگە كىرىڭ.

- رەھمەت... رەھمەت...

كېچىلەپ كەلگۈچى يەردىن بوغچىنى ئالدى - دە، ئەيمىنىپقىنا ئىچكىرىگە قەدەم باستى. ياش يىگىتنىڭ چىرايلىق ئايالى مېھمانغا چاي تەييارلىدى. مېھمان مەقسىتىنى ئوچۇقلا ئېيتالمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە تاقىا - تۇققا گەپلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ ئويان - بۇياندىن گەپ ئاچتى. تەلىيىگە ياش يىگىت ئوچۇق - يورۇق، كەمتەر ئىدى. مېھمان ئاستا - ئاستا قورۇنۇشنى يوقىتىپ ئاخىر مەقسىتىنى ئېيتتى.

- مۇدىر، رەھبەرلىككە كۆپ قېتىم ئىلتىماس سۇندۇم، ئاڭلاشمىدى. 30 يىلدىن بېرى شۇ ئىدارىدە ئىشلەپ كەپتىمەن. ئېغىزىمغا چىش چىقىپ بۇ نەرسىنى ئىلتىماس قىلغىنىمنىمۇ مۇشۇ بىر قېتىم، ئېغىرچىلىقىمنى سالغىنىمنىمۇ مۇشۇ بىر قېتىم بولۇپ قالار. نېمە قىلىشىمنى بىلەلمىدىم، دەردىمگە بىر يەتسەڭلار،- كېچىدە كەلگەن مېھمان مۇدىرنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىن بوغچىسىنى يەشتى - دە، رەڭلىرى تولغىنىپ تۇرغان ئوتقاشتەك گىلەمنى مۇدىرنىڭ ئالدىغا قويدى،- كۆڭۈلدىكىدەك قىلالمىدىم. يېڭى ئۆي تۇتتۇڭلار، كېرەك بولۇپ قالار...

ياش مۇدىرنىڭ بىردىنلا قاپىقى تۈرۈلدى.

- تاغا، نېمە قىلغانلىرى بۇ... سىلىنىڭ ئىلتىماسلىرى يوللۇق. ئەمەلىيەتتىمۇ بىز ھەل قىلىپ بېرىشكە تېگىشلىك ئىشلارغۇ... شۇنىڭغىمۇ مۇشۇنچىلىك قىلىش كېتەمدۇ؟ مەن سىلىنى، سىلىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى ئوبدان چۈشىنىمەن. رەنجىمىسىلە، بۇ سوۋغاتنى قايتۇرۇپ كېتىپ ئۆزلىرى ئىشلەتسىلە. ئەتە ئىشخانىغا كىرسىلە. ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ بېرەي. لېكىن بۇنداق ئىشنى ئىككىنچى قىلمىسىلا.

مېھمان بۇ گەپلەرنى تۈزۈت دەپ چۈشەندى بولغاي، سوۋغاتنى يەنە زورلىدى.

- ئۇكام، شۇنداق بولسىمۇ بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم. يېڭى توي قىلدىڭلار، تويۇڭلارنى ئەلۋەتتە مۇبارەكلىشىم كېرەكقۇ. بۇ ئەرزىمەس نەرسە. قېپقالسۇن، مەن قايتاي.

مۇدىر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

- تاغا، - دېدى ئۇ قاتتىق ئاۋازدا، - مەن كىم؟! سىلە كىم؟! سىلە ئىدارىمىزنىڭ پېشقەدەم كادىرى. ئىدارىمىزنىڭ قۇرغۇچىسى، مەنچۇ؟ مەن تېخى تۇنۇگۈنلا ئالدىلىرىدا ئېغى يوق ئىشتان كىيىپ يۈرگەن كىچىك بالا ئىدىم. مەن سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا چوڭ بولدۇم. ئەمدى ھوقۇق تۇتتۇم دەپ مۇشۇنداق قىلامدىم؟! يەنە كېلىپ سىلى شۇنداق قىلىۋاتامدىلا، سىلىگە ئېيتىپ قوياي، مەن ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ھەرگىز بۇنداق ناچار ئىشلارنى قىلمايمەن. ھازىرلا بۇنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ئەتە ئىشخانىغا كەلسىلە. ئەگەر بۇنى ئېلىپ كەتمەيمەن دېسىلە ئىختىيارلىرى، مەن بىرىنچى بولۇپ شۇ ئىشلىرىنى قىلىپ بەرمەيمەن...

مېھمان ئورنىدىن تۇرۇپ ياش يىگىتنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى،- رەھمەت بالام، رەھمەت، - ياش يىگىت مېھماننىڭ كۆزلىرىگە يىغلىغان ئىسسىق ياشلارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق ئوبدان سۆزنى تاپالمايۋاتقانلىقىنى چۈشەندى - دە، گىلەمنى مېھماننىڭ قولتۇقىغا قىستۇرۇپ مېھرىبانلىق بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. كېچىدە كەلگەن مېھمان يەنە كېچىدە قايتىپ كەتتى.

مۇشۇنداق ئوبدان رەھبەرلىرىمىز زادى قانچىلىكتۇر؟... دەپ ئويلاپ قالدى بوۋاي. شۇ دەقىقىلەردە ئۇ يۈرىكىگىمۇ ئىسسىق ياش تولغانلىقىنى سەزدى. ئۇ، بۇ ياشلارنىڭ شادلىق يېشى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنەتتى.

سۈرەتكە ئېلىش داۋاملىشىۋاتاتتى. يۇلتۇزسىز كېچە كۆز ئىچىدىن غايىب بولۇپ، يېڭى بىر قۇياش سەھەر باشلانغانىدى. كۆز ئىچىگە سىغىلىپ كىرىۋاتقىنى چاقناپ تۇرغان چىرايلىق بوشلۇق ۋە گۈللەرگە، ھەر خىل، ھەر رەڭ ئادەملەرگە، بالىلارغا، ئېيىق، بۆرە، تۈلكە، مايمۇن، شىر، يولۋاس، توخۇ - كەپتەر، غاز - ئۆردەك، قېلىن ئورمان، مېۋىلىك دەرەخ،

www.uyghurkitap.com

شەكىلسىز ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھلارغا تولغان مەنزىرىلىك باغچا ئىشكى چوڭ يولغا، يوللار كىچىك يوللارغا، بۇ يوللار تېخىمۇ كىچىك چىغىر يوللارغا، ئاخىرى بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىكى چوڭقۇرلۇقلارغا تۇتىشىپ كېتىۋېرەتتى. كۆز سۇرەتكە تارتىۋېرەتتى. ئوماق قىزچاقنى يېتىلەپ تار يولدا كېلىۋاتقىنى ئۇنىڭ ياش دادىسى ۋە ئاپىسى ئىدى. بۇ ياش ئەر - ئايالنىڭ قىزىنى تۇنجى قېتىم باغچىغا ئېلىپ كېلىشى ئىدى. ياش ئاتا - ئانا يالغۇز قىزىنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە ئاستا قەدەمدە كېتىۋاتاتتى. ئۇلار قىزىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك، يىراقلارغا تىكىلگىنىچە پەرۋاسىز، مەقسەتسىز قىزغىن پاراڭ سېلىشاتتى. تېلىقىپ كۈلۈشەتتى. قىز ئوڭغا، سولغا، ئالدىغا، ئارقىسىغا قارايتتى. قەپەسلەردىكى ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلاردىن بەكرەك تار يول ھەم ئېرىق بويلىرىدىكى ئورۇندۇقلاردا، گۈللەر ئارىسىدا، يېشىل چىملىقلاردا جۈپ - جۈپ ئولتۇرۇشقان ئادەملەر، سايىلەر قىزچاقنىڭ قىزىقىشىنى ئاشۇرۇۋاتاتتى. قىزچاق ئۇلارغا - بويۇنلىرىغا گىرە سېلىشىپ بىر - بىرىنى چىڭ قۇچاقلاپ يېتىشىۋاتقان، سۆيۈشۈۋاتقان، ئولتۇرۇشقان قىز - يىگىت، ئەر - ئاياللارغا قارايتتى. ئەجەبلىنەتتى، ھەيران بولاتتى، قىزىقاتتى. قارىغانسېرى بىر چاغلاردا ئاپىسىنىڭ ئۆزىگە نان چايناپ ئېغىزلىرىدا يېگۈزۈپ قويغان ھالىتى ئېسىگە چۈشتى - دە، «چوڭلارمۇ بىر - بىرىگە قول ئىشلەتمەي ئېغىزلىرىدا نان چايناپ بېرەمدىغاندۇ؟» دېگەن سوئال ئۇنى تىنچسىزلاندۇردى. ئۇ قارايتتى، ئويلايتتى. سوئاللىرىغا جاۋاب تاپالمايتتى.

قىزچاق سۆرۈلۈپ قالغاندىلا ياش ئاتا - ئانا قىزىنى ئېسىگە ئالدى.

- كۆتۈرۈۋالايمۇ قىزىم؟- دەپ سورىدى ئاپىسى،- داداڭ كۆتۈرۈۋالسۇنمۇ؟

قىزچاق ئۆزىنى ئەجەبلەندۈرگەن سوئالنى ئاخىر ئاتا - ئانىسىدىن سوراشقا مەجبۇر بولدى.

- ئاپا، ئۇلار نېمە قىلىشىۋاتىدۇ؟ ! . . .

ياش ئەر - ئايال تەڭلا قىزى كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. ئۇلاردىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا چىرايلىق كىيىنىۋالغان بىر جۈپ قىز - ئوغۇل بىر - بىرىگە شۇ قەدەر چىرمىشىپ كەتكەنىدىكى، ئۇلار بۇ دۇنيادا ئۆزىدىن باشقا مەۋجۇداتلارنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك، ھەتتا يېنىدا بومبا پارتلىسىمۇ سەزمەيدىغان ھالەتتە ئاچ كۆزلۈك بىلەن شۇنداق تاتلىق سۆيۈشۈۋاتاتتى. ئۇستى - ئۇستىلەپ پارالىېل چۈشۈشكەن بۇ بىر جۈپ تەن شۇ قەدەر پاك، ئىپتىدائىي، ياۋايىلارچە قوشۇلۇپ كەتكەنىدىكى، خۇددى ئاستىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ھارارەت ئۇلارنى چىدىغۇسىز قىزدۇرۇۋاتقاندەك ھاسىرايتتى، ئاھسىناتتى، تەۋرىنەتتى. . .

ياش ئەر - ئايال ئاشىق - مەشۇقلاردىن كۆزىنى ئۈزۈپ ئاۋۋال بىر - بىرسىگە، ئاندىن قىزىغا قارىدى. قىزچاق ئۇلاردىن جاۋاب كۈتۈۋاتاتتى. ياش ئەر - ئايال دەماللىققا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىشتى. شۇ ئارىدا ئايال ئېغىز ئاچتى:

- بۇ ھايۋاناتلار باغچىسى قىزىم، ئۇلار ھايۋانلارنى دوراۋاتىدۇ. بۇنى چوڭ بولغاندا بىلىپ قالىسەن. . .

ياش ئانىنىڭ جاۋابى شۇ ئىدى. يەنە نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ !

ئەر - ئايال ئالدىغا قاراپ مېڭىشتى. قىزچاق ھېلىقى قىز - ئوغۇلغا بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، نېمىگىدۇر قىزىققاندەك چىرايىنى غەلىتە پۇرۇشتۇرۇپ قويدى - دە، ئاتا - ئانىسىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. يېتىشىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى. ئاپىسىنىڭ جاۋابى ئۇنى قانائەتلەندۈرەلمىگەندەك قىلاتتى. قىزچاق قاراۋېرىپ ئۇنىڭ كىشىنى ئىنتىلدۈرىدىغان، مەھلىيا قىلىدىغان، ئۇنتۇلماس بىر قىزىقارلىق كۆرۈنۈش ئىكەنلىكىنى ناھايىتى غۇۋا ھېس قىلغاندەك بولدى. دەرۋەقە ئۇنىڭ مېڭىسىدە ھەيرانلىق چۈشەنچىگە ئالمىشىۋاتقاندەك، چۈشەنچە ئاستا - ئاستا چوڭقۇرلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. . . ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن كىشىلەر چىرايلىق قىزنىڭ كېلىشكەن يىگىتنى قولتۇقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. . .

ئۆزگىرىش ئۆزگىرىشكە ئەگىشەتتى. رەڭدار تۇسلەر رەڭدار تۇسكە يېپىشاتتى. بوشلۇقتىكى كۆزنىڭ سۇرەتكە ئېلىشى توختار ئەمەس. ئۇ دۇنيا ئىچىدە ئايلىناتتى. دۇنيا كىچىككىنە كۆز ئىلكىدە چايقىلاتتى، تەۋرىنەتتى. سۇرەتكە ئېلىنىدىغان بىر كۆرۈنۈش ئاخىرلىشاتتى. ئىككىنچى كۆرۈنۈش يەنە باشلىناتتى. بۇ كۆزلەرنىڭ مەۋھۇم سۇرەتكە ئېلىشى مەڭگۈ داۋاملىشىدىغاندەك قىلاتتى. بۇ خىل سۇرەتكە ئېلىشنى ھېچ كىشى سېزەلمەيتتى، بىلەلمەيتتى، كۆرەلمەيتتى.



# شېئىرلار

## رەخىم ياسىن قايىنامى

ئاپتور ھەققىدە: رەخىم ياسىن قايىنامى 1975 - يىلى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قورغاس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. تولۇقسىز ئوتتۇرىغىچە بولغان ئوقۇش ھاياتىنى تاماملىغاندىن كېيىن بۈگۈنكى كۈنگىچە دېھقان ھەم قوشۇمچە تىجارەت قىلىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1996 - يىلىدىن باشلانغان. ھازىرغا قەدەر ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 120 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى ئېلان قىلىنغان.

ھاياتلىقنىڭ ئىچكى رىتىملىرىدا ئۆز مەنىسىنى ئىزدەپ يۈرگەن ھەم تۇيغۇ ئالەمىدىلا يۈز بېرىدىغان كۆرەشلەردە يارىلانغان بىھوش تېنىنى سۆرەپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىۋاتقان ئاشۇ بەندە - دەل شائىرنىڭ ئۆزىدۇر. ھالبۇكى، تەڭرىنىڭ شائىرغا ھەدىيە قىلىدىغىنى ئابىھايات بولماستىن، بەلكى شېئىر بولۇپ چىقىدۇ.

### قىز قەلبىدە ياشماق ...

ئايغا باقاتتىم
قەبرەم ئايدا بولسا دەپ،
كۈنگە باقاتتىم
كۈن تەپتىدە كۆيسەم دەپ.

تەبەسسۇم بىلەن ئۆتكەن شۇ يولدىن
چېچەكلەر ئەگىشەر كەينىڭدىن ئاپا.
خىيالەن قىزىڭدەك مېھرىلىك باقسىن
ئۇچراپ قالسا ئۇ قىز ناۋادا...

ئېھتىمال مەن ئۆلگەن ئۇ كۈنلەر
قوللىرىدا بىر دەستە گۈل
ئۇچرىتارسەن قەبرەمدە ئۇنى...

ئاڭلا ئاپا
ئاي ئىدى ئۇ قىز،
قەلبىمدىكى كۈن ئىدى ئۇ قىز،
دىلبىغىمدا گۈل ئىدى ئۇ قىز،
يوشۇرۇن پىراقتا كۆل ئىدى ئۇ قىز...

مانا ئەمدى...
كۆز يېشىمدەك دەريا بويىدا
مەن ئۆلگەندە... دېگىن بۇنى توي...
ئاق كېيىملىك مەيۇس پەرىزات
سوراپ قالسا: كىم بولىسىز دەپ،
كۆز يېشىڭنى يوشۇرۇپ، تەمكىن
مەن رەخىمنىڭ ئاپىسى، دەپ قوي...

ئاسمىنىمدا ئاي ئىدى ئۇ قىز،
روھىمدىكى كۈن ئىدى ئۇ قىز،
بېغىمىزغا گۈل ئىدى ئۇ قىز،
ھىجرانىمدا كۆل ئىدى ئۇ قىز...

### ئازغۇچى

چېقىلماقتا
تەنلىرىمدىن پۈتكەن قەدەملەر
ياشلارنىڭ شاۋقۇنلۇق پەيمانىسىدە.

قەپەس ئىدى روھىم
كىرگەنىدىڭ خالاپ - خالىماي،
شۇ كۈن
سۈرگەن بولدۇڭ بىگۇناھ
روھىمنىڭ چەكسىز چۆلىگە


جاراڭلاپ چېقىلدىڭ...
سۈكۈتۇمدە كۆتۈردۈڭ ئىسيان.
چاقماق بولۇپ يېقىلدىڭ،
زۇلمىتىمدە ياندۇرۇپ گۈلخان.

كەلمەكتىسەن ئويغىتىپ مېنى،
سەپىرىڭدە ئۈنلەر قوڭغۇراق...

مۇڭلۇق بىر كۈي ئازدۇرار مېنى
ئالدىڭغا بارماقچى بولساممۇ بىراق. . .

## ئورمان

داپ چالىدۇ شامال ئورماندا،
قىزلار چۈشۈپ كەتتى ئۇسسۇلغا.
تەنلەر ھامىلىدار. . .
مۇز گۈللىرى پورەكلىگەن
مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلەردە
مۇز، قار، شىۋىرغان. . .
كۆرۈنمەكتە ياپيېشىل ئورمان.
لەرزەتلىك تەلپۈنۈشلەر،
كۆمۈلۈپ قالغان مۇز قاتلىرىغا.
سوغۇق ئىقىم كىرمەكتە ئىقىپ
يىگىتلەرنىڭ قايناپ تۇرغان قانلىرىغا.
بارماقلار بېرەلمەس ئىدى بېشارەت،
قىزلارنىڭ سوۋۇپ كەتكەن جانلىرىغا. . .
يوتكەن پەرق. . .
بۇ يەردە بار ئالتە قىز.
ياكى
ئالتە يىگىت.



ھايات شۇنداق رەھىمسىز،
كېچە شۇنداق نومۇسسىز.
گەرچە قۇياش ئىللىق بولسىمۇ،
ئۆچۈرۈپ كەتتى ئالتە ئەرۋاھنى،
شامال. . .
قۇياش ئۇلارنى كۆرۈشتىن بۇرۇن،
شەھەرنىڭ شۇ خىلۋەت ئورمىنىدا
بىر قىسسە كۆكلەيدۇ ئۆزۈندىن ئۆزۈن.

## نامراتلىق

پەلسەپە كىتابلىرى يېزىلماقتا.
ئىدىيىنىڭ لەۋلىرى قانغا بويالدى.
قاسراق تاشلىغان بەندىلەر
مايمۇن كەبى ئويناپ يۈرمەكتە،
پەلسەپىنىڭ دەرەخلىرىدە.

مۇھەببەت ئۆزىنى چۈشەنمىدى
سېلىۋەتتى ئىچ كىيىمىنى.

## شېئىر يازغۇم كەلگەن ۋاقىتتا

شېئىر يازغۇم كەلگەن مىنۇتتا،
چىقىپ كېلىپ چوڭقۇرلۇقىمدىن،
ئۆز - ئۆزۈمنى كېتىمەن سۆيۈپ،
باشلىنىمەن جىمغۇرلۇقىمدىن.

شېئىر يازغۇم كەلگەن مىنۇتتا،
قوللىرىدا بىر دەستە ئازاب
ماڭا بەكمۇ ناتونۇش شۇ قىز،
پەيدا بولار كۆزۈمگە قاراپ.

ئوخشاپ گويا ياۋۇز ھايۋانغا،
ئېتىلىمەن ئۇنىڭغا تېزدىن.
ئۇنىڭ قەلبى بويىلار قانغا،
مېنىڭ قەلبىم بويىلار قانغا.
ئىككى جەسەت قالىدۇ بىزدىن.

# ئىككى شېئىر

**نۇرشات مەمتىلى**

## چىدا يۈرىكىم

مەن سۆزلەپ يۈرسەممۇ گاچىمەن ئەسلى،
سۆزلەشنى ئۆگەتتى بار ياسالمىلىق.
ئاھ، ئىچىمىي ئامال يوق سۇنۇق قەدەھتە،
سۆيۈلۈش، مەجبۇرلاش تۇرار لىپمۇ - لىق.

بۇ كانسۇ، يەر شارى، بۇزۇلغان قەسەم،
سۆزلەيدۇ ئەتىنى بىلجىرلىغانچە.
ئاھ، سۆزلەپ بېرەلمەس ئالما يۈرەكنى،
كەتمەكتە ئۆلۈممۇ ئۇزاقلىغانچە.

قورام تاش، سۇزۇك سۇ گۇۋاھ ھەممىگە،
ئالدىنىپ ئۆتۈپتۇ تالايلىغان ئەسىر.
چىدىغىن يۈرىكىم يەنە بىر مەزگىل،
بار قۇشلار بىر ساڭا چۇشكۇچە ئەسىر.

## يالغۇزلۇق

بۇگۇنمۇ كىردىمەن ئەينەك ئىچىگە،
ئاھ، ئالتۇن بىلىقتەك پىلتىڭلاپ قويۇپ.

يالغۇزمەن خۇدادەك قەلبىم ئىچىدە،
يۈرىمەن ئۆزۈمگە ۋەھىيلەر ئوقۇپ.

بۇ ھايات مەن ئۈچۈن بولسىمۇ پاجىئە،
ياشاشقا مەجبۇرمەن كىيىملەر كىيىپ.
تۆت بۇلۇڭ، لامپۇچكا تىكىلەر جىمجىت،
مەن لەيلەپ يۈرىمەن ئۆزۈمدە ئېرىپ.

# چارشەنبە بازار

## كەنجى خۇمارجان

يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ،
يېزىدىكى چارشەنبە بازاردا
ھەممە ئادەملەرگە ئېسىلىپ،
ئادەملەر
ماڭماقتا سىقىلىپ.

بايىقى قىز
نومۇسنى ھېچ بىلمەمدۇ نېمە
كىشىلەرگە ئۆتتى سوقۇلۇپ
باغىردىقى،
ئاپئاق - ئاپئاق يوتىسى بىلەن.


يالىڭاچلىنىش ئىسلاھات ئەمەس
يالىڭاچلانماقتا ئادەملەر.
يانفون
سايرىماقتا ئۇيغۇر تىلىدا
جىرىلڭ، جىرىلڭ: سىلەر قەيەردە؟
جىرىلڭ، جىرىلڭ: نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟
جىرىلڭ، جىرىلڭ: بۇياققا قاراپ مېڭىڭلار.

چارشەنبە بازار
ھەممە نەرسىگە بولدى ھازىدار.
راستلا نەرسە ئۆلۈمدۇر پەقەت،
ساختىلىقنى قىلماقتا زاكاز
بىر توپ خېرىدار.



نومۇس ئۈچۈن كەتمەيدۇ پاسپورت
يالىڭاچ قىز
يېڭىۋاشتىن كىيىنىش ئۈچۈن
ئېيپىتىنى قىلدى ئېكسپورت.

بىر ئارخېئولوگ چۆچۈدى،
بىر توپ جەسەتنىڭ نەسلىنى تاپالماي.
بىر تارىخچى يىغلىدى،
بىر توپ ئادەمنىڭ ئەجدادىنى ئۇقالماي.



تارىخچى:
- ئەجدادىغا ئوخشىمايدىغان ئادەم بولمايدۇ،- دېدى.
ئارخېئولوگ:
- نەسلى تامامەن قۇرۇپ كەتكەن جەسەت
بولمايدۇ،- دېدى.

ۋاقىت
يۈرەك كەبى دۈپۈلدىمەكتە.
ئارخېئولوگنىڭ بېشى قاتقاندەك
تارىخچىنىڭ بېشى ئاقىقاندەك

# ئۈرۈمچى تاش شەھەر

بېلقىز تاھىر

## كۆلەڭگەك

تۈنلەردە يار سېنىڭ كۆلەڭگەڭ
كۆزلىرىمگە بەرمەيدۇ ئارام.
كىرپىكىمگە ئوراپ تاڭلارنى،
تەبەسسۇملا قىلىمەن ئاران.

كۈندۈزلىرى سېنىڭ كۆلەڭگەڭ،
يوللىرىمغا بەرمەيدۇ ئارام
ئادىشىمەن نىشاندىن تالاي
مەنزىلىمگە يېتەرمەن ئاران


مەيلى كۈندۈز ۋە ياكى كېچە
ئارامىمنى بۇزار كۆلەڭگەڭ
قۇياش كەبى تەلمۈرسەم ساڭا
ۋۇجۇدۇمدا ئۈزەر كۆلەڭگەڭ.

## مەن، سەن، ئۇ

تۇۋا ئەجەب زېرىكىشلىك
تۇيۇلدۇم ساڭا
«ئىرادىسىز، جاسارەتسىز قىز» دەك
سېنىڭ قەلبىڭدىكى «مەن»
يامغۇرلاردا يۈرىمەن سەرسان
سوقالمايدۇ مېنى ھېچ تاكسى
تۇتۇۋالار سېنىڭ قوللىرىڭ
يالغۇزلۇقتا كەتتىڭ يولۇڭغا
مەنزىلىمىز ئوخشىماس تامام
يوقتۇر سېنىڭ گۈزەل تىلىكىڭ
خىيالىڭدا توقۇمىچى قىز
پادىچى يىگىتتەك ئىزدەرسەن ئۇنى
يېتەلمەيسەن ۋەسلىگە ھامان
سېنىڭ، مېنىڭ يوللىرىمنى يار
توسۇۋالدى تۇمانلار تامان

## ئۈرۈمچى

ئۈرۈمچى تاش شەھەر
يول، ئۆي، ئادەملىرى تاشقا ئايلانغان شەھەر
كوچىلىرىدا يۈرەر ئاپتوبۇس
يانچۇقتىكى بەش مودەك تېنەپ
گاھ - گاھىدا توختاپ قويىدۇ
سەمىمىيلىك بېكەتلىرىدە



ناتونۇش قىزدەك
تاش شەھەردە ئەتىۋار
يېشىل گىياھ، كۆك كەپتەر
ئاق كۆڭۈل پەرىشتىدەك قىز
سۆيگۈ ئاقار قەلبىتىن قەلبكە
تىنچلىق ئۆستىڭىدەك تېز
چۈشىنىكسىز مېلودىيىدەك
ھېچكىم يېتەلمەس سىرىغا ئەبەد
سەرسان يۈرەر ئادەملەر
باغچا، فونتان، مەيخانا، پايچى سورۇنلىرىدا
يۈتتۈرۈپ قويغان سۆيگۈ، كۈنلەر قىممىتىنى
ئىزدەپ
تاش شەھەردە رىقابەت
ئۇنتۇلدۇرغان ھەممە - ھەممىنى
قىممەتلىكتۇر مۇزېيدەك
چېركاۋ، مەسچىت ھەمدە ئېتىقاد

بۇ پەرىشتىلەر ماكانى
ھوقۇق، پۇل، مۇھەببەت
شوئارى ياڭرىغان شەھەر
ئاسمىنىدا تەنھا تولۇن ئاي
چىراقلاردىن ئۆز رەڭگىنى بىلەر
سەمىمىيلىك پاكلىقنى چۈشەر.

## بەلكىم

بارمىقىڭدا رويال
كۈيلىمەكتە پەقەت مېنىلا

ناخشاڭدىكى مۇھەببەت ئارا
بەلكىم يۈرگەنسەن تەنھا دېڭىز
ساھىللىرىڭدا
ئۆتمۈشتىكى ئەسلىمەڭ ئارا
بەلكىم دېڭىز شاۋقۇنلىرىدىن
ئاڭلىغانسەن تىنىقلىرىمنى
بەلكىم بولمىغاندۇر بەلكىملەرنىڭ
بىرىمۇ ھەم
بەلكىم يۈرگەندۇقمىز ئىككى شەھەردە
كۈتۈپ دېڭىز، پويىز، گۇدۇك
ھىجران بىلەن شېرىن ۋىسالنى شۇدەم.



## يار سوۋغىسى

سېنىڭ نەزىرىڭدىكى «مەن»
سۆيگۈ گىياھى ئۈنمەيدىغان
تامچە سۇمۇ يوق «تەكلىماكان»
تۇيۇلار ئەڭ پاك تۇيغۇلىرىممۇ
ھەسرەتلىك چۈشتەك
ئۆتمۈشۈمگە ئوخشاش
قۇم تەكتىگە بولغاندەك گۇمران
كۆز ياشلىرىم
دەريا بولسىمۇ
ۋۇجۇدۇمنى يۇيالماس تامام
قەھرىڭ بىلەن قوغلانسامىمۇ
قەلب خانەڭدىن
سېھرىڭدە
تۈندىكى ئايدەك
كېچەلمەيمەن
مەڭگۈ يادلىشىڭنى
قىلارمەن ئارمان.

# تۈندە دەرەخ بىلەن مۇڭدىشىش

**مەسئۇد ئەيسا**

تۈندە دەرەخ بىلەن مۇڭداشتىم،
يوشۇرمىدىم ئۇنىڭدىن ھېچنېمەمنى،
تۆكۈۋەتتىم بار - يوقۇمنى، ئەسلىمنى،
يىرتىۋەتتىم مەسۇم كەبى قەلبىمنى.

تۈندە دەرەخ بىلەن مۇڭداشتىم
ئۇنى ئەڭ يېقىن ئادىمىم دېدىم،
ھالىمغا ھال، مۇڭۇمغا - مۇڭ
سىردىشىم دېدىم، قۇۋانچىم دېدىم
قۇچاقلاپ كەتتىم تۇرۇپ - تۇرۇپلا،

سىڭىپ كەتتى شاخ - شاخلىرىغا،
ھەسرەتلىك ھاياجىنىم،
تۈندە دەرەخ بىلەن مۇڭداشتىم
بېشىمنى سىلىدى بۇ كېچە دەرىخىم
دېدىم ئۇنى ئەڭ سۆيۈملۈك ماشايىقىم.
قانقان قوۋزاقلىرىدىن ئۆتمۈشۈم دېدىم
سارغۇچ قايناپ چىققان يىلىملىرىن -
مۇشۇلار مېنىڭ ئازابلىرىم دېدىم،
بۇ كېچە مەن دەرەخنى ۋەتىنىم دېدىم.

# غەزەللەر

**مۇتەللىپ ماڭسۇر (ئۈۋچى)**

**(1)**

چەككىنە تارىڭنى، جان ئۆركەش ياساپ مەرغۇللىسۇن،
بىناۋا روھىم ئارا مەھۋش ياساپ مەرغۇللىسۇن.

www.uyghurkitap.com

تارى بوم ۋە تارى زىل شۇ رىشتىلەر يارىسا پورەك،
جىلۋىسىدىن تۇندە ئاي كۇنداش ياساپ مەرغۇللىسۇن.

قانچە تەنھالىق تۇنۇمنى ياپتى رەڭدار مۇڭ ئارا،
مۇڭلىرىڭدىن بۇ يۇرەك مۇڭداش ياساپ مەرغۇللىسۇن.

تامچىلار ئۆتمۇشلىرىمدىن خەستە چۇشلەر سارغىيىپ،
غۇربىتىمدىن سەتىرلەر كۆز ياش ياساپ مەرغۇللىسۇن.

سىلكىتىپ روھىمدا ئوتلار يۇتتى چاقماقلىق زامان،
تاپقۇچە ئەركىمنى تاڭ بەرداش ياساپ مەرغۇللىسۇن.

روھ قىيامەت بەرگىسىدىن يۇلقۇنۇپ يامرار ئىمان،
سىيىسغان بوشلۇقتا كۇن، كۇنتاش ياساپ مەرغۇللىسۇن. . .

(2)

ئۇنۇپ چىقىپ ئىپتىدايىمدىن، دىلىم چاقماقتا ئايلانسۇن،
كۇلۇپ چىق ئىنتىھايىمدىن، كۇيۇم بايراقتا ئايلانسۇن.

ئۆلۇم جامىدا لەب - لەب چاقنىغاي بەرقىڭ دىلىستانى،
سۆيۇپ چىق خۇددى مەسھىدەك تېنىم ياپراقتا ئايلانسۇن.

تۆكۇلگەي قەدرى ئاسماننىڭ نوۋادۇر ئىشتىياقىمدا،
كۆيۇپ چىق تەپتى ۋولقاندەك، قېنىم تۇپراقتا ئايلانسۇن.

جاراھەت قاپلىغان ئەينەكلىرىمنى چاقتى زەر تاشلار،
ئېقىپ چىق تەركى روھىمدىن، جېنىم قولۋاقتا ئايلانسۇن.

زامانلار شىددىتى پەسلەپ كۆرۇندى گۆردە ئاتەشلەر،
ئېلىپ چىق ھېكمىتىڭ بىرلە، سىرىم قاسراقتا ئايلانسۇن.

رىياكار ئەسلىمەمدە تاش چېچەكلەپ مەي تاشار ئەمدى،
يېنىپ چىق، قىسمىتىمدىن چوغ تىلىم چاقماقتا ئايلانسۇن!

(3)

بىناۋالىق سۇلكىتىدىن تەركى خەنداندۇر كۆكۇل،
بىۋاپالىق ھەسرىتىدىن غەمدە گۇلخاندۇر كۆكۇل.

باشمە كۆيگەي چاراسلاپ پەسلىگەن قاقشالساما،
چەرخىدە چاقماق يوقاپ ھەرياندا جەۋلاندۇر كۆكۇل.

ئەينىكىدە روھ سۇيىنىڭ قانچە سەۋدا ئاھ ئۇرار،
قۇترىغان بارخانلىرىمدا تەلۋە غەلياندۇر كۆكۇل.

ئۇچتى كۆككە جان پېيىمدىن تاش چېچەكلەپ كۆكسۇمە،
يەلپۇسە روھ ئىشرىتى ئەسلەردە تالقاندۇر كۆكۇل.

قانچە ئايدىڭ شولىسىدىن ئۆتتى تەنھا مۇڭ قۇشۇم،

يىغلىغان دۇتار كۈيىدە دەردۇ ھىجراندۇر كۆڭۈل.

چوغ تېمىپ تەنھالىقىمغا ئاقتى بۇزغۇپ سايىلەر،
كۆيدى مىسرا، كۆيدى قەغەز، بەلكى خۇمداندۇر كۆڭۈل.

بى سۆيۈم قىسمەت لېۋىدە ياۋا كۈيلەر جىلۋىسى،
بەزى ياۋان، بەزى ئايۋان، بەزى زىنداندۇر كۆڭۈل!

(4)

تالە - تالە چاچلىرىڭدىن ئۆرلىگەن تۈن مەن ئىدىم،
لالە - لالە خىلۋىتىڭدىن چاچرىغان ئۈن مەن ئىدىم.

سېھرىي ئەشكىلىڭ جىلۋىسىدە تامچە ئوتقا ئايلىنىپ،
ھىجرى پۇرقەت ۋادىسىدا شاھى سۈرگۈن مەن ئىدىم.

قانچە چاقماق كاچكۇلىڭدا داتلىشىپ ياتقاندۇ، بەس!
قانسىراپ تۇرغان سامادا چاقنىغان كۈن مەن ئىدىم.

بەرگى گۇللەر سايىسىدىن تاشتى دىلغا مۇلىڭ - ئىشق،
يامرىغان ئايدىڭدا تامچە روھى كەلكۈن مەن ئىدىم.

تاشتى ياپراق سەۋرىسىدىن مەست پەسىللەر ئۆركىشى
مۇڭسىراپ تۇرغان باھاردا جەزبى گۇلگۈن مەن ئىدىم.

بىناۋا ئاي ئوردىسىدىن چۈشتى يەرگە مىلىڭ يۈرەك،
تىترىگەن تەنھا سۈكۈتنىڭ باغرى تۇرگۈن مەن ئىدىم.

قاي پەسىلدە ئالقىنىمغا چۈشتى تامچىپ بۇ ئىشق،
ئىپتىدايىم شۇ مېنىڭكى، بەرگى سۇلغۇن مەن ئىدىم. . .

(5)

قۇياش، ۋەسلىڭگە ئىمكان بەر، ساما گۇلخانغا ئايلانسۇن،
ناۋالار كەلكۈنى ئىچرە دىلىم بارخانغا ئايلانسۇن.

چېقىلغان مەنلەر تىلسىماتىدىن كۆكلىسۇن روھىم،
دىلىمدىن ئۆركىگەن ۋەھدەت كۈيى جەۋلانغا ئايلانسۇن.

سۇنار ئەس زەنجىرى غايىب گۇگۇمرەڭ ئىشتىياقىمدا،
يېزىقلار ئەفسۇنى ئىچرە سىيايىم قانغا ئايلانسۇن.

زىلال شەبنەم ئارا يوقمىش يوپۇرماق بەرگىدە بىر چۈش،
قاقاس پەسلىمگە بوي سوزغان كۈيۈم ئورمانغا ئايلاسۇن.

جۇدالىق لەھزىدە بىر ئوت، بۇ ئوتنىڭ ئەكسىدە سايەم،
غېرىبلىق شەھرىدە مەيلى دىلىم سۇلتانغا ئايلانسۇن.

ياتار كاچكۇللىرىم ئىچرە سۇنۇق چاقماقلىرىم بىچۈش،
قۇترىغان سەۋدالىرىمدىن يۈرەك غەليانغا ئايلانسۇن.

www.uyghurkitap.com



ئۈزۈك تارلاردا لەيلەيمىش ئوغۇزلار تەلقىنى لەرزان،
زاۋال پەيتىمدە كۈيلەر ئۆكسۈگەن ئارمانغا ئايلانسۇن!

(6)

بىناۋا دىل رەنجىگە سەن دىل كۆيۈگىدىن دارە قىل،
مەيلى ئىشقىڭ ۋەسۋەسىدە ئۇيقۇدىن بىدارە قىل.

تۇزغىغان كاكۇللىرىڭ بۇ خەستە كۆڭلۈم ئاپتى،
پۇرقىتىڭدىن بۇ يۈرەكنى يىغلىتىپ مىڭ پارە قىل.

ئول نىگاھىڭ غەمزىسىدىن يەنە باغرىم قان مېنىڭ،
ئۇپرىتىپ جانىمنى سەن ھەم بىر ئۆمۈر ئاۋارە قىل.

كۆيدى ئاسمان جىلۋىسىدە قانچە يۇلتۇز ئۆركىشى،
ئۆكسۈگەن قەلبىڭ كۆكىدىن سىرغىغان سەييارە قىل.

ھەر باھار ۋەسلىڭنى دەپ تۆكتۈم يولۇڭغا بەرگىلەر
يا سولۇپ ياتقان چېچەكتەك بىر يولى بىچارە قىل.

تاشتى مەيلەر دەم كۆۋەرەپ تەلۋە سەبرىم جامىدىن
رەنجى سەۋدا كۆلپىتىگە ئەمدى سەن بىر چارە قىل. . .

(7)

كەيىپ بارماقلىرىڭ ئۆزرە چېكىلگەن تارمىدۇ قەلبىم؟
ۋەلىلەر سۆھبىتى كۈلگەن ساماۋى غارمىدۇ قەلبىم؟


ناۋالار تىلسىمى ئۆتكەن غېرىب كۆكلەر ئارا سايەم،
باھاردا توختىماي ياغقان سۈزۈك ئاق قارمىدۇ قەلبىم؟

ئېسىم كۈلپەتلىرى ئەينەك، ئۆزۈمنى قانچە يىتتۇردۇم،
ناۋاسىز تۈنلىرىم ئىچرە ھېلىھەم بارمىدۇ قەلبىم؟

يېزىق بارخانلىرى ئوخچۇپ يۈرەك چەرخىگە پۇتلاشمىش،
مۇقامىڭ شەۋقىدە ئويناق غېرىپ مۇڭزارمىدۇ قەلبىم؟

كەيىپ سەۋدالىرىم تۇزغۇپ ئۇچار باشىمدا غۇربەتلەر،
جۇدالىق لەھزىدە ئاخشام سۇنۇق دۇتارمىدۇ قەلبىم؟

چېقىق ئارمان ئارا لەيلەر رىئاللىق سايىسى پىنھان،
ھەمىشە ئۆز ۋۇجۇدىغا ئۆزى گۆركارمىدۇ قەلبىم؟



# دوختۇرخانىدىن قېچىش

**كېرىمجان سۇلايمان**

دوختۇرخانا ـ
كېسەللەرگە تولغان ئاخىرەت.
قۇتقۇزسىمۇ تېنىمنى دوختۇر،
قۇتقۇزالماس روھىمنى پەقەت.

ھېستىرىيە بولۇپ قاپتىمەن،
خىياللىرىم تۇرار لەپىلدەپ.

قوۋۇرغامدىن پۈتكەن قەپەسكە،
ئۇرۇلماقتا يۈرەك گۈپۈلدەپ.

ئۆسمە ئەمەس بەدىنىمدىكى،
ھېسسىياتىم ـ كۆمۈلۈپ قالغان.
چۈشۈمدىكى مىنا ئاۋازى،
مېنى شۇنداق كويلارغا سالغان.

# ئىككى شېئىر

**ئىبراھىم نىياز**

## گىرداپ

بىر ئازاب بار مەندە ئەجەب سۆيۈملۈك،
ئۆزۈمنىڭ، سېنىڭ يا ئۇنىڭمۇ ئەمەس.
ھاياتقا بىر ئارمان ئاقار تاراملاپ،
ياپراقتەك تەشۈىشتە تۆكۈلگەندە ئەس.

سويۇلۇپ بارماقتا يۈرىكىم قېتى،
ئاخىرقى سۆيۈشتىن كەلمەيدۇ خەۋەر.
جاراھەت ئىزلىرى قالدى ئېچىلىپ،
ئەمما مەن يەنىلا سۆيۈملۈك بىر ئەر.

لېۋىمدە تۇنەكلىك ئەتىرگۈل ھىدى،
ئېرىپمۇ تۈگىمدى يۈرەكتىكى قان.
مەن باھار ئاخشىمى تۇغۇلغان بىلەن،
چاقىرىپ تۇرماقتا مېنى زىمىستان.

كۆزۈمدە، لېۋىمدە، قىلىقلىرىمدا،
بار ساختا تەبەسسۇم، ساختا ئىنتىلىش.
ئالدىمدا بىر تالاي يوللار بار ئەمما،
ئاھ ھەربىر دوقمۇشتا خىياللار چىگىش.



قەدىمىي ئازابنىڭ دوقمۇشلىرىدا،
ياتىدۇ ساددا ھەم سۆيۈملۈك ئارمان.
ھالىم شۇ: دۇنيادا يۈرگىنىم بىلەن،
قانغۇدەك ياشىدىم دېگىنىم يالغان.

## ئايرىلىپ كېتىش

گۈللەرنىڭ بەرگىگە ياغماقتا يامغۇر،
بۇلۇتلۇق ھېلىھەم كۆكۈل ئاسمىنى.
چۆچەكچى بولالماس بۇ يەردە ھېچكىم،
تىرىقتەك چېچىلىپ تۇرسا ئارمىنى.

يۈرەكنىڭ ياپرىقى كەتتى سارغىيىپ،
قىسمەتلەر بەك دەھشەت
مۇزلىماقتا تەن.
يۇلتۇزلارغا ئايلاندى ھەتتا بېلىقلار،
ئازابنى بىردىنلا كۆيلىگەندە مەن.

قول بېرىپ بولالماس قۇياشقا تەڭرى،
مەن كۆيۈپ ئايلانسام كۈلگە ناۋادا.
ئاھ، قاچان ئۇچرايدۇ نوھنىڭ كېمىسى،
يۈرىكىم تۇرماقتا بۇدەم توپاندا.

پىچىرلاش بەك تاتلىق، ئەتىرنىڭ ھىدى
شېئىردەك يىراقلاپ كەتتى مېنىڭدىن.
تارتقۇچە ھاياتنىڭ شورلۇق دەردىنى،
ئايرىلىپ يۈرەي دەپ قالدىم سېنىڭدىن.

www.uyghurkitap.com



# كىتابخۇمار دىۋانە

(ئەدەبىي ئاخبارات)

بـانۇر روزى

يىپەك يولىدىكى قەدىمىي ئۆتەڭ ۋە مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى بولغان يەكەن شەھىرى يازنىڭ مول نازۇ - نېمەتلىرىگە تولغان، كىشىلەر شۇنچىلىك خاتىرجەم، ئازادە، باياشاد كۆرۈنەتتى. ھالبۇكى، يەكەن ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىدا مۇنداق تەسىرلىك بىر كۆرۈنۈش داۋام قىلماقتا ئىدى.

- ياق، ياق. ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپلا، بۇ دېگەن كىتاب. باھاسىنى خالىغانچە چۈشۈرۈپ ساتىدىغان بازاردىكى ئۆرۈك - شاپتۇل ئەمەس.

- ئۇنىڭغۇ بىلىمەن، ئۇكام. بىراق يانچۇقۇمدىن چىققىنى مۇشۇ ئىكەن. بۇ كىتابنى ئالماي كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن كىتابخانىڭلار نامراتلىشىپ كەتمەس، ئۇكام.

- باشلىقىمىز بىزگە ئۇنداق ئۆگەتمىگەن، ھەممە ئىشنىڭ ھېسابى بار، ئاكا. پۇللىرى كەم بولسا ماۋۇ قوللىرىدىكى بىر كىتابنى قويۇپ قويسىلا. كېيىن كېلىپ ئالالا. قېرىغان چاغلىرىدا بۇنچە كۆپ كىتابنىمۇ ئاسان ئوقۇپ بولالمايلا.

- قانۇنغا ئائىت كىتابنى ئالماي كېتىشكە پەقەت كۆڭلۈم ئۇنىمايۋاتىدۇ، ئۇكام. باشلىقىڭىزمۇ بىر كوي ئۈچ موچەن ئۈچۈن سىزنى تەنقىدلەپ كەتمەس. قالغىنىغا مەن دۇئا قىلىپ قويارمەن سىزگە...

كىتاب ساتقۇچى قىز بىلەن كىتاب سېتىۋالغۇچى ئاپئاق ساقاللىق، يۈزلىرىنى يول - يول قورۇق باسقان، كىيىملىرى جۇل - جۇل ۋە سۇۋارى ياماق سېلىنىپ ئالا پاساق بولۇپ قالغان بۇ بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى بىر چەتتە ئاڭلاپ تۇرغان ئابلەت مۇھەممەت ئاخىر ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى. ئالدىدا كىتاب ساتقۇچى قىز ئېغىز ئاچتى:

- مانا، باشلىقىمىزمۇ كېلىپ قالدى، ئاكا، - دېدى ئۇ كىرىپ كېلىۋاتقان كىتابخانا باشلىقى ئابلەت مۇھەممەتنى ئىما قىلىپ.

- مۇنۇ كىتابلارنى سېتىۋالماقچى ئىدىم. بىر كوي ئۈچ موچەن پۇلۇم كەملەپ قالدى. شۇڭا ئەتىدىن بىرى...

ئابلەت مۇھەممەت بىردە بوۋاينىڭ قولىدىكى بەش - ئالتە پارچە كىتابقا، بىردە كىتاب ساتقۇچى قىزنىڭ شىرەسى ئۈستىگە قويۇپ قويغان بەش پۇڭلۇق، بىر موچەنلىك، يۇقىرىسى بىر كويلۇق پارچە پۇللار دۆۋىسىگە، بىردە بوۋاينىڭ كونا ئۈستۈبېشىغا قاراپ خېلى تۇرۇپ قالدى.

- ئاكا، سىلە بۇ كىتابنى نەۋرىلىرىگە ئېلىپ بېرەي دېگەنمۇ؟ - دېدى ئابلەت مۇھەممەت ئەتەي گەپ تېپىپ.

- ياق، باشلىق ئۇكام. مېنىڭ نەۋرەممۇ، بالاممۇ، زېمىن - ئۆيۈممۇ يوق. بۇ كىتابلارنى ئۆزۈم ئوقۇيمەن. ئوقۇپ بولۇپ ساقلاپ قويىمەن. ھازىرغىچە سېتىۋېلىپ ئوقۇغان، ساقلاپ قويغان كىتابىم بىرەر مىڭغا بارىدۇ. كىتاب ئادەمنىڭ ئۆمرىدە كەم بولسا بولمايدىغان ھەمراھ. ئادەم ئۆسمۈر چېغىدا كىتاب ئوقۇسا، ئىلىم ئۆگىنىپ، ئەقىل - پاراستى ئېشىپ،

پايدىسىنى كۆرىدۇ. چوڭ بولغاندا كىتاب ئوقۇسا، تونۇشى ئۆسۈپ، ئەقلىگە ئۇستىلەپ ئەقىل قوشۇلىدۇ. ماڭا ئوخشاش قېرىغاندا كىتاب ئوقۇسا، خۇش كەيپ، تەمكىن بولۇپ، ئۆمرى ئۇزىرايدۇ.

— يەنىچۇ؟ يەنە قانداق چاغدا كىتاب ئوقۇسا قانداق بولىدۇ؟ — دېدى ئابلەت مۇھەممەت بۇ كونا كىيىم ئىچىدىكى بوۋاينىڭ گەپ - سۆزىدىن سۆيۈنۈپ.

— بۇ گەپلەرنى سىلە مەندىن ئەمەس، مەن سىلىدىن سورىسام ياخشى بولاتتى، ئۇكام. چۈنكى سىلىدەك باشلىق باللار دېگەننىڭ بىلمەيدىغان ھېچنەرسەڭلار يوق. شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈمدە بارنى دەۋېتەي. كىتابنىڭ خاسىيىتى نۇرغۇن، ئۇكام. مىسال ئۈچۈن ئالساق، ئادەم مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا كىتاب ئوقۇسا، مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا كىتاب ئوقۇسا، مەيۈسلەنمەستىن بېلىنى قايتا چىڭ باغلاپ، قەيەردە يىقىلغان بولسا، شۇ يەردە ئورنىدىن تۇرىدۇ. ئالدىراش چاغدا كىتاب ئوقۇسا، قۇۋۋەت دورىسى تولۇقلاپ تۇرغاندەك بولىدۇ. مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا كىتاب ئوقۇسا، ئەسلى مەشۇقۇم كىتابتا ئىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كېلىدۇ. ئىشقىلىپ كىتاب ئوقۇش ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى، تۈۋرۈكى. كىتاب ئادەمگە خۇددى يىلىككە ئوخشاش قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ، ئۇكام.

— ئاكا، ئۆزلىرى زادى كىم بولىلا؟ — دېدى ئابلەت مۇھەممەت بۇ ئادەمنىڭ خېلى بىلىملىك ئىكەنلىكىنى پەملەپ، — بۇ ياشقا كەلگەندە ئۇنچىۋالا جىق كىتابلارنى يىغىپ نېمە قىلالا؟ — ئۇ ئىختىيارسىز كونىلارنىڭ: «ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار» دېگەن سۆزلىرىنى يادىغا ئالدى.

— مەن مۇشۇ يۇرتنىڭ، يېپەك يولىدىكى قەدىمىي ئۆتەڭ، «پەرىيانە يەكەن» نىڭ قەلەندەرى، ئۇكام. كۈن بويى يۈگۈر - يېتىم ئىشلارنى قىلىمەن، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالاي دېگەندە يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ، ئامالسىز تىلەيمەن. بىر نان كەلگۈدەك پۇل تاپسام، يېرىمىغا كىتاب سېتىۋالىمەن. ئويلىسام مەندىن باشقىلارغا قالىدىغان ھېچنەرسە يوقكەن. ئۆزۈم مەلىكە ئامانىسساخاندەك ئۇن ئىككى مۇقامنىڭ رەتلىگۈچىسى ياشىغان مۇشۇنداق مەدەنىيەتلىك شەھەرنىڭ قەلەندەرى تۇرۇپ يۇرتۇمغا، خەلقىمگە ھېچنەرسە قالدۇرماي ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالغىلى يۈزۈم چىدىمىدى، ئۇكام. ئويلاپ باقسام كېيىنكىلەرگە كىتابلىرىمنى مىراس قىلىپ قالدۇرسام ئەڭ ساۋابلىق ئىش قىلغان بولىدىكەنمەن. شۇڭا چامىمنىڭ يېتىشىچە كىتاب يىغىۋاتىمەن.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ ئاكىمىز خېلى جىق ئىشلارنى بىلىدىغان ئوخشايدۇ. كىتاب ئوقۇغاننىڭ پايدىسى شۇ - دە! — دېدى كىتاب ئالغىلى كىرىپ، ئەتىدىن بېرى بوۋاينىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرغانلارنىڭ بىرى گەپ قىستۇرۇپ.

— ياق، ئۇكام. مەن جىق ئىشلارنىمۇ بىلمەيمەن. پەقەت قەدىمىي، خەلقى ئەزەلدىن مەدەنىيەتلىك بولغان مۇشۇ شەھەرنىڭ قەلەندەرى ئىكەنلىكىمنىلا بىلىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئازادە، خاتىرجەم سېزىمەن. بەلكىم سىلەر بىلمىسەڭلار كېرەك، مائارىپمۇ، مەتبەئەچىلىكمۇ ئالدى بىلەن يەكەندە ۋۇجۇدقا كېلىپ، ئاندىن ئەتراپتىكى ناھىيە، شەھەرلەرگە تارقالغان. كىنوچىلىقمۇ ھەم شۇنداق. مائارىپ نەدە بۇرۇن بارلىققا كەلسە، تەرەققىي قىلسا، شۇ ئورۇننىڭ خەلقى بۇرۇن بېيىيدۇ، مەدەنىيەتلىك بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. 1885 - يىلى ئاتۇش ئىكساقتا بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىدىن قالسىلا مائارىپ ئالدى بىلەن يەكەندە ۋۇجۇدقا كېلىپ، ئاندىن ئەتراپتىكى ناھىيە، شەھەرلەرگە تارقالغان. 1933 - يىلى مانجۇ كۆل بېشىدىكى ئىمىن بەگ دېگەن كىشىنىڭ ھويلىسىدا ئۇيغۇرچە بەش سىنىپلىق بىر پەننىي مەكتەپ قۇرۇلغان. بۇ چاغدا تېخى قوشنا ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا پەننىي مەكتەپ قۇرۇلمىغان. بۇ مەكتەپكە «مەتلەئىل ئىرفان» (يەنى بىلىمنىڭ تۇغۇلۇش ئورنى) دەپ نام بېرىلىپ، «مەكتەپى مۇبارەك» دەپ تاختا ئېسىلغان. 1935 - يىلىغا كەلگەندە شەھەر ئىچىدىكى قارىخانىلار ئاساس قىلىنىپ پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، سىنىپ سانى 27 گە، ئوقۇغۇچى سانى 550 نەپەرگە يەتكەن. شۇ يىلى

www.uyghurkitap.com

ھەرقايسى بەگلىكلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا ئون تۆت ئورۇندا پەننىي دەرس ئۆتۈلىدىغان 28 سىنىپ قۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 924 گە كۆپەيگەن. 1937 - يىلىغا كەلگەندە شەھەر ئىچىدە پەننىي دەرس ئۆتۈلىدىغان سىنىپ سانى ئەڭ كۆپ بولغان «قازان بازىرى مەكتىپى» (ھازىرقى «گەيشەڭ مەكتەپ» ) قۇرۇلغان. كېيىن يەكەندىن بىرقىسىم ئوقۇتقۇچىلار قاغىلىق، مەكىت قاتارلىق ناھىيىلەرگە يۆتكىلىپ بېرىپ، شۇ ئورۇنلارنىڭ پەننىي مەكتەپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. ئەمدى مەتبەئە مەسىلىسىگە كەلسەك، 1938 - يىلىغىچە يەكەندە ھېچقانداق مەتبەئە يوق ئىدى. 1939 - يىلى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدا مىللىي مەتبەئەچىلىك ئورنى قۇرۇلغان. سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا، ئۇكام. قىسقىسى، مەن مۇشۇ مەدەنىيەتلىك شەھەرنىڭ قەلەندەرى، - دېدى بوۋاي مىغىشقا تەمشەلگەندەك ئىككى ياققا قاراپ.

- بولدى ئۇكام، بۇ بوۋاي ئالغان كىتابلار-نىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى مەن تۆلەۋېتەي. بوۋاينىڭ پۇلىنى قولىغا قايتۇرۇپ بېرىڭ،- دېدى ئابلەت مۇھەممەت كىتاب ساتقۇچى قىزغا قاراپ.

- ياق، ياق، ئۇنداق قىلسىلا بولمايدۇ، باشلىق ئۇكام،- دېدى بوۋاي بىرئاز خورلۇققا ئۇچرىغاندەك تەرىزدە جىددىيلىشىپ،- ئۇنداق قىلسىلا مەن رەنجىپ قالىمەن. بىر موچەنلەپ يىغقان پۇللىرىمغا كىتاب ئالالىسام لا ئاندىن ھاردۇقۇم چىقىدۇ. ھازىر بىر كوي ئۈچ موچەن پۇل بولسىلا كۇپايە.

- مانا،- دېدى ئابلەت مۇھەممەت ئەتراپتا يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىۋاتقان بىرقانچە كىشىنى توسۇپ قويۇپ،- مەنلا تۆلەپ قوياي.

بوۋاي رەھمەت ئېيتقىنىچە كىتابلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئەتىدىن بېرى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى خۇددى بىراۋ كوماندا بەرگەندەكلا بىرلا ۋاقىتتا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن ھەيران بولغان ھالدا قاراپ قېلىشتى. كىيىملىرى جۇل - جۇل، چىرايىنى قورۇق باسقان، چاچ - ساقاللىرى چىگىشلىشىپ كەتكەن بايىقى كۆرۈمسىز بوۋاي ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە خىزىر بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى.

بوۋاي بارغانچە يىراقلاپ، كوچىدىكى مىغىلداپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدا بىنالار كەينىگە ئۆلتۈرۈۋاتقان كەچكى قۇياشقا سىڭىپ كەتكەندەك غايىب بولدى.

مەن ئابلەت مۇھەممەتتىن يۇقىرىقى ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ، بۇ كىتابخۇمار بوۋايغا ئادەتتىن تاشقىرى قىزىقىپ قالدىم - دە، ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشۈۋېلىش ئىستىكىدە ئوت بولۇپياندىم. ئىزدەپ باراي دېسەم، ئۇنىڭ تۇرار جايىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بۇ بوۋاي كىتابخانىغا ئىككى - ئۈچ كۈندە بىرەر قېتىم كېلىپ تۇرىدىكەن. بەزىدە ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قىرائەتخانىسىغا كىتاب ئوقۇغىلى كېلىپ، قىرائەتخانىنىڭ كارىدورىدا كىتاب ئوقۇغان پېتى كېچىلەپ تۈنەپمۇ چىقىدىكەن. مەن ھەر ئىككىلا جايدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە بوۋاي بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىمنى ئۇقتۇرۇپ، پىستۇرما قۇرۇپ ياتقان ئەسكەردەك تاقەتسىزلى-نىپ ساقلىدىم. بوۋاي بىلەن ئۈچ كۈندىن كېيىن كىتابخانىغا كىتاب سېتىۋالغىلى كەلگەندە ئاندىن كۆرۈشەلىدىم. ئورا كۆز، قاڭشارلىق، ئېغىزلىرى يوغان ۋە دورداي كالپۇك كەلگەن، كونا كىيىملىرى كىر ۋە پۇرلەشكەن، چىرايى قورۇقلارنىڭ دەستىدىن كىيىملىرىدىن بەكرەك پۇرلىشىپ، قاتلاق - قاتلاق بولۇپ قالغان بۇ بوۋاي قارىماققا ناھايىتى سۇرلۇك ۋە دائىم ئېغىر خىياللارغا غەرق بولۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. بىر دەملىك قىزغىن ئەھۋاللىشىشتىن كېيىن بوۋاينىڭ روھىمۇ خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. مەن بىرنەرسىگە ھەيران ئىدىم. بوۋاي شۇنچىۋالا بىلىمدان، سۆزمەن بولۇشىغا قارىماي، تىلەمچىدىن ئۆتە قىيىن شارائىتتا ياشاۋېتىپتۇ. بىلىم تازا پۇل بولۇۋاتقان ھازىرقى يىللاردا بىر بىلىملىك ئادەم مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالسا كىممۇ ئەجەبلەنمىسۇن؟ . . .

- نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى تويۇپ تۇرۇۋاتىمەن، يازغۇچى ئۇكام،- دەپ گەپ باشلىدى بوۋاي بىر ھازا جىملىقتىن كېيىن ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ،- مەندەك بىر ئالىي

مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىلىملىك ئادەم قېرىغان چېغىدا ھازىرقىدەك ئىتتىن بەتتەر كۈن كۆرۈپ يۈرسە، باشقىلار ئوقۇغانىنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولارمۇ؟ دەپ ئويلاپ بىلىم ئېلىشتىن يالتىيىپ قالارمىكىن دەپ خويمۇ ئەنسىرەيمەن. كونىلاردا «ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەس» دېگەن گەپ بار. مەن ئۆلۈكىمنى كۆرسەتمەي دەپ قانچە تىرىشساممۇ ئامال بولمىدى. ئىت جېنىدا ئۆلۈكىنى يوشۇرىدىغانغا ئۇۋا تاپالايدۇ. كىشىلەر ئاشقان - تاشقاننى تاشلاپ بېرىدۇ. مېنىڭ ھازىرقى كۈنۈمدىن ھەقىقەتەن ئىتنىڭ كۈنىمۇ ياخشى. ياشىماي دېسەم ھايات خويمۇ سۆيۈملۈك. ئۇنىڭ ئۈستىگە جان تەڭرىنىڭ ئامانىتى. ئامانەتكە خىيانەت قىلىپ، بۇ دۇنيادىن دوزىخى بولۇپ كەتكۈم يوق، ئۇكام...

بىز ئۇزاق مۇڭداشتۇق. بوۋاي بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىنى يىپپىدىن - يىڭنىسىغىچە قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى:

— ئىسمىم بارات ئاخۇن. مەن ئەسلى يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسىدىن. مەن ئۆلكە ئازاد بولۇش ھارپىسىدىكى 47 -، 48 - يىللىرى يەكەن دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. ئۇ چاغلاردا يەكەن مەمۇرىي دەرىجە جەھەتتىن ۋىلايەت ئىدى. يەكەن دارىلمۇئەللىمىندىمۇ پوسكام، قاغىلىق، مەكىت ۋە ھازىرقى يەكەن ناھىيىسىدىن ئىبارەت تۆت ناھىيىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى تەربىيىلىنەتتى. ئۇ چاغدا پۈتۈن ۋىلايەت تەۋەسىدە ئاران بىرلا دارىلمۇئەللىمىن بار ئىدى. مەن دارىلمۇئەللىمىندىكى ئوقۇشنى تاماملاپ، ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىندىم. ئۇ چاغلاردا مەن تېخى ئۆيلەنمىگەن، يېشىممۇ كىچىك ئىدى. تۇرمۇش تەجرىبەم يوق بولغانلىقى ئۈستىگە ئاچچىقىم يامان ۋە مىجەزىم ئىتتىك ئىدى. ھېلىدىن - ھېلىغا بىر ئىشلارغا سەپرايىم ئۆرلەپلا تۇراتتى. شۇڭا ئۆزۈمنى ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە ئانچە ماس كەلمەيدىغاندەك ھېس قىلدىم. «ئۆزىنى سورىغان قازى ئالدىغا بارماپتۇ» دېگەن گەپ بار. شۇڭا شۇ چاغدىكى مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلىدىن مېنى باشقا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈندۈم:

— يېشىم كىچىك، تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرى بېشىمدىن ئۆتمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىجەزىم چۇس، قېنىم قىزىقراق. كەپسىز ئوقۇغۇچىلار بىرەر ئىشتا ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈپ قويسا، ئۆزۈمنى تۇتالماي بىرەر - ئىككى شاپىلاق ئۇرۇپ سېلىپ، ئاتا - ئانىلىرىنى رەنجىتىپ قويارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. شۇڭا باشقا بىر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بولسىلا، — دېسەم، مېنى شۇ كۈنىلا يەكەن شىنخۇا كىتابخانىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇ چاغلاردا كادىرلارنىڭ خىزمەت تەقسىماتىنى بىر توپ ئادەم مۇزاكىرىدىن ئۆتكۈزۈپ بولالماي، ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە سۆرەيدىغان ئىشلارمۇ يوق ئىدى. ئۇ چاغدا پۈتۈن بىر كىتابخانىدا ئاران ئۈچ - تۆتلا ئادەم ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلۈپمۇ كەتتى. بەزىلىرى تېخىچە ھايات. شۇ چاغدا كىتابخانىغا مەسئۇل بولغان ئوسمان جىڭلىمۇ ئاللىبۇرۇن قازا قىلىپ كەتتى. كىتابخانىدا بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن گېزىتخانىغا يۆتكىۋېتىلدىم. ئۇ چاغدا يەكەن گېزىتى ئىدارىسىگە مەرھۇم شائىر سۇزۇك ئەپەندى (ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت ئىمىن توختىنىياز) مەسئۇل ئىدى. ئۇ ئادەم مېنى ھەرپ تىزىدىغان نابورچىكلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمەت كادىرلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ چاغلاردا ئوقۇش، ئۆگىنىش ھەۋىسىم ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئېلاننى كۆرگەندىن كېيىن ئىچىمگە ئوت كىرىۋالدى. سۇزۇك ئەپەندىگە ئوقۇپ كېلىش ئارزۇيۇم بارلىقىنى ئېيتسام، بەك خۇش بولدى. «بىلىم دېگەن قازسا - قازسا تۈگىمەيدىغان بىر بايلىق. ئادەم قانچە كۆپ ئوقۇسا شۇنچە ياخشى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپى دېگەن بىر ئالىي مەكتەپ. ئۇ يەرنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەتلىرى تېخىمۇ ياخشى، مائاشلىرى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. بىز سىلىنىڭ ئوقۇشلىرىنى قىزغىن قوللايمىز. يەكەن دېگەن كىچىككىنە ۋىلايەت. ھەممىمىز يۇرتىمىزنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىماي يېتىۋەرگىنىمىزنىڭ پايدىسى يوق. شەھەر ئاتلاپ ئوقۇپ، سەۋىيىنى تازا ئاشۇرۇپ كەلسەك يۇرتىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت

www.uyghurkitap.com

قىلغىلى بولىدۇ. ئىمتىھانغا ياخشى تەييارلىق بىلەن قاتناشسىلا. ناۋادا ئۆتەلمەي قالسىلا بىز يەنە سىلىنى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىمىز. بىر مەزگىل نابورچىكلىق قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن كوررېكتورلۇققا ئۆستۈرىمىز. يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن تەھرىرلىككە ئۆستۈرىمىز. سىلىگە بۇ يەردە يول ئوچۇق. ئىمتىھانغا خاتىرجەم قاتنىشىۋەرسىلە. بەك ياخشى ئويلاپلا،— دېدى.

سۆزۈك ئەپەندىنىڭ گەپلىرى ماڭا زور ئىلھام بولدى. ئىمتىھانغا تىزىملاتتىم. ئىمتىھان ۋە باشقا تەكشۈرۈشلەردىن ساق - سالامەت ئۆتۈپ كەتتىم. ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەر پارتكوم كونا قورۇسىغا يىغىلدۇق. ھەممىمىزنىڭ ئىسمىنى بىردىن - بىردىن چاقىرىپ، مەكتەپنىڭ ماشىنىسىغا چىقىرىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ ماڭدى.

ئەينى يىللىرى بىز ئوقۇغان مەكتەپنىڭ باش مۇدىرى سەيپىدىن ئەزىزى ئىكەن. بۇ ئۇنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپىسى بولۇپ، ئاساسلىقى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچىنچى رەئىسى ئىكەن. بورھان شەھىدى باش رەئىس ئىكەن. ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا ئۇلار مەكتىپىمىزگە چىقىپ سۆز قىلدى. سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ بىر نەچچە قېتىم كۆرۈشكەنىدۇق. شۇنداق قىلىپ سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمەت كادىرلار مەكتىپىدىكى ئوقۇش ھاياتىمىز باشلاندى. (كېيىن بىز ئوقۇغان ئۇ مەكتەپنىڭ نامىنى شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىپتۇ. 1985 - يىلى ئۇلار دىپلومنى يېڭىلاپ بېرىش توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىپتىكەن. ئىككى پارچە رەسىمگە چۈشۈپ ئەۋەتسەم، ھازىرقى نامدا قايتا دىپلوم بېجىرىپ ئەۋەتىپ بەردى). بىز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كادىرلار مەكتىپىگە 1952 - يىلى 9 - ئايدا بارغانىدۇق. 1957 - يىلى 7 - ئايدا ئوقۇش پۈتتۈردۇق. قولىمىزغا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمەت كادىرلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. گۇۋاھنامىنىڭ ئاخىرىغا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئۆز تامغىسى بېسىلغانىدى. ئۇنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىندىم. نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىدە يەنە نېفىت كەسپى تەرجىمانلىق كۇرسىدا ئالتە ئاي بىلىم ئاشۇردۇم. بىلىم ئاشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مايتاغ نېفىت تېخنىك ئىشچىلار مەكتىۋىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىندىم.

مەكتەپ ئىشخانىسىدا بىرنەچچە يىل تەرجىمانلىق قىلدىم. ئۇ چاغدا خەنزۇچىغا پىششىق ئىدىم. ئېغىزچە ھەم يېزىقچە تەرجىمانلىقنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ قىلالايتتىم. نېفىت كەسپى بويىچە رۇس تىلىدىمۇ تەرجىمانلىق قىلالايتتىم. رۇس تىلىنى كېيىنچە ئىشلەتمىگەندىكىن تەدرىجىي ئۇنتۇپ كەتتىم. مەن مەكتەپ ئىشخانىسىدا تەرجىمانلىق قىلغاندىن باشقا يەنە ئوقۇغۇچىلارغا سىياسەت دەرسى بەردىم. 1958 - يىلى «ئېچىلىپ - سايراش» دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئارقىدىنلا ۋەزىيەتمۇ قاسساپنىڭ قوي بوغۇزلايدىغان پىچىقىدەك ئىتتىكلەپ كەتتى. ئەينى چاغدا قاراماي شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالى بىزنىڭ مەكتەپنىڭ دوختۇرخانىسىدا سېستىرا ئىدى. سېستىرا بولغىنىغا قارىماي، شەھەر باشلىقى بولغان ئېرىدىنمۇ ئارتۇقراق ھاكاۋۇر ئىدى. بىر كۈنى قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ، ئامالسىز شۇ سېستىرا ئايالنىڭ ئالدىغا بېرىپ دورا ئېلىپ يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدىم. بۇ چاغدا مەن بىلەن تەڭتۇش بىر توپ ئوقۇغۇچىلارمۇ دېرىزە تۈۋىدە دورا ئېلىش ئۈچۈن ئۆچىرەتتە تۇرۇۋاتقانىدى. مەن سېستىراغا: «ماڭا ئازراق دورا بەرسىڭىز بولاتتى» دېسەم، ئېغىزلىرىنى سەت پۇرۇشتۇرۇپ قوپاللىق بىلەن، يەنە كېلىپ سەۋەبسىزلا : «ئۆتەپ بارە، مەن سەندەك كەلگىندىگە دورا بەرمەيمەن!» دەپ سىلكىشلىدى. ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئالدىدا ئىزاغا ئۆلدۈم. ئەرۋايىم قىرىق گەز ئۆچتى. ئۇ چاغدا ياش، قاۋۇل، تۇرمۇشىمىزمۇ ئوبدان، نوچى ۋاقىتلىرىمىز ئىدى. ئۆزۈمنىڭ بېشىغا كەلگەن تەڭسىزلىك ئەمەس، باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تەڭسىزلىككىمۇ چىدىمايتتىم. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئادەمغۇ، يەنە كېلىپ مەن بۇ مەكتەپنىڭ تەرجىمانى ھەم ئوقۇغۇچىلار ئۇستاز ئورنىدا كۆرۈپ ھۆرمەتلەيدىغان بىر ئوقۇتقۇچىسى. بۇ سېستىرانىڭ ماڭا دورا بەرمەسلىككە ۋە مېنى ھاقارەتلەشكە نېمە ھەددى. بىز بىر

شىنجاڭلىق تۇرۇپ، ئەجەبا مەن ئۆز يۇرتۇمغا «كەلگىندى» بولامدىكەنمەن؟ خىزمەت دەرىجىسى مەندىنمۇ تۆۋەن تۇرىدىغان ئادەتتىكى بىر سېستىرانىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم ئالدىدا ماڭا ئاھانەت قىلىپ، ئورۇنسىز سىلكىشلىگىنىگە قەۋەت ئاچچىقىم كەلدى. شۇنداقتىمۇ ئاچچىقىمغا هاي بېرىپ، چىرايلىق نەسىھەت قىلسام، «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دەپ، ئېغىزغا ئالغۇسىز سەت گەپلەر بىلەن ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى. سەۋرى - تاقەت دېگەنىنىڭمۇ چېكى بولىدۇ - دە! غەزەپتىن قۇيقا چاچلىرىم تىك تۇرۇپ كەتتى. ئىختىيارسىز كۆزۈمنى يۇمۇپ، قوللىرىمنى شىلتىغاندەك قىلىۋىدىم، سېستىراغا بىر - ئىككى شاپىلاق تېگىپ كېتىپتۇ. سېستىرا يىغلاپ، چۇقان كۆتۈرۈپ مەكتەپنى بېشىغا كىيدى. ئارقىدىنلا مەكتەپتە چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، يىغىندا مەن ئۆزۈمنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇلدۇم. مەنمۇ بارنى بار، يوقنى يوق دەپ، سەمىمىيلىك بىلەن ئۆزۈمنى تەكشۈردۈم. ئارقىدىنلا مەكتەپ ماڭا مەمۇري چارە كۆرۈپ، مايىتاغ گىرەجگە چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇ يەردە بىر نەچچە يىل ئىشلىتىپ كۆرۈپ بېقىپ، خىزمەت ئىپادەم ياخشى بولسا، يەنە مەكتەپكە قايتۇرۇپ ئەكەلمەكچى بولدى. گىرەجدە تاشيول ئىشچىلىرى قاتارىدا گۈرجەكنى كۆتۈرۈپ چىقىپ يول تۈزلەيدىغان، زەمبىل بىلەن شېغىل توشۇيدىغان قارا ئىشلارنى قىلدىم. بۇزۇق ئاپتوموبىللارنىڭ تېگىدە ماي تۆكۈلۈپ شىلىمشىق بولۇپ كەتكەن پاتقاقلارغا مىلىنىپ تۇرۇپ، رېمونتچى ئۇستىلار قايسى ئىشنى بۇيرۇسا شۇ ئىشنى قىلدىم، رېمونتچىلاردىن بەكرەك مېنى قاسماق بېسىپ، ئىككى يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. «ئېچىلىپ - سايراش» تازا ئەۋجىگە چىقتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قاتارىدا مەنمۇ ئۆز پىكرىمنى يوغان تام گېزىتىگە يازغىنىمنى بىلەرمەن، ئارقىدىنلا «يەرلىك مىللەتچى» بولۇپ سايلىنىپ قالدىم. ئۇزاق ئۆتمەيلا «يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىرىنچى سېپىنى كۈچەيتىش» چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كادىرلارنى قىسقارتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. كادىرلار بۆلۈمى ئۇستىۋېشىمدىكى ئىشچىلىق كىيىمىنىمۇ سالدۇرۇۋېلىپ، قولۇمغا ئاران قىرىق يۈەن پۇل تۇتقۇزۇپ، نوپۇس ۋە باشقا رەسمىيەتلىرىمنى بىراقلا سۆكۈپ، يۇرتۇم يەكەنگە ھەيدىۋەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرىدىن پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈۋېتىلدىم. ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن بۇ كېلىشمەسلىكلەرگە ھەتتا ئۆزۈممۇ ھەيران - ھەس بولۇپ قالدىم. يۇرتۇمغا قايتىپ كېلىپ بىر مەزگىل ئارال يېزىلىق ئاشلىق پونكىتىدا مەدىكار بولۇپ ئىشلىدىم. شۇ ئارىدا ئارال يېزىلىق پارتكومنىڭ لى فامىلىلىك شۇجىسى چاقىرتىپتۇ. لى شۇجى ناھىيىلىك پارتكومغا مېنى تونۇشتۇرۇپ ۋە مۇۋاپىق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ خەت يېزىپ بەردى. ئەگەر ناھىيىلىك پارتكوم خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرمىسا، دەرھال قايتىپ چىقىشىمنى، ئاشلىق پونكىتىدا تەرجىمان بولۇپ ئىشلەيدىغانلىقىمنى تاپىلىدى. شۇ چاغدىكى تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى يۈسۈپ روزى ماڭا بىر خەنزۇچە گېزىتنى تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ماقالىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ سىناپ كۆرۈپ، ئارسلانباغ يېزىلىق پارتكومنىڭ ۋاڭ فامىلىلىك شۇجىسىغا تەرجىمان قىلىپ بەلگىلەپ بەردى. ئارسلانباغقا چىققاندىن كېيىن ۋاڭ شۇجىغا تەرجىمانلىققا ئەمەس، ياغاچ پونكىتىغا ئىشچىلىققا، قوشۇمچە يېزىنىڭ خەت - ئالاقە ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغانغا بەلگىلەندىم. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يېزىلىق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ تەرجىمانلىقىغا بەلگىلىنىپ، كۈن بويى ئېچىلىدىغان ئۇزۇندىن - ئۇزۇن يىغىنلاردا ئەتىگەندىن - كەچ كىرگىچە دەم ئالماي تەرجىمانلىق قىلىشقا باشلىدىم. ئۇ چاغدا يەكەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە تۇردىيوف ھاكىم ئىدى. ئارىلاپ - ئارىلاپ تۇردىيوف ھاكىمغىمۇ تەرجىمانلىق قىلىپ بېرەتتىم. تۇردىيوف ھاكىم مېنىڭ تەرجىمانلىق ئىقتىدارىمغا بەك قايىل ئىدى. كېيىنچە يېزىدا تەرجىمانلارمۇ قىسقارتىلدى. قىسقارتىلىش ماڭا ئۇدۇم بولۇپ قالغان بولسا كېرەك، بۇ دۆرەممۇ يەنە قىسقارتىلدىم. ئارسلانباغدا ئىككى يىل تەرجىمان بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا كوپېراتسىيىنىڭ ئاشخانىسىدىن ئەل قاتارى تاماق يەپ ئۆتكەندىن باشقا بىر سىنتىمۇ ئىش ھەققى ئالمىدىم. يېزىدىكىلەر تېخى ئۆزلىرى بىرنېمە دېمىدى.

مەنمۇ تارتىنچاقلىق قىلىپ، ئۇلارغا بۇ ھەقتە چىش يېرىپ بىرنەرسە دېيەلمىدىم. بۇ چاغدا ئۆيلىنىپ، ئايالىم يەڭگەن چاغلار ئىدى. ئايالىم توي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا چىدىماي يامانلاپ كەتكەنىدى. شۇ كۈنلەردە بالىنىڭ سۈت ھەققىنى تەلەپ قىلىپ، ئۈستۈمدىن سوتقا ئەرز بەرگەنىدى. تۇرمۇشتا قاتتىق قىينالغانىنىڭ ئۈستىگە، تېخى بېشىمدا بۇ غەم بار ئىدى. قىسقارتىلغاندىن كېيىن ئامالسىز ئارالغا قايتىپ كېلىپ، لى شۇجىغا ئەھۋالنى ئېيتىپ، خىزمەت تېپىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدىم. لى شۇجى سەي دادۈيگە خىزمەتكە تونۇشتۇرۇپ خەت يېزىپ بەردى. سەي دادۈيگە چىقسام، دادۈينىڭ مەسئۇلى: «سىلە ئالىي ئورۇنلاردا ئىشلەپ كەلگەن، بىلىم سەۋىيەلىرى يۇقىرى ئادەم ئىكەنلا. بۇ يەرنىڭ ئەزالىرى ئېتىزدا ئىشلەيدۇ. خوتۇنلىرىمۇ يوق، تىكەندەك يالغۇز بىر ئادەم ئىكەنلا. دادۈيدە ئۆيمۇ قىس، يالغۇز ئادەمگە تېخىمۇ ئۆي ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرەلمەيمىز. ئېتىز - ئېرىقتىكى دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا سىلە چىدىيالمايلا. باشقا بىر يەردىن ئۆزلىرىگە لايىق ئىش تېپىپ ئىشلىگەچ تۇرسىلا، ھازىرچە بىز ئورۇنلاشتۇرالمايمىز» دەپ قايتۇرۇۋەتتى. لى شۇجىمۇ ئامالسىز بىر مەزگىل كۈتۈپ تۇرۇشۇمنى تاپىلىدى. ئىككى - ئۈچ ئاي پاختا زاۋۇتىدا مەدىكار بولۇپ ئىشلەپ، ماشىنىلارغا پاختا بېسىپ بەردىم. ئۇلار كۈنلۈكۈمگە 80 سىنتتىن ئىش ھەققى بەردى. ئۇ چاغلاردا ئەل ئۆمرۈمدە ئالدىغا ئىسسىق بىر چىنە ئاشنى ئاپىرىپ يېگۈزۈشكە قادىر بولالمىغان دادام تېخى ھايات ئىدى. دادام: «ئوغلۇم، مەن قېرىپ كەتتىم. ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا چىدىشالمايمەن. سەن ماڭا جاڭگالدىن تال كېسىپ ئەكىلىپ بەرگىن. مېنىڭ سېۋەت توقۇيدىغان ھۈنىرىم بولغاندىكىن، ئولتۇرۇپ سېۋەت توقاي. كەنتتىن بىر ئاي سېۋەت توقۇپ بەرسەم، ئوتتۇز كوي بېرىدىغان بولدى. ئاتا - بالا بىرلىشىپ، كەنتنىڭ سېۋىتىنى ھۆددە ئېلىۋالايلى. مەن ساڭا دۇئا قىلاي، بالام. قېرىغان چېغىمدا ماڭا ھەمراھ بولغىن. پۇل تېپىپ، ساڭا يېڭىۋاشتىن خوتۇن ئېلىپ بېرەي. مېنىڭ ئورنۇمدا كوپېراتسىيىدە ئىشلىسەڭ بولاتتى» دېدى. ماقۇل بولدۇم - دە، دادامغا ئەگىشىپ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ۋە كىچىكىمدە ئويناپ چوڭ بولغان تۆگە تاتار يېزىسىغا چىقىپ كەتتىم. ئەتىگىنى دادامغا ياردەملىشىپ سېۋەت توقۇشۇپ بەردىم، جاڭگالدىن تال ئەكىلىپ بەردىم. كوپېراتسىيىدە كۈن بويى ھاشارغا ئىشلىدىم. نەچچە قېتىم ھاشارچىلار قاتارىدا يەكەن دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى جايلاشقان كاچۇڭ يېزىسىغا بېرىپ چېقىلغا ئىشلىدىم. پاتمانقاشقا بېرىپ چېقىلدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەمگىكىگە قاتنىشىپ، تاش توشۇپ، دەرياغا بۇقا سالدۇق. كوپېراتسىيىنىڭ ئۈچچە تامىقىنىڭ ھەلەپتىن پەرقى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ تاماقمۇ ناھايىتى قىس ئىدى. ھەپتە - ھەپتىلەپ قورساق تويماي ئۆتۈپ كېتەتتى. دادا - بالا ئىككىلەن ناھايىتى قىينالدۇق. دادام كېچە - كۈندۈزلەپ سېۋەت توقۇپ، كەنتنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغاندىن سىرت، ئاشقان سېۋەتلىرىنى ھەر پەيشەنبە كۈنى يەكەن بازىرىغا ئېلىپ كىرىپ سېتىپ چىقاتتى. ئۇ چاغلاردا يەكەندە بازار پەيسەنبە كۈنى قىزىيتتى. مەن تۆگە تاتار كەنتىگە چىقىپ ئىككى يىلدىن كېيىنكى بىر پەيشەنبە كۈنلۈكى دادام سېۋەت ساتقىلى بازارغا كىرىپ كەتتى. مەن كوپېراتسىيىنىڭ ئەمگىكىگە تۇتۇلۇپ قېلىپ بىللە كىرىشكە ئامالسىز قالغانىدىم. شۇ كۈنى قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. دادام بوراندا قالىدىغان بولدى دەپ ئەنسىرەپ يۈرىكىم ئاغدى. يولدا قاش قارايغىچە دادامنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. بىر چاغدا «يولدا بىر ئادەم بوراندا يىقىلىپ چۈشۈپ، ھارۋا چاقىنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈپ قاپتۇ» دېگەن گەپ تارقالدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم «قارت» قىلىپ قالدى. بەدەر بازارغا قاراپ ماڭدىم. زىلچاق بويىغا كەلگەندە يېزىمىزدىكى ئادەملەر بىرەيلەننىڭ جەسىتىنى ھارۋىغا سېلىپ شەھەر تەرەپتىن چىقىپ كېلىۋېتىپتۇ. يۈزىنى ئېچىپ قارىسام — دادام! دۇنيادىن ئازراقمۇ خۇشلۇق كۆرمەي ۋاقىتسىز كېتىپ قالغان دادامنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ بىر ھازا يىغلىدىم. بىراق مىڭ يىغلىغان بىلەن ئۆلگەن ئادەم تىرىلىپ قالمايتتى. ئەتىسى دادامنى ئىككى مېتىر خامغا يۆگەپ يەرلىككە قويدۇق. شۇندىن كېيىن تۇرمۇشتا ھېچقانداق تارتىشىدىغان ئادىمىم يوق، يە ھېچقانداق يۆلەنچۈكۈم يوق، تىكەندەك يالغۇز قالدىم. ئارىدا بىر مەزگىل ئېلىشقۇدا ياللانما كادىر قاتارىدا تەرجىمانلىق قىلغان بولدۇم. ئۇزاق ئۆتمەيلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كەتتى. زامان بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر يامانلىشىپ كەتتى. ئېلىشقۇدا بىرنەچچە يىل تەرجىمانلىق قىلىپ، ئۇ

يەردىنمۇ ئورنۇمغا باشقا بىر تەرجىماننى تېپىۋېلىپ ھەيدىۋېتىشتى. شۇندىن كېيىن ئىككى يىل ئۆپچۆرىسىدە ئارال يېزىلىق ياغاچ پونكىتىدا ياغاچ سېتىۋېلىش خىزمىتىگە ياردەملىشىپ، ياللىنىپ ئىشلىدىم. كېيىن يەنە ئۇ يەردىمۇ مەن قىلىدىغان ئىش قالماي، يەنە كوپىراتسىيىگە قاتناشتىم. تۆگە تاتار كەنتى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇم بولغان بىلەن، ئۇ يەردە مەن تارتىشىدىغان ھېچنېمە، ھەتتا ئۆي - ۋاران چاغلىق بىرنەرسىمىزمۇ يوق ئىدى. مەن كەنت كومىتېتىنىڭ ئاتخانىسىدا يېتىپ - قوپۇپ ئىشلەيتتىم. كەنت كومىتېتىدىن ئىككى پۇڭ يەر بەرگەنىدى. شۇ يەرگىمۇ تام سوقۇپ، ئۈستىنى ئەپلەپ - سەپلەپ يېپىپ، ئۆي قىلىۋېلىشقا قۇربىم يەتمىدى. كېيىنچە، ھەتتا قورساق بېقىشقىمۇ قۇربىم يەتمەي قالدى. بىر مەزگىل ئەترەت باشلىقىنىڭ ئىنىسى بىلەن بىرلىكتە ئەترەتنىڭ 18 كالىسىنى باقتىم. ئۇي بېقىشىپ بەرگىنىمگە ئاران كۈنىگە بىر نەچچە سەردىن قوناق ئۇنى بېرەتتى. قوناق ئۇنىدا كۆمەچ كۆمۈپ، قۇرۇق زاڭ ئېتىپ يەپ، قورساق ھېلى ئاچ، ھېلى توق، بەگۋاش كالىلارنى باقمىقىنىڭ تېخى تەسلىكى، شۇنىڭ بىلەن كوپىراتسىيە دېگەندىن رايىم يېنىپلا كەتتى. كالىدىن بەتتەر ئىشلەۋەرسەممۇ نومۇرۇم ھېچ ئاۋۇمىدى. ھەتتا يىلدىن - يىلغا پاتىڭىمدا قەرز ئېشىپ قالدى. ئوغۇل بالا دېگەن گېپى كەلسە ئاچلىققىمۇ چىدايدىكەنمىز، ئەمما ناھەقچىلىققا، ناھەق قەرزگە بوغۇلۇپ قالساق چىدىماق تەسكەن. تىكەندەك بىر جان تۇرۇپ، ئەجەبا ئۆز يۇرتۇمدا جېنىمنى جان ئېتەلمەي قالدىما؟ شۇ ئاچچىقىمدا جاھان كەڭرى بولغاندىن كېيىن، شەھەرگە كىرىپ كۈنۈمنى ئالاي دەپ، كۆزۈمنى يۇمۇپلا شەھەرگە يېنىپ كىردىم. ئاتا - ئانام ھەممىسى قازا قىلىپ كەتتى. يۇرتۇمدا مەن تارتىشىدىغان ھېچنېمەم قالمىدى. شەھەردە تىكەندەك بىر جېنىمنى ئەپلەپ - سەپلەپ جان ئېتەرمەن دەپ ئويلىدىم. شۇنداق قىلىپ شەھەردە قېقىندى - سوقۇندى بولۇپ، ھېلى بار، ھېلى يوق ئېغىر ئەمگەكلەرگە ياللىنىپ ئىشلەپ يۈرۈپ مەدەنىيەت ئىنقىلابىمۇ ئاخىرلاشتى. سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان يىللاردا مەن چارەك يېزىسىنىڭ ئاشلىق پونكىت قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئېلىۋالغان بىر قۇرۇلۇش ھۆددىگىرىگە ياللىنىپ كېسەك قۇيىدىغان، لاي ئېتىدىغان، ئازگالدىن لاي چىقىرىپ بېرىدىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىم ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كۈنلەردە گېزىت كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغاندىكىن جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن بىخەۋەر قاپتىمەن. كېيىن يەنە مۇشۇ مەھەللىنىڭ كوچىلىرىدا بۈگۈن تاپقىنىمنى ئەتىگە ئاشۇرۇپ قويماي، بەزىدە كۈن - كۈنلەپ ئاچ - يالىڭاچ قېلىپ، ياتقىلى يەر تاپالماسام، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا تۆكۈپ قويۇلغان شېغىل دۆۋىلىرى ئۈستىدە، يول بويلىرىدىكى ئورمان بەلۋاغلىرى ئارىسىدا يېتىپ - قوپۇپ يۈردۈم. كۈچۈمنىڭ تازا بار چاغلىرى غەدىگەرلىكتىكى مەدىكار بازىرىدا ئۆزۈمنى قارا ئەمگەكلەرگە مەدىكار ياللايدىغانلارغا بازارغا سېلىش بىلەن ئۆتتى. يەكەن كونىشەھەردىكى بۇ مەدىكار بازىرى قەدىمكى زامانلاردىكى قۇل بازىرىدىن، ياكى ھازىرقى مال بازىرىدىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدۇ. ئادەم ياللايدىغانلار مال سېتىۋالغۇچىلار ئات - ئېشەكنىڭ چىشىنى يىرىپ بېقىپ، مىنىپ چاپتۇرۇپ كۆرۈپ مال سېتىۋالغاندەك، بىزنىڭمۇ بەستىمىزگە قاراپ، ئۇ يەر - بۇ يېرىمىزنى تۇتۇپ بېقىپ، يوغان - يوغان قورام تاشلارنى كۆتەرتىپ بېقىپ، ئېغىر ۋە ھاقارەتلىك سىناقلاردىن ئۆتەلىسەك ئاندىن ياللاپ ئاپىرىپ ئىشلىتىدۇ. بۇ سىناقلاردىن ئۆتۈپ بولغۇچىلا نەچچە كۈن ھاشارغا ئىشلىگەندىن بەتتەر ھېرىپ كېتىمىز. ياللاپ ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ كۆپى تېخى بىزنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىچىلىك ئىززىتىمىزنى قىلمايدۇ. ئەتىگەندىن - كەچكىچە كالىدەك ئىشلىتىدۇ. ھاجەتخانىدىن گەندە چىقىرىدىغان، يۇندا تۆكىدىغان ئىشلار دېگەن تېخى مەدىكار بولغۇچىلار قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ يېنىكلىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بېرىدىغان پۇلى تايىنلىق. بۇرۇن كۈنىگە بىر - ئىككى كويغا ئىشلەيتتۇق. ھازىر مال باھاسى ئۆرلىگەندىن كېيىن، بەش كويدىن - ئون كويغىچە ياللايدىغان بولدى. ياللانغۇچىلارغا ئاشقان - تاشقان، بىرەر كېچە تۇرۇپ بىخسىپ قالغان تاماقلارنى بېرىدۇ. قېتىپ داراڭشىپ كەتكەن، تونۇردىن چىققىلى كەم دېگەندە بىرەر ئاي بولغان، ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇپ قويغان زاغرىلارنى بېرىدۇ. تالاي يىللارنى مۇشۇنداق كۈنلەرنى كۆرۈپ ئۆتكۈزدۈم. 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش مۇناسىۋىتى بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى مەلىكە ئاماننىسا خېنىمنىڭ مەقبەرىسىگە ئۇل قويۇش

www.uyghurkitap.com

مۇراسىمىغا كەلگەندە مەنمۇ يەكەن كونىشەھەردە مەدىكار بازىرىدا ئۆزۈمنى بازارغا سېلىپ يۈرگەن كۈنلىرىم ئىدى. مەن بىر ئامال قىلىپ، سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامەمگە بېسىلغان تامغىنى كۆرسىتىپ، ھال - ئەھۋالىمنى ئېيتىپ، سىياسىتىمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈۋالماقچى بولغانىدىم. تۇتامغا چىققىدەك بىرەر سەۋەبنىڭ تايىنى يوقلا خىزمەتتىن قالدۇرۇۋېتىلگەن پېتى قىرىق يىلغا يېقىن سەرگەردان بولۇپ، تارتمىغان كۈنلىرىم قالماپتۇ. ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەتچى بولسىمۇ تۈرمىدە مەن تارتقان كۈننى تارتماس.

مەن يا ئادەم ئۆلتۈرمىسەم؟ شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالىنى ئاچچىقىمغا پايلىماي بىر - ئىككى شاپىلاق ئۇرۇپ قويغان گۇناھىمغا ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە دەرد تارتىپلا ئۆتۈپ كەتتىم. ھەر قانچە ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولسامۇ تۈگىگەندۇ، دەپ ئويلىدىم. بىراق دەل شۇ كۈنلەردە يەكەن ناھىيىلىك يىغۋېلىش ئورنىنىڭ داڭقى چىققان كادىرى قادىر «قاپاق» مېنى سەۋەبسىزلا «ئۇماچ ئىچەمسىز؟ مېڭىڭە!» دېگەن بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا يىغۋېلىش ئورنىغا ئەكىرىپ سولاپ قويدى. مېنىڭ شەھەردە ۋاقىتلىق تۇرۇش گۇۋاھنامەممۇ يوق ئىدى. بۇ گۇۋاھنامىنى بېجىرگۇدەك پۇلمۇ تاپالمىغانىدىم. شۇڭا ئامالسىز قادىر «قاپاق» نىڭ ئالدىغا چۈشۈپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم. نەتىجىدە سەيپىدىن ئەپەندىگە دەرد تۆكىدىغان غەنىمەت پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدۇم. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سىياسىتىمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئەرز سۇنۇشقا يول كىراسىغا يەتكۈدەك پۇلنىمۇ تاپالماي نەچچە يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدىم. تەقدىر ماڭا ھەمىشە مانا مۇشۇنداق تەتۈر قارامدىغاندۇ؟ مانا ئەمدى قېرىدىم، كۈچۈمدىنمۇ قالدىم. قىرىق يىلنىڭ ئالدىدا ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالىم ھازىرمۇ ھايات. ئۇ ئايالىمدىن بولغان ئوغلۇمىمۇ قىرىق ياشقا كىردى. ئاڭلىسام تۆمۈرچىلىك قىلىپ جان بېقىۋېتىپتۇ. مەن ئەل ئۆمرۈمدە بىر نان تېپىپ ئاپىرىپ، «بالام، مەن سېنىڭ داداڭ، مانا ماۋۇ ناننى يە دېيەلمىدىم. بالامغا نەچچە ئون يىل قارىماي، تاشلىۋەتكەن تۇرسام، ئۇنىڭغا قايسى يۈزۈم بىلەن قارىيالايمەن؟ ئوغلۇمنى بىرەر قېتىم باغرىمغا بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق ئىدى. ھەر ئىككىلىمىز تىرىك تۇرۇپ، بىرلا شەھەردە ياشاۋېتىپ تۇرۇپ، ئۇ تېخىچە ئاتىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدۇ. مەن تېخىچە ئوغلۇمنى نومۇسقا ئۆلتۈرمەسلىك، ئۇنىڭدا ئۆز ئاتىسىغا نىسبەتەن يىرگىنىش تۇيغۇسىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزۈمنى كۆرسەتمەي يۈرىمەن. بىر قېتىم ئوغلۇم بىلەن كوچىدا يۈزمۇ يۈز ئۇچرىشىپ قالدىم. بۇ چاغدا مەن ئاچ قالغىلى ئۈچ كۈن بولۇپ ئامالسىز كوچىغا چىقىپ ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە دۇئا قىلىپ تىلەۋاتاتتىم. ئوغلۇم مېنى كۆرۈپ، تونۇمىسىمۇ باغرى يۇمشاپ توختىدى ۋە يېنىدىن بىر يۈەن چىقىرىپ ئالدىمغا پەرۋاسىزلا تاشلاپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن دەرھال تەتۈر قارىۋالدىم. كۆزلىرىمدىن مۆلدۈلدەپ ياش قۇيۇلدى. دەرھال ئالدىمدىكى پارچە پۇللارنى يىغىشتۇرۇپ، بېشىم قايغان، پۇتۇم تايغان يەرگە كېتىپ قالدىم. بۇندىن ئون يىللار ئىلگىرى ئايالىم مەدىكار بازىرىدا مېنى كۆرۈپ قېلىپ، بىر ھازا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن مېنى بىر چەتكە قوپاللىق بىلەن يېتىلەپ بېرىپ: «مەن ئوغۇللىرىغا سىلىنى ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن دەپ قويدۇم. يەنە باشلىرى قىزىپ كېتىپ، ئۇنى ئىزدەپ يۈرمىسىلە جۇمۇ. قالغىنىغا ئىشتانىغا چىقارغان كۆڭۈلگە تايىن. مېنىڭمۇ شۇنداق دېمەي ئامالىم يوق» دەپلا زەردە بىلەن ئالىيىپ قويۇپ كېتىپ قالدى. مەن ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان ئادەمدەك نېمە قىلارىمنى بىلمەي خېلى ئۇزۇنغىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئارقىدىنلا پىغانلىرىم ئىچ - ئىچىمگە پاتماي ھۆكرەپ يىغلىۋەتتىم. ساقاللىرىم يامغۇردا قالغاندەك نەملىشىپ كەتتى.

مەن تالاي - تالاي ئېغىر دەردلەرگە چىداپ كۆنۈپ كەتكەنىدىم. ئوقۇش ھاياتىمدىن كېيىنكى ئۆمرۈم ئاساسەن دەرد تارتىش بىلەنلا ئۆتۈپ كەتكەچكە، دەرد تارتىش، خورلىنىش، موھتاجلىق، بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق يۈرۈش ماڭا غەيرىي تۇيۇلمايدىغان، ھاياتنىڭ ماڭا سالغان بۇ ئايىغى چىقماس كۈلپەتلىرىنى تەبىئىي شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك بىمالال قوبۇل قىلىۋېرىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. لېكىن بۇ دۆرەم تىرىك تۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگىنىمگە، يەنە كېلىپ تومۇرىدا قېنىم ئېقىۋاتقان ئوغلۇمنىڭ ئالدىدا ئۆلتۈرۈۋېتىلگىنىمگە زادىلا چىدىيالمىدىم! كېيىن كۈچۈمدىنمۇ قالدىم. مەدىكار بازىرىدىمۇ مېنى ياللايدىغانغا كۈن - كۈنلەپ ئادەم چىقمايدىغان بولۇپ قالدى. ئامالسىز كوچىغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلىشقا

مەجبۇر بولدۇم. بىراق تىلەمچىلىك قىلىشىمۇ تەسكە توختىدى. مەن بىلمەيتتىمەن. بۇ كوچىنىڭمۇ ئىگىسى بار ئىكەن. بىر قېتىم كونىشەھەرنىڭ چارسۇ ئەتراپىدا تىلەپ يۈرۈۋاتسام، بىرنەچچە تىلەمچى مېنى يوپۇرۇلۇپ كېلىپلا قاتتىق ئۇرۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تىللاپ تۇرۇپ دېيىشىچە، مەن ئۇلارنىڭ تىلەمچىلىك قىلىدىغان تەۋەلىكىگە سوقۇنۇپ كىرىپ تىلەمچىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ رىزقىغا توپا چاچقانمىشمەن. توۋا، تىلەمچىلەرمۇ شەھەر كوچىلىرىنى بۆلۈشۇۋالسا - ھە؟! شۇندىن كېيىن كوچىدىلا ئېغىر بىتاپ بولۇپ، بىرنەچچە كۈن يېتىپ قالدىم. تىلەمچىلەر مېنى ئۇرۇپ بولۇپ، ئادەم يىغىلغىلى تۇرغاندا غىپپىدە تىكىۋېتىشكەندى. ئالا - ھەزەل بىرەر ھەپتىدىن كېيىن ئاندىن پۇتلىرىمنى ئاران يۆتكىيەلىدىم. ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئاشقان - تاشقان تاماقلارنى تاشلاپ بېرىپ، سۇ ئەكىلىپ ئىچۈرۈپ قويۇپ ئاچ قويمىدى. بولمىسا ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاغرىق دەردىدىن ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى. شۇندىن كېيىن ئۆمىلەپ دېگۈدەك چىلتەنلىرىمگە بېرىۋالدىم. يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەچكىمۇ، شۇندىن كېيىن ئىككىنچى تىلەمچىلىك قىلغىلىمۇ چىقمىدىم. تەلىيىمگە يارىشا كىچىكىمدە دىنى مەكتەپتە ئوقۇپ، قۇرئان ساۋاتىنى چىقارغانىدىم. ھازىر چىلتەنلىرىمدە ئاتا - ئانا ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ قەبرىسىگە دۇئا قىلغىلى كەلگەنلەرگە خەتمە قۇرئان قىلىپ بېرىپ، يېڭى تۇغۇلغان بالىلارغا ئات قويۇپ بېرىپ، شۇلار دۇئا قىلدۇرغان چەككە - چۇككە پۇل - پۇچەكلەر بىلەن جېنىمنى جان ئېتىپ كېتىۋاتىمەن. مەسچىتنىڭ ۋەخپە ئۆيىدە يېتىپ - قوپۇۋاتىمەن. شۇنىڭ بەدىلىگە مەسچىتنى سىپىرىپ - سۈپۈرۈپ تازىلايدىغان، مەسچىتكە تەۋە نەزىر - چىراق بۇيۇملىرىغا قارىشىپ بېرىدىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىمەن. تېخى بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىلا مەسچىتنىڭ كونىراپ كەتكەن ۋەخپە ئۆيى تۇيۇقسىز ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ئۆلۈپ كەتكىلى قىل قالدىم. ئەگەر ئۆينىڭ ئوتتۇرىدىراق يېتىپ قالمىغان بولسام، گەپ - سۆزسىز تىن تارتماي جان بەرگەن بولاتتىم. تەلىيىمگە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تامنىڭ تۈۋىگە كىتابلىرىمنى دۆۋىلەپ قويغاچقا، كىتابلىرىم بىلەن ئۆزۈم ئارانلا پاتىدىغان بۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا - كىتاب دۆۋىلىرى ئارىسىدىكى قىسىلچاقتا يېتىپ قالغانىدىم. شۇڭا ئازراقلا بىر يەرلىرىم زەخىملىنىپتۇ، خۇداغا شۈكرى، يەنە ساقىيىپ قالدىم...

ئۆمرۈمدە تارتقان خورلۇقلىرىمغا، ئۇچرىغان ناھەقچىلىكلەرگە ئۆزۈمنىڭ يا ئېلىشىپ قالماي، يا ئاچچىقتا ئۇغرى - قاراقچىغا ئايلىنىپ كەتمەي، پاكىز ياشاپ، ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، «بارات قارىم» دېگەن چىرايلىق نام - ئاتاققا ئىگە بولۇپ كەلگىنىمگە بەزىدە ئۆزۈممۇ ھەيران قالىمەن. بۇ جەرياندا ماڭا كىتابلىرىم ياخشى ھەمراھ بولۇپ كەلدى. كىتابلىرىم مېنى قوغدىدى. تالاي قېتىم ئۆلۈۋالغۇم كەلسە كىتابلىرىم مېنى ئۆلۈۋالغىلى قويمىدى. دەرد تارتسام كىتابلىرىم ماڭا تەسەللى بەردى. كىتابلىرىم ماڭا دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى، ھاياتنىڭ راھىتىنى ھەر ۋاقىت ئەسلىتىپ تۇردى. مەن كىتابلىرىم بولغاچقىلا مانا بۈگۈنكىدەك 68 ياشقا كىرگۈچە ھايات ياشاپ قالالىدىم. كىتاب مېنىڭ بىردىنبىر ئۆمۈرلۈك مەشۇقۇم بولدى. شۇڭا تا ئۆلگۈچە كىتابلىرىم ئۈچۈن، كىتاب يازغۇچىلار ئۈچۈن قانچە دۇئا قىلسام ئەرزىيدۇ. مەن دەل مۇشۇ سەۋەبتىن كىتابنى قەدىرلەيمەن، ئۇكام. تەڭرىدىن قالسىلا كىتابلىرىم مەن ئەقىدە قىلىدىغان ئەڭ مۇقەددەس ئابىدە ھېسابلىنىدۇ...

سۆزلەۋېتىپ بارات ئاكىنىڭ مەڭزىگە ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى. بۇ ياشلارنىڭ ۋەزنىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش قىيىن. بۇ ياشلارغا يىغىلغان ئازابنى كۆتۈرۈشكە كەلگەندە ھەقىقەتەن خېلى مەن - مەن دېگەن ئەركەكلەرمۇ پايلىيالمايدۇ. چۈنكى بۇنداق ئېغىر دەرد - ئەلەمنى بىمالال يۇدۇپ مېڭىش ئۈچۈن قارا كۈچ ئەمەس، يۈرەك كېتىدۇ، يۈرەك! يۈرەك دېگەن ئاجايىپ نەرسە. قوش مۇشتۇمدەك يۈرەككە گېزى كەلسە ئالەممۇ سىغىدۇ. لېكىن يۈرەك دېگەن بۇ كىچىككىنە بىر پارچە گۆش ئالدىراپ ئالەمگە سىغمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئىنساننىڭ يۈرىكىنىڭ دەرد - ئەلەملەرنى كۆتۈرۈش ئىقتىدارى ھامان چەكلىك بولىدۇ. ئۇ كۆتۈرۈشكە تېگىشلىك يۈك زىيادە جىق بولۇپ كەتسە، ئۇمۇ پايلىيالماي قالىدۇ. يۈرەككە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىتاب، ئەقىل - پاراسەت ھەقىقىي قۇۋۋەت دورىسى ھېسابلىنىدۇ. باراتكامنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بىزگە بۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.



قەلبىڭدىكى يوشۇرۇن سىرنى ئاشكارىلىيالىساڭ ھەقىقىي بەخت دېگەن شۇ.

* *

ھەقىقەت شەكىلسىز مەبۇت، يېقىنلاشساڭ چاقىدۇ، يىراقلاشساڭ باقىدۇ.

* *

مېنى ئانام باغرىغا بېسىپ ئۆستۈرگەن، لېكىن خۇي - پەيلىم دادامنى دورايدۇ. توۋا، ئانامنىڭ ئەجرى نەگە كەتتى؟ چۈنكى دادامنىڭ قولىدا خەنجەر بار.

* *

جالالىدىن رۇمى: «سېنىڭ كەئبەڭ مېنىڭ سەجدىگاھىم، ئارىدىكى تامنى ئېلىۋەتسەك ھەممىمىزنىڭ يۈزى كەئبەگە قارايدۇ» دەپتىكەن. بۇ ئارا تام نېمىدۇ؟ . . . ئۆمۈچۈك تورىدەك بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن چېگرا سىزىقىمىدۇ؟ ! يا ئەيساغا، بوتساتۋاغا، ئاللاھقا بولغان ئېتىقادمىدۇ؟ ! يا ياۋروپائىد، موڭغۇلوئىد، تۈركوئىد دېگەنلەرمىدۇ؟ ! ۋە ياكى «سەن تاغلىق» ، «مەن شەلىك» تىكى «لىق - لىك» مىدۇ؟ ! ۋاينائېي، كەئبە پەقەت ھۆرلۈك تىمسالى ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن.

* *

قوتاندىكى بىر توپ كاللار ئىچىدە بىر كالىغا ۋابا كېسىلى تەگكەنلىكى ئېنىقلاندى. شۇنىڭ بىلەن يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورنى بارلىق كاللارنى كۆيدۈرۈۋېتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە دەرھال ئىجرا قىلدى.

مەلۇم بىر يېزىدىكى ئادەملەر ئارىسىغا ۋابا كېسىلى تارقالغانلىقى ئېنىقلاندى، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ كۆيدۈرمەي، قۇتقۇزۇش ۋاكسىنىسى ئۇرۇش قارارلاشتۇرۇلدى. بىر خىل كېسەل، ئوخشاش جانىۋار، ئەمما تەدبىر ئىككى خىل. بۇ نېمىدېگەن تەڭسىزلىك - ھە!

* *

ئا Q سەۋەبسىزلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. ئۇ ھېچقانداق قارشىلىقسىز ئۆلۈم مەيدانىغا كېلىپ، پەرۋاسىزلىق بىلەن «مەن ئۆلگەندىن كېيىن بالىلىرىم بۇ چەمبەرنى مەندىن ياخشىراق سىزالايدۇ» دەپ كەلگۈسىدە ئا Q روھىنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى قارارلاشتۇردى. توۋا، ئا Q راستىنلا خىزىر ئىكەن، مانا ھازىر ھەممىمىز ئا Q نىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرىگە ئايلىنىۋاتىمىز.

* *

ئىككى دوست قاۋاقخانىدا ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپتۇ.

– ئاداش، قانداق يارىماس قىلىق بۇ! ئادەملەرنىڭ ھەممىسى غەيۋەتچى، پىتنە - پاساتچى بولۇپ كېتىپتۇغۇ!

– شۇ ئەمەسمۇ ئاداش، بۇنداق قىلمىش مىللىتىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يامان سۆپەتلىك ئۆسمە دېگىنە!

ـ ئەلۋەتتە شۇنداق. تۈنۈگۈن بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ ھېلىقى ۋەلــى كۆكەمە توختــى توكۇرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ «ئۇنىڭ كۆڭلى تۈز بولغان بىلەن پۇتى توكۇر، شۇنداق تۇرسا ئۇ نېمىگە يارايدۇ؟» دەيدۇ.

ـ توغرا دەپتۇ، ئۇ تېخى ھالىغا باقماي قىزلارنى تانسىغا تارتىدۇ، دېگىنە.

ـ ۋاي - ۋۇي، بىز تۇرغان يەردە ئۇ توكۇرغا نېمە تانسا؟

* *

ئادەملەر قىنتئەدىن ئەمەس، پارچە - پارچە ئاراللاردىن ئەندىزە ئالغان. شۇڭا ئاراللار بىرلىشىپ قىتئە بولالمىغاندەك، ئادەملەرمۇ قىتئەلىشەلمەيدىكەن.

* *

بىز جۇۋاز كالىسى ئەمەس؛ كۆزىنى تېڭىپ يورۇق ئالەمدىن مەھرۇم قىلىسمۇ بىر ئىزىدا چۆرگىلەۋېرىدىغان.

بىز شاتۇتى ئەمەس؛ قەپەس ئىچىدە ئىگىسى نېمە دېسە شۇنى تەكرارلاۋېرىدىغان.

بىز رىياكار سوپى ئەمەس، خانىقانــى «جەننەت» بىلىپ «ھۇئاللا» غا جەرە سالىدىغان، «پانىي» لىققا ئىشق باغلاپ، دۇنيا نېمىتىدىن قۇرۇق قالىدىغان.

بىــز ماڭقۇرت ئەمەس؛ «ئۆلتۈر» دەپ بۇيرۇق قىلىسلا ئانا كۆكسىگە خەنجەر سالىدىغان.

بىز ھېلىقــى ئىــسلام ئاخۇن① ئەمەس؛ ئەجنەبىيلەرگە يول باشلايدىغان، نــادانلىقتىن يالىڭاچ قىلىپ غېرىبسىنىپ باش تاتلايدىغان.

بىز تىلەمچى ئەمەس؛ يولدىن ئۆتكەنلەرنىڭ قولىغا قارايدىغان، «سەدىقە» بەرسە «غوجام» دەپ ئېلىپ، بەرمىگەنلەرنى «ئىمانسىز» دەپ تىللايدىغان.

چۈنكى بىز ئادەم ـ بىر - بىرىمىزنــى قەدىرلەيدىغان، ئەل ئىشقىدا پەرۋانە بولۇپ، ئۆز بەختىنى ئەزىزلەيدىغان، ئەجداد روھىغا ھەيكەل تۇرغۇزۇپ، ئەۋلاد بېغىغا سۇ باشلايدىغان، نىزام بىلىپ ئەدەپ - ئەخلاقنى گۈزەللىك ئۈچۈن بەل باغلايدىغان، تەرك ئەيلەپ شۈكرانىلىقنى بىــر پەللىنى نىشانلايدىغان، ھەققانىيەت - ئەركىنلىك ئۈچۈن دار ئالدىدا تىترىمەيدىغان، باشقا كەلسە ئېغىر سىــناق دوستلىــرىنــى ساتمايدىغان،

مەرىپەتلىك دۇنيا ئۈچۈن جەڭدىن ھەرگىــز قايتمايدىغان.

* *

ئادەم ئېگىلىسمۇ سۇنماسلىق، يېڭىلىسمۇ مەغلۇپ بولماسلىق ئۈچۈن دۇنياغا كېلىدۇ. شۇڭا ئىــنسان مۇشۇ مۇقەددەس ئېتىــقاد ئۈچۈن ئاخىرىغىچە كۈرەشىشى كېرەك.

* *

تەپەككۇر نامراتلىقىــدىن قۇتۇلماي تۇرۇپ روھىي مەھكۇملۇقتىن ئازاد بولــمەن، دەپ خىيال قىلما. قەپەسكە ئۆگىنىپ قالغان قۇش كۆكتە پەرۋاز قىلالمىغاندەك، روھى بوغۇچلانغان ئىنسانمۇ ئاتوم دەۋرىگە ماس ناخشا ئېيتالمايدۇ. بىلىشىڭ كېرەككى، زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق.

* *

ھەزرىتى ئەلىشىــر نەۋائىــي: «ۋەتەن تەركىنى بىر نەپەس ئەيلىمە، يەنە رەنجى غوربەك ھەۋەس ئەيلىمە» دېگەنىدى. دەرۋەقە، ۋەتەن ـ ئۆمۈرنىڭ مەزمۇنى، مەقسىتى ۋە غايىسى. ۋەتەن دەردى، ۋەتەن مۇھەببىتى بىلەن ياشىغان يۈرەكلا ئىنسانىيەتنى سۆيىدۇ، ئىــنسانىــيەت ئۈچۈن كۆيىدۇ. نەزىم:

كىمدە ئۆز يۇرتىغا بولمىسا مېھىر،
ئۇ دېمەك بىر ئۆمۈر مەجرۇھ، دىۋانە.
ۋەتەننى تەرك ئەتسە قىسمىتى شۇكى،
ئۇۋىسىز قۇش كەبى بولۇر ۋەيرانە.

* *

چالا ساۋات ئەلدە ماڭقۇرتلار كۆپ بولىدۇ. كاللا كېسەر «قاسساپ» لارغا ھېيت بولىــدۇ. ھەقىقەت ساداسى بوغۇزدا توختاپ قالىدۇ.

* *

ئىلىم دېگەن نېمە؟ ئۇلۇغ تۈرك شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى يۇنۇس ئەمىرنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا: «ئىلىم ـ ئالەم ۋە ئادەمنى تونۇش بولۇپ، ھەقىقەتتىن يۈرەككە قۇيۇلغان نۇر». دەرۋەقە، ئىلىم ـ ئەقىــل ۋە ۋىجداننىــڭ چۈلۋۇرى. بۇ چۈلۋۇر ساپ نىــيەتلىــك ۋە

---

① خوتەندە كۆزگە كۆرۈنگەن ئاسارئەتىقە بۇلاڭچىسى ئىسلام ئاخۇننى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى» ناملىق مونوگرافىيىسىنىڭ 416 ـ 417 ـ بەتلىرىدە تەپسىلىي مەلۇمات بار

uyghurkitap.com

شىجائەتلىك كىشىلەرنىڭ قولىدا بولسا «شەرەپ گۆھىرىنىڭ كانى» ئېچىلىدۇ، بۇنداق گۆھەر كانىدىن ئەل - يۇرتقا بەخت نۇرى چېچىلىدۇ. ئەكسىچە بۇ چۈلۈۋۈر ماي چەلپەككە ھېرىسمەن موللىلارنىڭ قولىدا بولسا نېمە دېگۈلۈك؟ بەرھەقكى ئۇنداق «ئىلىمدانلار سەئىدى شىرازى يازغاندەك: «ئۈستىگە كىتاب ئارتىلغان ئېشەك، يا ئالىم، يا دانا ئەمەستۇر ئۇ شەك» ياكى نەۋائىي ئىستىئارەسىدىكى «نىجاسەتنى يىپەك لىباس بىلەن ياپقان» ئادەمدۇر.

# قايتىش

## ئەنۋەر تاشتۆمۈر

### 1

ھەرىكەت ئىچىدە قايناپ تېشىپ تۇرغان بىر پىنھانە سېھىرىي كۈچ ئاستا - ئاستا تىنچلانماقتا ئىدى.

ھەممىگە ھاردۇق يەتكەندەك قىلاتتى، ھەممە نېمىلەرنىڭدۇر ئوتلۇق مېھرىگە تارتىلىپ، قىسقا - قىسقا مەنزىللەرنىڭ چېكىدە شېرىن مۆگدەشكە باشلىغانىدى.

ئادەم ئايىغى ئۈزۈلگەن قۇپقۇرۇق يوللاردا ئۇزاققىچە تەنھا ئايلاندىم. ئۆيگە قايتىپ كېتىۋېتىپ ھېچقاچان يادىمدىن كەچمىگەن بىر تاسادىپىي، ئۇشتۇمتۇت ئوي - خىيالدىن ھەيرانلا قالدىم:

ئاللىبۇرۇن دۇنياغا ئوچۇق - ئاشكارا كىرگەن تۇرۇقلۇق، ئۆزى بىلەن تەن قەپەسلىرىگە سولىنىپ سۈكۈت ئىچىدە شېرىن مۆگدىشىمنىڭ ۋەجى نېمە؟!

ھاياتلىق، ئېھتىمال بىر خىل ھالەتتىن يەنە بىر خىل ھالەتكە ئۆتۈپ، مۇشۇ خىل تەكرارلىق ئىچىدە سۈپەت ۋە قىممەت يارىتىدىغانلىقى ئۈچۈن، بارچە ئىككى خىل ھالەتنىڭ پاسىلىدا ئۆزى بىلەن تەنگە قاراپ شىددەتلىك دەۋرەپ ئاقسا كېرەك.

چەكسىزلىكىم دۇنيانىڭ چەكسىزلىكىگە ئوخشاش زاھىر بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ باتىنلىقى زاھىرلىقتىن خېلىلا ئۇزاققا ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. دۇنيا بىلەن قارىشىپ تۇرغىنىمدا، ئۆزۈمنىڭمۇ بىر دۇنيا ئىكەنلىكىمنى كۆرۈشتىن تاشقىرى، يەنە سەۋەبلەر تەرىپىدە دۇنيانىڭ داۋامىنى يارىتقۇچى خاس بىر ئۇلۇغۋارلىق ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلاتتىم.

مەن تۇغۇلۇشتىن ئاۋۋاللا چۈشەشكە باشلىغان دۇنيا مەن تۇغۇلۇپ كۆرگەن دۇنيانىڭ نەق ئۆزى بولۇشى ناتايىن ئىدى. خۇددى دوزاختىن جەننەتكە ئۆتۈش ئالدىدىكى ئۇلۇغۋار تۇيغۇلارنىڭ ئىلكىدە روي بەرگەن چەكسىز زارىقىش دۇنيانىڭ كونا، تەييار نېمەتلىرى بىلەن مەنپەئەتدارلىنىشنى ئاساسىي خاھىش قىلغان بولسا، ئۇنىڭ تۇنجى يىغىدىن ئاخىرقى ئۆلۈم پەيتىگىچە داۋام قىلىدىغان ئۈزۈلمەس دولقۇنىنى ئىزاھلاش تەسكە توختايتتى. تۇغۇلۇش - يىپيېڭى بىر باشلىنىش، ئۇ ئاۋۋالقى دۇنيانى مۇقەررەر يوسۇندا رەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ باشلىنىشى ئاۋۋالقى دۇنيانىڭ ئۈستىگە توغرا كېلىدۇ.

### 2

دېرىزەمنىڭ پاكىز، سۈزۈك ئەينىكىدىن ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇيقۇسىز، تىمتاس بۇ قارا كېچىدە تۇيغۇمنىڭ ئويناق، شاش دولقۇنلىرىغا ئەگىشىپ يىراق - يىراقلارغا شىددەتلىك ئاقماقتا ئىدى.

بىرپەستىن كېيىن، يېقىن ئارىدىكى قومۇش - يۇلغۇنلۇق ساتىملاردىن جىنچىراغنىڭ غۇۋا نۇرى كۆرۈندى. كىملەرگىدۇر، نېمىلەرگىدۇر خۇددى ئۆز - ئۆزۈمگە سۆزلىگەندەك خىتاب قىلدىم:

— مېنى رايىمغا قوي، تونۇش ئايالنىڭ ئەللەي ناخشىسى كېچىنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋەتكەن

مۇشۇ پىنھان دالىدا تۇنەپ، قەلبىم چوڭقۇرلۇقىغا نۇر ئاتا قىلغۇچى مەڭگۈلۈك ئەسلىمىلەر ئارا سەھەرگە كىرىمەن!

بۇ، ھاياتنىڭ ئالمىشىش پەيتى، كۈرەشلەر ئەۋجىگە چىققان قايناق جەڭگاھ ئىدى. ئۇندا زاھىر بولۇۋاتقان سىرلار ئۇيقۇ ۋە ئۇنىڭ قىزىقارلىق شېرىن چۈشلىرى تۇپەيلى ھەمىشە پىنھان قېلىۋېرەتتى. تەكرارلىق ئىچىدە ئەس - خاتىرىلەر خىرەلىشىپ كۆنۈكۈشكە بوي بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ ھاياتنىڭ ئەڭ جىددىي ئالمىشىش پەيتىدىكى ئىككى خىل ھالەت بىر - بىرىگە ۋە ئۇنى ئىدراك قىلغۇچى ئاڭغا نىسبەتەن ئۆز پەرقىنى يوقىتىپ، تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈمنىڭ قىممىتى سۇزۇلمەس دۇغ، لاي سۇغا ئوخشاپ قالاتتى.

ئۆيگە قايتقۇم يوق ئىدى.

تەننىڭ ئىچىگە قىسىلىپ كىرىپ روھنىڭ ئۆلۈمىنى تاماشا قىلغۇم، ئۇيقۇ سىرتىدا يۈز بېرىدىغان تىلسىملىق كۈرەشلەردىن بىخەۋەر قالغۇمۇ يوق ئىدى.

مەن ئۇ ئۆي، ئۇ تەنلەرگە سىغمايتتىم، روھىم مەڭگۈلۈك كۈرەش ئىلكىدە كەڭرى دالا - تۈز، بىپايان جەڭگاھلا ئىزدەيتتى.

3

چەكسىزلىكتىن چەكسىزلىككە سوزۇلۇپ باراتتىم.

كېلەچەكنىڭ چىغىر يوللىرى يەنىلا شۇ تونۇش قومۇش - يۇلغۇنلۇقلار ئارىسىدا جىمجىت تولغىنىپ ياتاتتى.

قومۇش پۆپۈكلىرىدىكى ئۈزۈلمەس چاقىرىق، يۇلغۇن چېچەكلىرىدىكى قىپقىزىل سەھەر رۇخسارى كېلەچەك پىنھانلىرىغا تاشلىنىپ تۇرغان مەڭگۈلۈك ئەڭگۈشتەر ئىدى.

ئۇ يەردە ياشىنىپ قالغان بىر جۈپ ئەر - ئايال توپا بىلەن ئاددىيغىنە دۆۋە قىلىپ قوپۇرۇلۇپ بېشىغا بىر تۇپ ئايىنماس قاقشال دەرەخ تىكىپ قويۇلغان كونا قەبرىنى ئايلىنىپ ئىچىنىشلىق يىغا - زار قىلىشماقتا ئىدى. ئېھتىمال بۇنىڭدىكى سۆكۈتلەردىن كۆڭلى تالغان ئادەملەر ئۈچۈن ئۆتكەنكى جەسۇر روھىيەتنىڭ سۇر - ھەيۋىسىدىن تەسەللى ئىزدەش بىر تۇرلۇك زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغاندۇ.

يوللارنىڭ ئۆزئارا كېسىشىدىغان جايىدا بىر نارەسىدە بالىنىڭ قورقۇنچتىن تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى ئىلغا قىلغىنىمدا، ۋۇجۇدۇمغا ھەسرەت تاغلىرى بىراقلا يىقىلغاندەك بولدى، پەقەت چوڭقۇر ئىچكى تىنىقلىرىمدا ئېھتىيات بىلەن تەكرار پىچىرلايتتىم:

ـ نارەسىدە يېتىم بالا. . .

ھەممە نەرسە ماڭا خۇددى ئۇنىڭ يەلكىسىدە تۇرۇپ دوق - ئاھانەت قىلىۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. شۇ ناھەق دەقىقىلەرنىڭ ئۆزىدە ئۇ ئاجىز ۋۇجۇدنىڭ بەرداشلىقى خوراپ، تۈگەپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۆزىنى تاشلاپ زوڭ ئولتۇرۇپ يىغلاشلىرى قەبرە بېشىدىكى يىغا - زار بىلەن قوشۇلۇپ گۇگۇم قوينىغا ئىز - دېرەكسىز سىڭىپ كەتمەكتە ئىدى. ئاسماندا كۆرۈنگەن ئاندا - ساندا خىرە يۇلتۇزلارنى پەرۋەردىگارنىڭ كۆز ياشلىرىغا ئوخشىتىپ تەسەللى تېپىشلا مۇمكىن ئىدى. . .

ئۆيگە قايتقۇم يوق ئىدى.

تەننىڭ ئىچىگە قىسىلىپ كىرىپ روھنىڭ ئۆلۈمىنى تاماشا قىلغۇم، ئۇيقۇ سىرتىدا يۈز بېرىدىغان تىلسىملىق كۈرەشلەردىن بىخەۋەر قالغۇمۇ يوق ئىدى.

مەن ئۇ ئۆي، ئۇ تەنلەرگە سىغمايتتىم، روھىم مەڭگۈلۈك كۈرەش ئىلكىدە پەقەت كەڭرى دالا - تۈز، بىپايان جەڭگاھلا ئىزدەيتتى.

قەلبىم ئىنتىلگەن سەھەرگە بىرلا ئىلتىجايىم بار ئىدى:

ـ مەن سەندىن كەلگەن بەختىيار بالا، پاك ھەم ئاق نۇرۇڭدىن چىغىر يوللىرىمغا يامغۇر ئاتا قىل. قوينۇڭغا بارلىقىم بىلەن يەنىلا بەختىيار قايتىمەن، ئالىقانلىرىڭ قۇتلۇق دۇئا ئىلكىدە كەڭ ئېچىلىپ يۈز - كۆزلىرىڭنى تاتلىققىنە بىر سىيپاپ ئۆتسۇن!

www.uyghurkitap.com

# يىڭىچە شېئىرلار ھەققىدە

پەرھات ئىلياس

85 - يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۆزگىچە بىر قىياپەت بارلىققا كېلىپ، بىر تۈركۈم يېڭىلىقپەرۋەر ياش شائىرلار يېڭىچە پىكىر ۋە يېڭىچە شەكىل بىلەن شېئىرىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كەسكىن بۆرۈلۈش بولۇپ، «شېئىر چۈشەنچىسى» نى چۆرىدىگەن ھالدا چوڭقۇر ئويلىنىش ۋە كەسكىن مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلدى. نەتىجىدە، ھەركىم ئۆز تەسەۋۋۇرى بويىچە شېئىرغا تەبىر بېرىپ باقىدىغان، كىم نېمىنى ئويلىسا شۇنى يازىدىغان دەسلەپكى قەدەمدىكى «شېئىرىيەت دېموكراتىيىسى» بارلىققا كەلدى. نەتىجىدە ئۇلار شېئىرنىڭ تەبىر بېرىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئىلاھىي مەڭگۈلۈك ئىمكانىيىتىنى تونۇپ يېتىشتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئېڭىدا روھىي پارلىنىش پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى شېئىرىي پاساھەتنىڭ خىلۋەت باغچىلىرىغا باشلاپ كىردى.

بۇ مەزگىلدە بارلىققا كەلگەن شېئىرلار دەسلەپتە «تۇتۇق شېئىر» ، «تېپىشماقلىق شېئىر» ، «گۇڭگا شېئىر» ، «سىمۋوللۇق شېئىر» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ، ئاخىر «گۇڭگا شېئىر» ئۇنىڭغا لەقەم تەرىقىسىدە سىڭىپ قالدى. لېكىن «گۇڭگا» ئاتالغۇسى شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەسلىدىنلا بار بولغان بىر خىل ئەنئەنىسى ئىدى. «ئوغۇزنامە» ئېپوسى بىلەن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىدىمۇ نۇرغۇن گۇڭگالىقلار بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ خىل شېئىرلاردا گۇڭگالىق ئەمەس، بەلكى يېڭىچە بىر خىل شېئىرىيەت مېتودى بىلەن يېڭىچە شېئىرىي زوقلىنىشنى كۆتۈرۈپ چىقىش ئاساس قىلىنغاچقا، بۇ خىل شېئىرلارنى «گۇڭگا شېئىر» دەپ ئاتاش مۇۋاپىق ئەمەس. شۇڭا، مەزكۇر ماقالەمدە «يېڭىچە شېئىرلار» دەپ ئاتىدىم.

شۇنىڭدىن ھازىرغىچە بولغان 15 يىل مابەينىدە، ئەخمەتجان ئوسمان، باتۇر روزى، مۇختار مەخسۇت، ئابدۇقادىر جالالىدىن، پولات ھېۋزۇللا، ئادىلجان تۇنىياز. . . قاتارلىق بىر تۈركۈم ياش شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ شېئىرلىرى ۋە شېئىر ھەققىدىكى يېڭىچە قاراشلىرى بىلەن بۇ خىل يېڭىچە شېئىرىيەت ھەرىكىتىدە ئاۋانگارتلىق رول ئوينىدى ھەم ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا نۇرغۇن ماقالىلەر يېزىلىپ، قىزغىن غۇلغۇلا ئېلىپ بېرىلدى. نەتىجىدە، يېڭىلىققا ئىنتىلگۈچى زور بىر تۈركۈم ياشلار يېڭىچە شېئىرىيەت ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئاز كۆرۈلىدىغان بىر خىل قىزغىن كەيپىيات بارلىققا كەلدى. نۇرغۇن ياشلار بۇ خىل شېئىرلارنى خاتىرە دەپتەرلىرىگە كۆچۈرۈۋېلىپ يادلاپ يۈرۈشتى، بۇ خىل شېئىرلار ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىش ئۇلارنىڭ سورۇنلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ قالدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا قارشى پىكىردە بولغۇچىلارمۇ بولدى. لېكىن مەيلى قانداق بولسۇن، شۇنچىلىك بىر قىزغىن كەيپىيات يارىتالىغانىكەن، ئەسلىدە شۇ مەزگىللەردىلا بۇ خىل شېئىرلار سىستېمىلىق ھالدا مەخسۇس توپلام قىلىپ نەشر قىلىنىشى، بۇ خىل شېئىرىيەت ھەققىدىكى تەتقىقات چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. بۇ ھەقتە كۆپ ئىنتىلىشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئەمەلگە ئاشماي كەلگەنىدى. بۇ قېتىم «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى خەنزۇچە «سالغا تېشى» ، ئۇيغۇرچە «قەشقەردىكى يەر شارى» ناملىق شېئىر توپلاملىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ، ئاخىر بۇ بوشلۇقنى تولدۇردى. بۇ ھەقىقەتەن خۇشاللىنارلىق ئىش. بۇ ئىشنى تەبرىكلەش ھەم ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بۇ توپلامدىكى شېئىرلاردىن تېخىمۇ ئوبدان زوق ئېلىشنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ ماقالەمدە بۇ خىل شېئىرلارنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى، راۋاجى، ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ۋە

نەزەرىيىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1

10 يىللىق بالايىئاپەت مەزگىلىدە سىياسىي شوئار، مەدھىيىۋازلىق يىپلىرىدا قاناتلىرى بوغۇچلانغان شېئىر قاناتلىرى يېشىلىپ، كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

بۇ مەزگىلدە ئۆزۈندىن بىرى قەلەمنى قولغا ئالماي كەلگەن پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش شائىرلار قايتىدىن قولىغا قەلەم ئالدى. ئەسلىدە ئەينى دەۋردىكى سىياسىيغا يالىنىپ شېئىر يېزىپ يۈرگەنلەرمۇ يالانمىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن تەپەككۇر قىلىشقا يۈزلەندى. بۇنىڭ بىلەن 10 يىللىق بالايىئاپەت مەزگىلىدە شەكىللەنگەن «شېئىرىي ئۆزۈكچىلىك» سىقىپ چىقىرىلىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى 50 - يىللار ۋە 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى شېئىرىيەت ئەنئەنىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى. بۇ مەزگىلدە ئەينى چاغدا «تۇگىمەس ناخشا»، «ھەيكەل» قاتارلىق شېئىرلىرى بىلەن كۆچلۈك تەسىر قوزغىغان تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجا، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق پېشقەدەم شائىرلار شېئىرىيەت قوشۇنىغا باشچى بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە قىزغىن بىر كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ مەزگىلدە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ئاساسىي تېمىسى 10 يىللىق بالايىئاپەتتىن زارلىنىش، دەرد تۆكۈش بولدى. ئۇندىن باشقا ل. مۇتەللىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق دېموكراتىك شېئىرىيەت باشلامچىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش بىلەن بىرگە ئۆزۈندىن بىرى كۆمۈكتە قالغان كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسى قېزىلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە شېئىرىيىتىمىز «دەرد تۆكۈش» تىن ئاستا - ئاستا قەدىمگە سېغىنىش، ئەجدادلارنى ئەسلەش، ئادەم ۋە تەبىئەتكە قايتىشقا يۈزلەندى. بۇنى 76 - يىلىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئىككىنچى قېتىملىق دولقۇن دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە بوغدا ئابدۇللا، ئوسمانجان ساۋۇت، قوربان بارات، ئارسلان قاتارلىق بىر تۈركۈم شائىرلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر پىكىرلىك شېئىرلىرى بىلەن شېئىرىيەت باغچىسىنى بېزىۋەتتى ھەم ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئۇلار شېئىرىيەتتىكى غوللۇق تايانچلاردىن بولۇپ قالدى. بوغدا ئابدۇللانىڭ «مەلىكە ئامانىنىسا»، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «چۈنكى سەن سۈت بەردىڭ ھالال ۋە ئاپئاق»، قوربان باراتنىڭ «ئاسىيا ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز»، ئارسلاننىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى» قاتارلىق شېئىر - داستانلىرى كۆچلۈك تەسىر قوزغاپ، شېئىرىيەت ئەھلىنىڭ مايىللىقىنى ئۆزلىرىگە قارىتىۋالدى. بۇ 70 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 80 - يىللارنىڭ باشلىرى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ھازىرقى «يېڭىچە شېئىرلارنىڭ» ئاساسچىلىرى بولغان ئەخمەتجان ئوسمان قاتارلىق ياشلار ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان شېئىر ھەۋەسكارلىرى ئىدى. ئۇلار ئەينى چاغدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى زور ھەۋەس بىلەن سۆيۈپ ئوقۇغان، ھەتتا ئايرىملىرىغا چوقۇنۇش ھېسسىياتىدا بولغان ۋە شۇ ئاساستا ئۆزلىرىنىڭ شېئىرىيەت يوللىرى ھەققىدە ئىزدەنگەن. بۇ مەزگىلدىكى ئومۇمىي شېئىرىيەت ئەندىزىسىدىن قارىغاندا، شېئىردا دېمەكچى بولغان پىكىر ئېنىق بولۇپ، ئەقىل - پاراسەت ئىزدەش، مەلۇم شەيئىنى مەدھىيىلەش ياكى سۆكۈش ئاساسىي تېما قىلىنغان. يەنى، مەقسەت ـ نىشان، شائىرنىڭ ھېسسىياتى بىلەن پىكرى ـ شۇ نىشانغا يېتەكچى. بۇنىڭدا شائىر ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇم زوقلىنىش ئەندىزىسىنى بەلگىلەپ بېرىپ، ئوقۇرمەنلەرنى باشلاپ ماڭىدۇ.

بۇ جۇڭگونىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش مەزگىلى بولۇپ، ئەسلىدە تاقاپ قويۇلغان ئىشىكنىڭ يوچۇقلىرىدىن ئاندا - ساندا كىرىپ تۇرغان ئىسلاھات شامىلى ئىشىك ئېچىۋېتىلىشى بىلەن شىددەت بىلەن بۆسۈپ كىرىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قىممەت قارىشىغا كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. جۈملىدىن جۇڭگو شېئىرىيىتىمۇ چەتنىڭ تەسىرىگە كۆچلۈك ئۇچراپ، شېئىرىيەتتە كەسكىن ئىنقىلاب يۈز بەردى. نەتىجىدە بېي داۋ، شۇ تىڭ، گۇ چېڭ قاتارلىق بىر تۈركۈم ياش شائىرلار كۆچلۈك ئىنكار روھىنى ئىپادىلەپ، ئۆزۈندىن بىرى

ئىدراكقا يېقىنىپ كەلگەن ھېسسىيلىققا ھۆرلۈك ئاتا قىلدى. شېئىر ھېس - تۇيغۇغا يۈزلىنىپ، روھ تەننى يېرىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىمۇ «گۇڭگا شېئىر» دەپ ئاتالدى. كېيىنچە نەزەرىيىچىلەر بۇنداق ئاتاشنى توغرا تاپمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئاتاش بىر خىل ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. بۇ خىل «گۇڭگا شېئىر»لار يالغۇز جۇڭگودىلا ئەمەس، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ ئوخشاش بىر ۋاقىتتا مەيدانغا كېلىپ، بىر مەزگىل دەۋر سۈردى. مەسىلەن، ۋوزنېسېنسكىي قاتارلىقلار. ئۇندىن باشقا ئەرەب شېئىرىيىتى ۋە باشقا ئەللەر شېئىرىيىتىدىمۇ بۇ خىل شېئىرىيەت خېلى بۇرۇن مەيدانغا كېلىپ بولغانىدى.

بۇ خىل يۈزلىنىش نۆۋەتتە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. نەتىجىدە بىر تۈركۈم يېڭىلىقپەرۋەر ياشلار يېڭىلىققا ئىنتىلىش ۋە ياشلارغا خاس بىر خىل تەۋەككۈلچىلىك روھى بىلەن بۇ خىل تەسىرنى قوبۇل قىلىش ھەم ئۇنى شېئىرىيىتىمىزگە تەتبىقلاپ، يېڭىچە بىر خىل يول تۇتۇپ بېقىش نىيىتىدە بۇ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. دەسلەپ ئۇلارنى مەسخىرە قىلغۇچىلارمۇ، ئۇلارنى توسقۇچىلارمۇ بولدى. لېكىن ئۇلار پەرۋاسىز ھالدا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. خۇددى يېڭى دەم - دەم باسقان بوۋاق تالاي - تالاي قېتىم يىقىلغاندەك، ئۇلارنىڭ يازغان شېئىرلىرىنىڭ بەزىلىرى ئوبدان چىقسا، بەزىلىرى ناچار چىقتى. لېكىن مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئۇ شېئىرىيىتىمىزگە يېڭىچە بىر تۇس ئېلىپ كىرىپ، شېئىرنى ئۆزلۈككە، روھىيەت دېڭىزىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يۈلەندۈردى. شېئىرىيەتمۇ ئەسلىدىكى سىدام تەسۋىرلەشتىن، تۇيغۇ ۋە شېئىري تىل جەھەتتە قاتلاملاشتۇرۇشقا قاراپ راۋاجلاندى.

بۇ مەزگىلدە يەنە ئىدراك بىلەن ھېسسىيلىقنىڭ مۇناسىۋىتىگە بولغان چۈشەنچىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى «ماددا بىرلەمچى، ئاڭ ئىككىلەمچى» دېگەن قاراش ئەدەبىيات - سەنئەتكىمۇ ئۆلۈك ھالدا كۆچۈرۈلۈپ كىرگۈزۈلگەنلىكتىن، ھېسسىيلىققا ئانچە ئېتىۋار بېرىلمىگەنىدى. چۈنكى ماددا ئاساس قارىشى، كىشىلەرنى دۇنيانى ماددىلارنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە تەھلىل قىلىشقا يۈزلەندۈردى. بۇ مۇقەررەر يوسۇندا ئىدراك يولى بىلەن بولىدۇ. بۇ بىزگە ماددىي تەرەققىيات ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن شېئىرىيەتتە شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرى ھەممىدىن غالىب كەلگۈچى. شۇڭا شائىرنىڭ سۇبيېكتىپلىقى بىرلەمچى بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شېئىر روھنىڭ يالتىرىشى، قەلبنىڭ پىچىرلىشىشى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھېسسىيلىققا يېقىن. يەنە بىر تەرەپتىن، نەزەرىيىۋى تەتقىقاتتا ئىدراك، شېئىردا ھېسسىيلىق چىقىش يولى قىلىنىدۇ. شائىرلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى قايناق ھېسسىيات ئىدراكنىڭ چەكلىمىسىگە بەك ئۇچراپ كەتكەندە ئەسلىدىكى جەزبىدارلىقى يوقاپ كېتىدۇ. شۇڭا ھېسسىيلىق شېئىرنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى. ئەلۋەتتە بۇ ئىدراكنى شېئىردا پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. ھەر ئىككىلىسىلا ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى ئىدراكىي يول بىلەن يېزىلغان نۇرغۇن نادىر شېئىرلار بار. بۇ شېئىرىيىتىمىزدىكى بىر كاتېگورىيە. ئەمدىكى گەپ، ھېسسىيلىققا ئېتىۋار بېرىپ، شېئىرىيىتىمىزدە يەنە بىر خىل كاتېگورىيە ھاسىل قىلىش. بۇنى تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتساق، شېئىردا شائىرنىڭ ھېسسىياتى مەلۇم مۇددىئاغا يېتىشنىڭ ۋاستىسى قىلىنماي، بەلكى ھېسسىياتنىڭ خىلمۇ خىل ئۆزگىرىشلەرگە ئەركىنلىك بېرىش كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق تونۇش ئاساسىدىلا ئاندىن يېڭىلىق يارىتىلى بولىدۇ.

بۇ خىل قاراش ئەخمەتجان ئوسمان قاتارلىق بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ ئىچىدا كۈچلۈك ئويغىنىش پەيدا قىلىپ، ئۇلار مەلۇم پەيتتىكى تۇيغۇلىرىنى توسقۇنسىز ئىپادىلەشكە، شېئىردىكى رىتىم ۋە سۆزلۈكلەرنى ھېسسىياتنىڭ رىتىمىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا تىرىشتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ مەزگىلدە كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ئەلشىر نەۋائىي شېئىرلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشىمۇ ياشلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن

غەربنىڭ شېئىرىيەت ھەققىدىكى يېڭىچە قاراشلىرىنى قوبۇل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاتالمىش مودېرنىزملىق شېئىر دەپ ئاتالغان بەزى شېئىرلاردىكى ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىدىكى ئىپادىلەش ۋاستىلىرى بىلەن مەلۇم ئوخشاشلىقتا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئەلشىر نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ كۆرىدىغان بولساق، تىل جەھەتتىكى چېقىلىش، ھېس - تۇيغۇلارنىڭ قاتلاملاشتۇرۇلۇش جەھەتتە ھەتتا ھازىرقى بەزى دۇنياۋى شائىرلارنىڭكىدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «ئوغۇزنامە» بىلەن قەدىمكى شېئىرلىرىمىز تەڭرىگە، يەنى روھىيەت يۈكسەكلىكىگە يېقىن. ئۇلاردا مەلۇم بىر ئىدىيىۋى مەزمۇنغا يېتىش مەقسىتىدە ھېسسىلىق چۈشەپ قويۇلمىغان. كۈچلۈك ئەقىل - پاراسەتمۇ، قايناق ھېسسىياتمۇ بار. ئەقىل - پاراسەت ئىنسانىيەتنىڭ ئەسلى تەبىئىتىنى، تۇيغۇنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىنى يورۇتۇشقا سەرپ قىلىنغان. شۇڭا بىزدە ئەمەلىي ئاساس، يەنى بىر خىل مەڭگۈلۈك شېئىرىيەت ئەنئەنىسى بار. بىزدە كەمچىل بولۇپ تۇرغىنى پەقەت نەزەرىيە. شۇڭا بەزى ئىلغار نەزەرىيىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز شېئىرىيىتىمىزگە تەتبىقلىساق ھەرگىز خاتا ئىش قىلغان بولمايمىز.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ياشلار شېئىرىيەتتە ھېسسىيلىقنى چىقىش يولى قىلىشنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى كلاسسىك ئەنئەنىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. بۇنىڭدا كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ «روھىيەت» تىن ئىبارەت يەنە بىر قانىتى بۈگۈنكى شېئىرىيىتىمىزگە قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىك بولىدۇ.

ئۇلار مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك ئىنكار روھىغا ئىگە يېڭىچە قاراشلىرىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىلگىرىكى شېئىرىيەتتىن ماھىيەت جەھەتتە پۈتۈنلەي يېڭىچە بولغان شېئىرلارنى يېزىشقا، يېڭىچە يول تېپىش ئۈچۈن دادىل سىناق ئېلىپ بېرىشقا كىرىشىپ كەتتى.

بۇ شېئىرلار دەسلەپ مەيدانغا چىققاندا، ئۇنى ئالقىشلىغۇچىلارمۇ، ئىنكار قىلغۇچىلارمۇ بولدى. ئالقىشلىغۇچىلار ئۇنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بىر يېڭىلىق ئىكەنلىكىنى، شېئىرىيىتىمىزگە يېڭىچە ئۇسلۇب ۋە نەزەرىيىنى ئېلىپ كىرگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئىنكار قىلغۇچىلار ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنىڭ غەربتىن كەلگەنلىكىگە قاراپلا، ئۇنى غەرب ئەدەبىياتىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى دەپ قارىدى ھەم ئۇنى چۈشىنىكسىز دەپ، «گۇڭگا شېئىر» دەپ لەقەم قويۇۋالدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر ئەدەبىيولوگىيىسىدە روشەن ئىككى سېلىشتۇرما ھاسىل بولدى.

بۇ يەردىكى ئاساسلىق مەسىلە ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىقتىن ئىبارەت. يېڭىچە شېئىرىيەت تەرەپدارلىرى، ئەنئەنە مەڭگۈ قېتىپ قالغان نەرسە ئەمەس، شېئىرىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك يېڭىلىقلارنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىش كېرەك، دەپ قارىدى.

يېڭىچە شېئىرىيەتكە قارشى تۇرغۇچىلار، سىرتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلماسلىق، ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قېپقالغان شېئىرىيەت ئەنئەنىسىنى ئۆز پېتىچە داۋاملاشتۇرۇش مەيداندا تۇردى. نەتىجىدە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە «ئەنئەنىچىلەر» بىلەن «يېڭىلىقپەرۋەرلەر» دىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپ شەكىللىنىپ، ئوتتۇرىدىكى زىددىيەت بارغانچە كۈچىيىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككىسىلا بىز ئۈچۈن مۇھىم ئىدى. بىزنىڭ شېئىرىيەتتە پارلاق ئەنئەنىمىز بار. بۇ ئەنئەنىمىزدىن ئايرىلىپ بۈگۈنىمىزدىن سۆز ئېچىش بىمەنىلىك، ئەمما يېڭىلىقلارنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، شۇ ئەنئەنىمىزنى بېيىتمىساق، دەۋرگە ماسلىشالماي قالىمىز. بۇ مەسىلىنى ئەسلىدە شۇ مەزگىلدە ئوبزورچىلىرىمىز يورۇتۇپ بېرىشى كېرەك ئىدى. لېكىن بۇنىڭغا ماسلىشىپ، نازۇك مەسىلىلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا يورۇتۇپ بېرىدىغان ئوبزورچىلىرىمىز يېتەرلىك بولمىدى. بىر بولسا بىراقلا ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈۋېتىدىغان، بىر بولسا ئىنكار قىلىپ يوقلا قىلىۋېتىدىغان ماقالىلەر كۆپرەك يېزىلىپ، ئوقۇرمەنلىرىمىز زادى قايسى يولنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىشەلمەي گاڭگىراپ قېلىشتى.

www.uyghurkitap.com

مەيلى قانداقلا بولسۇن، يېڭىلىقپەرۋەرلەر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە يېڭىچە بىر تۇس ئېلىپ كىردى. بۇنى چوقۇم مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. بەزىلەر يېڭىچە شېئىرلارنى ئاساسەن غەرب شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرىدىن مەيدانغا كەلگەن، شۇڭا ئۇ بىر خىل «كۆچۈرۈلمە» دېگەننى بۇ خىل شېئىرلارنى چەتكە قېقىشنىڭ ئاساسىي مىزانى قىلىۋېلىشتى. لېكىن بىز شېئىرىيەت ئەنئەنىمىز ھەققىدە سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ كۆرىدىغان بولساق، بۇددىزىم مەزگىلىدىكى شېئىرىيىتىمىز بۇددا ئەقىدىلىرىنى، ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىنكى كلاسسىك شېئىرىيىتىمىز پارس، ئەرەب شېئىرىيىتىنى، يېقىنقى زامان شېئىرىيىتىمىز رۇس شېئىرىيىتىنى، ھەتتا تا ھازىرغىچە مودا بولۇپ كېلىۋاتقان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزمۇ رۇس ئەدەبىيات تەنقىدچىلىكىنى ئەندىزە قىلغان ئەمەسمىدى؟ ئۇندىن باشقا، بىز ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى بېيىتىش ئۈچۈن، تۆت خىل دىننى قوبۇل قىلغان، نەچچە قېتىم يېزىق ئۆزگەرتكەن. ئەجەبا بۈگۈنكى كۈندە بەزى دۇنياۋى ئىلغار قاراشلارنى قوبۇل ئەتسەك بولمامدىكەن؟ بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ قويۇش كېرەككى، شېئىرىيەت ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تىلى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا مىللەت ياكى دۆلەت چېگرىسى بەلگىلەشكە بولمايدۇ. بىز ئىلغار ئىدىيىلەرنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىدا يېڭىچە بىر تۇس يارىتالىساقلا، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ بىزگە مەنسۇپ بولۇپ قالىدۇ.

يېڭىچە شېئىرلارنى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى باشتىن - ئاياغ قىزغىن قوللاپ كەلدى. كېيىنچە «تارىم» قاتارلىق ژۇرناللارمۇ ئۇنىڭ بىر خىل يېڭىچە شەيئى ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەلۇم سەھىپە ئاجراتتى ھەم بۇ ھەقتە بەس - مۇنازىرىلەرنى ئۇيۇشتۇردى. نەتىجىدە يېڭىچە شېئىرىيەت ھەرىكىتى تېزلىك بىلەن كېڭىيىپ، ئومۇمەن ياشلار ئارىسىدا بۇ خىل شېئىر يېزىش مودا بولۇپ قالدى. بۇ مەزگىلدە نۇرغۇن نادىر شېئىرلارمۇ، نۇرغۇن ناچار شېئىرلارمۇ يېزىلدى. ناچار شېئىرلارنىڭ يېزىلىشىغا بەدىئىي ئىستېداتنىڭ كەملىكىدىن باشقا ئاساسلىقى بۇ خىل شېئىرلارنىڭ «گۇڭگا شېئىر» دەپ ئاتىلىشى سەۋەبچى بولۇپ قالدى. چۈنكى بەزەن ئەگەشكۈچىلەر بۇ خىل نامنى يېڭىچە شېئىرىيەتنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ئوخشايدۇ دەپ چۈشىنىپ قېلىپ، قانچىلىك چۈشىنىكسىز يازسا، شۇنچە ياخشى بولسا كېرەك، دېگەن تونۇشتا ھەتتا ئۆزلىرىمۇ نېمە يېزىۋاتقانلىقىنى بىلىشەلمەي يېزىۋېرىشتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى مەتبۇئاتلارغىمۇ چىقىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن بەزى قالايمىقانچىلىقلارمۇ كېلىپ چىقتى. لېكىن ئومۇمىي يۈنىلىشتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ مەلۇم ئېقىم سۈپىتىدە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېڭىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

بۇ مەزگىلدە يېڭىچە شېئىرلار يېزىلىش بىلەن بىرگە نۇرغۇنلىغان يېڭىچە شېئىرىيەت نەزەرىيىلىرىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇندىن باشقا ئۇلار ئەدەبىي تەرجىمە بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، بۈگۈنكى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى يۈزلىنىشلەر، شۇنداقلا چەت ئەلنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە پاز، بورگېس، پابلو نېرودا، ۋېتمان قاتارلىق شائىرلىرىنىڭ نادىر شېئىرلىرى، شېئىرىيەت ھەققىدىكى ماقالىلىرى ۋە تۈرلۈك ئېقىملارنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى. بۇمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كۈچلۈك ئويغىتىش رولىنى ئوينىدى. يېڭىچە شېئىرلار ئەنە شۇنداق نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئومۇمەن ياشلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى ھەم مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن بۇ ھەقتە مەخسۇس لېكسىيىلەر سۆزلەندى. يەنە ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى»، «روھ پەسلى»، ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «شاراب تومۇرى»، پەرھات ئىلياسنىڭ «چوغ سورىغان بالا»، پولات ھېۋزۇللانىڭ «بىر قىز قەلبىگە تېز سىزما» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىنىپ شېئىر ھەۋەسكارلىرىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى ھەم بۇ توپلاملار ھەققىدە مەخسۇس ماقالە - ئوبزورلارمۇ يېزىلدى.

95 - يىللاردىن كېيىن ئادىلجان تۇنىياز، پەرھات تۇرسۇن، ئابلىكىم ھەسەن، زاماندىن

پاكزات، غەنى رەشىدى، چىمەنگۈل ئاۋۇت قاتارلىق يەنە بىر تۈركۈم ياش شائىرلار يېتىشىپ چىقتى ھەم ئۇلارنىڭ ئايرىم شېئىر توپلاملىرىمۇ نەشر قىلىندى. مەسىلەن، ئادىلجان تۇنىياز «سۆيۈپ قالسام سىنى ناۋادا»، «بويتاق شائىرنىڭ مەخپىيىتى»، پەرھات تۇرسۇن «مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن يۈز پارچە»، ئابلىكىم ھەسەن «ئەللەي تەبىئەت»، غەنى رەشىدى «دادامغا خەت»، چىمەنگۈل ئاۋۇت «تەتۈر چېقىن». بۇلارنىڭ شېئىرلىرى ئالدىنقى يېڭىچە شېئىرلارغا قارىغاندا ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغاچقا، ئۇلارنى يېڭىچە شېئىرىيەتتىكى ئىككىنچى ئەۋلاد شائىرلار دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئاساسلىق خۇسۇسىيەت شۇكى، ئۇلار ھېسسىيلىققىمۇ، ئىدراكىيلىققىمۇ تەڭ ئېتىبار بەرگەن، يەنى ئەخمەتجان ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ يېڭىچە بەدىئىي تەپەككۇرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئوسمانجان ساۋۇت قاتارلىق شائىرلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنىمۇ قوبۇل قىلغان ھەم مۇشۇ ئىككى خىل شېئىرىيەتنى يۇغۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە خاس يول ئاچقان.

## 2

يېڭىچە شېئىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسلىقى ئۇنىڭ سىمانتىكىلىق قۇرۇلمىسىدا ئىپادىلىنىدۇ.

بىزدە نەزەرىيە تىلىنىڭ پوستى بولغان شەكلەن مەنتىقە (فورمال لوگىكا) نى شېئىرىي مەنتىقىنىمۇ ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم دەپ چۈشىنىدىغانلار ئاز ئەمەس. شۇڭا «ئوقۇيدۇ ۋاراقلاپ دېڭىزنى»، «كۆزلىرىمدىن باشلانغان يوللار» دېگەندەك مىسرالارنى ئۇچراتسىلا، «دېڭىزنى قانداق ۋاراقلىغىلى بولىدۇ؟»، «كۆزدىنمۇ باشلىنىدىغان يول بولامدۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى قويۇشۇپ، بۇلارنى مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ مەنتىقىنىڭ زادى نېمىلىكىنى چۈشەنمىگەنلىك.

شەكلەن مەنتىقە بىلەن شېئىرىي مەنتىقە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئايرىم - ئايرىم كاتېگورىيىگە مەنسۇپ. شەكلەن مەنتىقە ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش ئارقىلىق نەزەرىيىۋى توغرىلىققا يېتىشنى، شېئىرىي مەنتىقە بولسا ھېس - تۇيغۇدىكى نازۇكلۇقنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىدا كۆز بىر ئۆيگە ياكى بىر مەھەللىگە ئوخشاپ، ئۇنىڭدىن يوللار باشلىنىپ تەرەپ - تەرەپلەرگە تارالغان مەنزىرىنىڭ بولۇشى تامامەن مۇمكىن. بۇنىڭغا يەنە كۈچلۈك ئىلتىجا ۋە گۈزەل ئارزۇ - ئىستەكلەرمۇ يوشۇرۇنغان. بۇنى شەكلەن مەنتىقىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىزاھلاشقا توغرا كەلسە، «مېنىڭ كۆزلىرىم خۇددى پىنھاندىكى بىر ئۆيگە، ئۈمىدلىرىم ئۇنىڭدىن باشلانغان يوللارغا ئوخشايدۇ. مەن شۇ يوللار ئارقىلىق يىراق - يىراقلارغا بېرىشنى خالايمەن» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. مۇنچىلىك ئاۋارە بولۇپ يۈرگىچە، تۇيغۇمىزدىكى شۇ كۆرۈنۈشنى ئەينەن ئىپادىلىسەكمۇ بولۇۋېرىدىغۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە ئاساسلىقى ئادەت مەسىلىسى. بىز ئۇزۇن يىللىق كۆرەش جەريانىدا شەكلەن مەنتىقىگە كۆنۈپ كەتكەچكە، تىلدىكى بۇنداق بىۋاسىتە سېزىمچانلىققا دەماللىققا ماسلىشالمايمىز. ئەمما شېئىرىيەت مەنتىقىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىپ يەتكىنىمىزدە، بۇنىڭ تامامەن مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلىمىز. شۇڭا يېڭىچە شېئىرلاردا تىلدىكى بۇ خىل سوزۇلمىلىق قىسقارتىلىپ، ئىچكى تۇيغۇنى كېيىمسىز، قىپيالىڭاچ ھالدا ئىپادىلەش ئاساس قىلىنغان.

تېما جەھەتتىمۇ شائىرنىڭ بىۋاسىتە تۇيغۇسى ئاساس قىلىنغان. ئىلگىرىكى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا كۆپىنچە بىرەر سىياسىي ياكى ئىجتىمائىي تېما ئاساس قىلىناتتى. شېئىر ئومۇمەن مەلۇم بىر لىنىيىنى بويلاپ راۋاجلىنىپ، شېئىردىن زوقلانغۇچىلار شۇ لىنىيە بويىچە ئوقۇپ شائىرنىڭ تەسەۋۋۇر باغچىسىنى تەرتىپ بويىچە سەيلە قىلىپ چىقاتتى ھەم كۆزلىگەن مۇقىم نىشان ـ مەلۇم بىر مۇددىئاغا يېتەتتى. لېكىن يېڭىچە شېئىرلاردا شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرلىرى ئاساس قىلىنىپ، خىيالىي كۆرۈنۈشلەر كۆپرەك ئېتىبارغا ئېلىندى. شۇڭا ئۇنىڭدا زامان، ماكان

ئۇقۇملىرى ئېنىق ئەمەس، مىسرالاردىكى ئىماگ شائىرنىڭ چاقماق تېزلىكىدىكى سېزىملىرى بويىچە گاھ چاقناپ، گاھ غۇۋالىشىپ تۇرىدۇ. شۇڭا يېڭىچە شېئىرلارنى ئەنئەنىۋى شېئىرلارنى ئوقۇش ئادىتى بويىچە ئوقۇغاندا، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق بەھرە ئالغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن زوقلىنىش ئۈچۈن، ئوقۇرمەن ئېڭىدا چوقۇم يېڭىچە شېئىرلارغا خاس يېڭىچە بەدىئىي تەپەككۇر شەكلى بولۇشى كېرەك.

كېچە دېڭىزمۇ،
ئاي ئالتۇن بېلىق؟
ھەر كۈنى
تۇتۇۋېلىپ ئۇنى ئۇيۇق،
قويۇۋېتەر قايتىدىن. . .

بۇ شېئىرنى ئوقۇغان بەزى ئوقۇرمەنلەر بەلكىم «بۇ شېئىردا زادى نېمە مەزمۇن بار؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. مۇشۇ سوئالنى سوراشنىڭ ئۆزى بۇ شېئىردىكى گۈزەللىكنى ئۆلتۈرگەن بىلەن باراۋەر. چۈنكى بۇ شېئىردا ھېچقانداق سىياسىي مەزمۇنمۇ ياكى ئىجتىمائىي مەزمۇنمۇ يوق. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگىنى شائىرنىڭ ئەپسانىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان ساددا خىيالىدىنلا ئىبارەت. كېچە دېڭىزغا، ئاي ئالتۇن بېلىققا ئوخشىتىلغان. ئۇيۇق بولسا ئالتۇن بېلىقنى كۈندە تۇتۇۋېلىپ قويۇۋېتىدۇ. . .

بىز بۇ ساددا ئەپسانىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئاجايىپ خىياللارغا چۆمىمىز، كۆز ئالدىمىزدا باشقا گۈزەل مەنزىرىلەر ياكى قۇلىقىمىزغا مۇڭلۇق ناخشىلار ئاڭلىنىشى مۇمكىن. مانا مۇشۇنداق باغلانما تەسەۋۋۇر ھاسىل قىلىش بۇ شېئىرنىڭ ئاساسلىق سېھرى.

ئەلۋەتتە يېڭىچە شېئىرلاردىكى ئايرىم شېئىرلاردا ئىلگىرىكىلەرنىڭ شېئىرلىرىغا ئوخشاش بەزى ئىجتىمائىي تېمىلارمۇ بار. لېكىن بۇ خىل كونا تېمىلاردىمۇ ئۆزلۈك ئېڭى يەنىلا كۈچلۈك.

شېئىرىي رىتىم جەھەتتە مۇزىكىلىق ئاھاڭدارلىقىقا ئېتىبار بېرىلىش بىلەن بىرگە شائىرنىڭ ھېسسىياتىدىكى ئىچكى رىتىمغىمۇ ئېتىبار بېرىلگەن.

قىينى. . .
مىنىڭ. . .
ئەكس. . .
سادايىم؟ . . .
(ئەخمەتجان ئوسمان «خائىن تاغلار»)

بۇ شېئىر بىرلا مىسرا قىلىنىپ «قىينى مىنىڭ ئەكس سادايىم؟» دەپ يېزىلغان بولسا، ئۇنىڭدىكى رىتىم شائىرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى تراگېدىيىلىك ھېسسىيات تولقۇنۇشىنى ئۇنۇملۇك زاھىر قىلالمىغان بولاتتى. بۇ يەردە ھەر بىر سۆز ئايرىم - ئايرىم مىسرالارغا بۆلۈنۈش ۋە كەينىگە كۆپ چېكىت قويۇلۇش ئارقىلىق تاغلاردىن قايتقان ئەكس سادانىڭ گارمونىيىلىك تەۋرىنىشىدىن ھاسىل بولغان فىزىكىلىق رىتىمغا تەڭكەش قىلىنىپ، كۈچلۈك بىر خىل قايتىلانما سادا ھاسىل قىلىنغان. بۇنى شېئىرنى ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ كۈچلۈك بەدىئىي تەسەۋۋۇرىنى ئىشقا سالغاندىلا ئاندىن ھېس قىلالايدۇ.

چېغىر يوللارمۇ
تۇتىشىدۇ چوقۇم بىر يەرگە.
كەنت ئىچىدىن چىققان يولۇچى
بارالىشى مۇمكىن چوڭ يولغا،
كەلمىسىلا قايتىپ كەينىگە.

كىم بىلىدۇ دەرەخلەر،
ھاسىسىنى قۇچاقلىغانچە
ئۇخلاپ قالغان يولۇچىلارمۇ؟

كىم بىلىدۇ تاڭ سەھەر،
لىپىلدىتىپ ئاپئاق پېيىنى،
ئورماندىكى سۈزۈك بىر قۇشنىڭ
توخۇمىدىن چىققان چۈجىمۇ؟

جىلتىسىنى كۆتۈرگەن بالا
چىغىر يولدىن ماڭدى يىراققا
ۋە ئايلىنىپ كەتتى قۇياشقا.

(ئادىلجان تۇنىياز «بىر چىغىريول»)

بۇ شېئىر ئايرىم - ئايرىم تارتىلىپ، بىر يەرگە قويۇپ قويۇلغان گۈزەل مەنزىرىلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. «چىغىر يول» ، «ھاسىسىنى قۇچاقلىغىنىچە ئۇخلاپ قالغان يولۇچىلار» ، «ئورماندىكى سۇزۇك قۇشنىڭ تۇخۇمىدىن چىققان چۈجە (تاڭ سەھەر)» ، «جىلتىسىنى كۆتۈرۈپ چىغىر يولدا مېڭىپ، ئاخىر قۇياشقا ئايلىنىپ كەتكەن بالا» . بۇ مەنزىرىلەر ئېڭىمىزدا پەيدا بولۇپ، قەلبىمىزدە كۈچلۈك شېئىرىي كەيپىيات پەيدا قىلغاندا، بىز بىردىنلا شېئىردىن ھالقىپ، ئۆزىمىزمۇ شۇ چىغىر يولدا كېتىۋاتقاندەك بولىمىز ھەم ماڭغانسېرى ئۇقۇملىشىپ كەتكەن مەزمۇن ۋە مەنىنىڭ ئاسارىتىسىز، چەكسىز كەتكەن چۆچەكلەر دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىمىز. مانا بۇ شېئىريي بوشلۇق. سىز ئۇنىڭدا قانچىلىك ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلسىڭىز ئۆز ئىختىيارىڭىز، يەنى بۇ شېئىر ئوقۇرمەنلەرگە چەكسىز ئويلىنىش ۋە ئۈزلۈكسىز گۈزەللىك تۇيغۇسىغا چۆمۈش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەرگەن. بۇمۇ يېڭىچە شېئىرلاردىكى ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى.

يېڭىچە شېئىرلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا بالىلارچە ساددىلىق ئىستېتىك يۈكسەكلىكنىڭ بەلگىسى قىلىنغان. چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بالىلىق مەزگىلىدە ئادەمگە ھەممە نەرسىلا سىرلىق تۇيۇلىدۇ. گۆدەك بالىلار دېرىزىدىكى مۇزلارنى قىش بوۋاي نەقىشلەپ قويغان گۈللەر دەپ چۈشىنىدۇ. ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى ئۇ يەردە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى دېسە ئىشىنىپ، ئاسماندىمۇ ئادەملەر بار دەپ ئويلايدۇ. يوپۇرماقلار تۆكۈلسە، ئۆلۈپ قاپتۇ دەپ ئۇلارغا قەبرە ياسىشىدۇ. مانا بۇ مەسۇم خىياللار شۇنچىلىك غۇبارسىز، ئەسلىدىنلا شېئىرغا خاس. بالىلاردىكى بۇ خىل ھېس - تۇيغۇلارنىڭ سېھرىي كۈچى يولى كەلگەندە خۇددى مۇزىكىدەك تەسىرچانلىقا ئىگە.

3

يېڭىچە شېئىرلار مەيدانغا كېلىپ، مانا 15 يىل ئۆتتى. بۇ 15 يىل مابەينىدە نۇرغۇن نادىر شېئىرلارمۇ، نۇرغۇن ناچار شېئىرلارمۇ يېزىلدى. ئۇنىڭغا قارىتا زور ھەۋەس بىلەن قىزغىن قوللىغۇچىلارمۇ، ئۇنى شېئىرىيىتىمىزدىكى «ھارام شاخ» قاتارىدا كۆرۈپ، «پۇتىۋېتىش» نىيىتىدە بولغۇچىلارمۇ بولدى. مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئۇنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك.

بىرىنچىدىن، يېڭىچە شېئىر يازغۇچىلار ھەر قانچە تۇسقۇنلۇققا ئۇچرىسىمۇ، دادىللىق بىلەن يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، تەپەككۇر ئادىتىمىزدە بىر خىل بۆسۈش ياراتتى. بۇ شېئىرىيەت تارىخىمىزدا ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان بىر خىل ھادىسە. بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ بۇندىن كېيىنكى يۈزلىنىشلەرگە ماسلىشىشتا مەلۇم ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىككىنچىدىن، شېئىرىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇ- رۇپ، بىزگە يېڭىچە نەزەرىيىۋى خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەردى.

ئۈچىنچىدىن، شېئىرىي تىلدا چېقىلىش ھاسىل قىلىپ، سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسىدىن باشقا قاتلاملىرىنىمۇ نامايىش قىلدى. شۇ ئارقىلىق تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئۇنى قەلبنىڭ پىچىرلىشىشى بولغان پىسخىك تىلنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى.

تۆتىنچىدىن، تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە يەنە بىر ئەۋلاد ياش شائىرلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا زېمىن ھازىرلاپ بەردى.

مەخپىي خاتىرىلەر



# ئازابقا تولغان ئەسلىمە

گۈلچىمەن

سىرتتا قار لەپىلدەپ ياغماقتا. ۋۇجۇدۇم ئازاب ئىچىدە تولغانماقتا. پۈتكۈل كائىنات شېرىن ئۇيقۇدا، پەقەت مەنلا سېنى خىيال قىلىپ ئۇخلىيالمىدىم. ئادەم ھاياتتا بەزى ئىشلارغا توۋا دەپمۇ ئۈلگۈرەلمەيدىكەن. بۈگۈنگە قەدەر ھېچقانداق بىر يىگىت ماڭا كۆيۈپ باقماپتۇ، ھېچكىم مېنىڭ ئۈچۈن ئازابلىنىپمۇ باقماپتۇ. قانداقسىگە ئۆزۈمدىن ئون ئالتە ياش چوڭ بىرسىنى شۇقەدەر ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەن؟ بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بۇ يېشىلمەس بىر سىر. قىسقىسى، ئۆزۈممۇ سىرلىق بىر قىز.

مەن تۇغۇلۇشىمدىلا سېمىز بولغاچقىمىكىن، پات ـ پات دوستلىرىم مېنى گەپتە سوقۇپ قوياتتى. ئون ئالتە ياش چاغلىرىمدا ئۆزۈمدىن 6 ـ 7 ياش چوڭ بىر يىگىت كۆڭلۈمنى ئوغرىلىۋالدى. ئۇنى ھەقىقەتەن ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام، ھايات مۇساپىسىنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە باسسام دېگەنلەرنىلا ئويلايتتىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ بىر قىزغا كۆيۈپ قېلىپ توي قىلىۋالدى. كۆڭلۈم قاتتىق ئازار يېگەچكە، سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشنىڭ نېمىلىكىنى ئويلىيالماس بولۇپ قالدىم.

تۇنجى مۇھەببەت زەربىسى ئاز كەلگەندەك، ئالىي مەكتەپكىمۇ ئۆتەلمىدىم. چىرايىم سارغىيىپ، گېلىمدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى. ئاتا ـ ئانام كۆڭلۈمنىڭ يېرىملىقىنى كۆرۈپ بىئارام بولۇشتى. دېمىسىمۇ، ئۇلارغا بۇ نېمە تارتقۇلۇق؟ ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئاتا ـ ئانا بولۇشنىڭ قىيىنلىقىنى ئۇلار ئارقىلىق ھېس قىلدىم. ئاپام مېنىڭ غېمىمنى تولا يەۋېرىپ كۈندىن ـ كۈنگە جۇدەپ كەتكەنىدى. دادام بىر ئاغىنىسىنىڭ ياردىمىدە مېنى غۇلجا يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنىڭ كۆتكۈچىلىك سىنىپىغا ئوقۇشقا ئەكىرىپ قويدى.

قېرىشقاندەك كۆتكۈچىلىك سىنىپىغا بىر ـ بىردىن گۈزەل قىزلار قوبۇل قىلىنىپتۇ. پەقەت مەنلا سېمىز، سەت ئىدىم. خۇدا شۇنداق ياراتقان تۇرسا، ئۇنىڭغا مەندە نېمە چارە؟ قىزلار مېنى ئانچە ياقتۇرمايتتى. بىراق سىنىپ مۇدىرىمىز مېنى خېلى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى مەن دەرستە تولىمۇ تىرىشچان ئىدىم. ھەممىدىن ئۆچ بولغىنىم تەنتەربىيە مۇئەللىمىم ئىدى. ئۇ ئورۇق كەلگەن قېرى قىز بولغاچقىمىكىن، مېنى ئىشلەش قىيىن بولغان ھەرىكەتلەرگە سېلىپ دائىم قىزلار بىلەن مازاق قىلىپ كۈلەتتى. كېيىنچە ئۇنىڭغا سالاممۇ قىلغۇم كەلمەس بولۇپ قالدى. دادامنىڭ مېنى نېمە ئۈچۈن باشقا كەسىپلەردە ئوقۇتماي، بۇ كەسىپتە ئوقۇتقانلىقىغا ھازىرغىچە پۇشايمان قىلىمەن. بىراق تەقدىرنىڭ پېشانەڭگە پۈتكىنىنى كۆرمەسلىككە نە چارە؟!

شۇ چاغلاردا ھېچقانداق بىر ئوغۇللارنىڭ دىققىتىنى تارتالمايدىغان بۇ سېمىز ئەپتىم تۇيۇقسىز مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى A ئەپەندىنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ.

ھېلىھەم ئېنىق ئېسىمدە، شۇ كۈنى مەن كۈندىلىك ئادىتىم بويىچە مەكتەپ ئورمانزارلىقىدا رۇس تىلى ئۆگىنىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز بىرسىنىڭ «قايسى سىنىپتا ئوقۇيسىز؟» دېگىنىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئۇ بىز دائىم ئەيمەنگىنىمىزدىن گەپمۇ قىلىشقا پېتىنالمايدىغان بۆلۈم باشلىقى A ئىكەن. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر يەرلەردە ئۇچرىشىپ قالساق ئاز ـ تولا پاراڭلىشىدىغان بولدۇم. ئۇ ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ سىنىپىمنى ئالماشتۇرۇپ قويماقچىمۇ بولدى. بىراق مەن ئۇنىڭ مەندىن نېمىنى كۈتكىنىنى بىلمەستىن ئۇنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلغۇم كەلمىدى، بۇنىڭ بىلەن مەن يەنىلا ئۆز سىنىپىمدا ئوقۇۋەردىم. بىر كۈنى ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەن چىرايلىقچە رەت قىلدىم. شۇندىن كېيىن

ئۇمۇ ماڭا گەپ قىلماس بولۇپ قالدى. بەلكىم تەقدىرنىڭ ئازغۇن شاماللىرى مېنى بىر ئاز سەگىتىپ قويدىمۇ قانداق، شۇندىن كېيىن ئەرلەردىن ئېھتىيات قىلىدىغان، ئەرلەر بىلەن پاراڭلىشىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىم. تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ ئاخىر ئوقۇشۇممۇ پۈتتى. مەن شەھىرىمىزدىكى بىر مېھمانخانىغا كۈتكۈچىلىككە تەقسىم قىلىندىم.

يېڭى خىزمەت مۇھىتى مېنى خېلى خۇشال قىلغانىدى. ئەمدى ئاتا - ئانامنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايدىغان چاغلار ئىدى. ئىدارىمىزدا ئۇدا ئۈچ يىل ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ مۇكاپاتلاندىم. بۇ جەرياندا ئۆزۈمدىن 5 - 6 ياش چوڭ ئۈچ يىگىتنىڭ توي قىلىش تەكلىپىنى رەت قىلدىم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايدىغان بىرىگە كۆڭۈل بېرىدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسام ئاللىبۇرۇن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بولماسمىدىم. مەن يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىرىپ قالدىم. تۇرۇپلا ئۆزۈمنىڭ ئۈنچىۋالا سەتمۇ ئەمەسلىكىمنى ھېس قىلىپ قالاتتىم. قەلبىم كىمگىدۇر تەلپۈنەتتى. كېچىلەر ئۇزاق تۇيۇلۇپ، خىياللار چىرمىۋالغان شۇ كۈنلەردە، دوستۇم بىلەن بىر سورۇنغا بېرىپ قالدىم. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدا تۇنجى رەت رېستورانغا كىرىشىم ئىدى. توۋا، بۇ سورۇندا ئولتۇرغان قىزلار مەن دېمەتلىك بولسىمۇ، يىگىتلەر 40 ياشلار چامىسىدىكى چوڭلار بولغاچقا، ئىختىيارسىز «توۋا» دەپ ياقامنى تۇتتۇم. شۇنداقتىمۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشتىم. ئۇلارنىڭ پۇلدارلىقى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى مېنى «پەمىدۇردەك قىز» دەپ يۇمۇرغا قوشۇۋەتتى. ئۆزۈمنىڭ سىپمىزلىكىمدىن يەنە بىر قېتىم ئازابلاندىم. كېيىن بىلسەم، ئۇ مېنى ياقتۇرۇپ قالغانىكەن. ئۆزۈمنىڭ بۇ بايۋەچچىگە نېمە ئۈچۈن ياراپ قالغىنىمنى كېيىن چۈشەندىم. چۈنكى خېلى ئېغىر - بېسىق قىز ئىدىم. بىز يۇمۇر ئېيتىشىپ، ئۇسسۇل - تانسا ئويناپ دېگەندەك سائەت ئون بىرلارغىچە ئولتۇرۇشتۇق. كەچتە ئۇ سانتاناسى بىلەن بىزنى دوستىمىزنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ بىز بىرنەچچە قېتىم سورۇنلارغا بىرگە باردۇق. ئۇ ھەر قېتىم بىزنى ۋاقتىدا ياتاققا ئەكىلىۋېتىپ قايتاتتى. بىزنى ئوقۇغان، بىلىملىك قىزلار دەپ ماختاپ تۇراتتى. بەزىدە ماڭا چاقچاق قىلىپ «پەمىدۇر قىز» دەپ تۇرۇۋالاتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئاچچىقلاش تۈگەل، توغرا چۈشىنىپ كۈلىدىغان بولدۇم. چۈنكى مېنى ھاياتىمدا ھېچكىم مۇنچە كۈلدۈرەلمىگەنىدى. كېيىنچە ئۇنىڭ پۇلدار بولسىمۇ كەمتەر، خۇشچاقچاق، باشقىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن گويا كونا تونۇشلاردەك ئېچىلىپ - يېيىلىپ پاراڭلىشىدىغان بولدۇم. ئۇ ماڭا دائىم «سىز بىلىملىك ياخشى قىزكەنسىز، مەن سىزدەك قىزلارنى ھۆرمەت قىلىمەن. ھازىر جەمئىيەت قالايمىقان. قانداق ئىشلار بولسا ماڭا دەڭ. قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن» دېدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭغا تامامەن ئىشىنىدىغان بولدۇم. ئۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم نۇرغۇن سورۇنلارغا باردىم. ھەر قېتىم ئۇ مېنى ياتىقىمغا بىخەتەر ھالدا ئەكىلىپ قوياتتى. مېنىڭ نەزىرىمدە، مەن ئىشىنىدىغان ئەر دەل مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئۇ مېنى مېھمانخانىدىن باشقا جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن، دەپ ۋەدە بەردى. ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت ۋە ئىشەنچىم شۇنچە ئاشتى. بىر كۈنى ئۇ مېنى مېھمانخانىغا ئاپاردى. ئۆزىگە بىر ياتاق، ماڭا بىر ياتاق ئالدى. مەن ئۇنىڭغا تامامەن ئىشەنگەچكە ياتاقتا قونۇپ قالدىم. يېرىم كېچە بولغاندا، ئۇ مېنىڭ ياتىقىمغا كىردى. ئۇ «ساقام، سىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن. زادىلا چىدىيالمىدىم. مەندىمۇ ئامال يوق. ماقۇل كۆرسىڭىز، ماڭا ياتلىق بولۇڭ. سىزنى ئۆمۈر بويى بەختلىك قىلىمەن» دېگىنىچە مېنى باغرىغا بېسىپ سۆيگىلى تۇردى. ۋۇجۇدۇم تۇنجى رەت سۆيگۈ ھارارىتىدە ئېرىپ كەتتى. مەنمۇ ئىختىيارسىز ئۇنى ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشكە باشلىدىم. تۇيغۇللىرىمنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا رام بولۇپ قالغىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ تەلىپىنى ئېيتتى. بىراق بىر قىز ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ خىل تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۆزىنىڭ بارلىقىنى دوغا تىككەنلىك ئەمەسمۇ؟ قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم. ئۇمۇ پىكرىمنى ھۆرمەت قىلدى.

شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇ مېنى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئەتىۋارلاپ ئىزدەيدىغان بولدى. نېمە دېسەم شۇنى قىلاتتى. چاقىرغۇ ئۇرۇپ بولغۇچە قايتۇراتتى. مەن تېزلا مودا كىيىملەرنى كىيىپ، تاكسىلارغا ئولتۇرۇپ، ئۆيگە بارسامۇ

www.uyghurkitap.com

چوڭ - چوڭ سوۋغا - سالاملارنى ئاپىرىدىغان «باي خېنىم»لاردىن بولۇپ قالدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ غەمخورلۇقى ئىدى. نېمىشقىدۇر ئۇنى دائىم كۆرگۈم كېلىدىغان بولۇپ قالدى. بىز دائىم ئۇچرىشىپ تۇردۇق. لېكىن ئۇ مېنىڭ خىزمىتىمنى ئالماشتۇرۇپمۇ قويمىدى. مەنمۇ بۇ توغرىدا ئۇنىڭغا قايتا ئېغىز ئاچمىدىم.

بىر كۈنى ئۇ مېنى تەكلىپ قىلىپ ياتاققا ئاپاردى. سىرتتا سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئۇ مېنى سۆيۈپ تۇرۇپ، «ساقام، سىزگە ماشىنا ئېلىپ بېرەي. ئۆي ئېلىپ بېرەي. ياخشى خىزمەت تېپىپ بېرەي، نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلاي، تەلىپىمگە قوشۇلۇڭ» دېدى. ئۇ توختىماي يالۋۇراتتى. «بەلكىم تالاي قىزلارغا مۇشۇنداق يالۋۇرۇپ قولغا كەلتۈرگەنسىز. بىراق مەن توي قىلماي تۇرۇپ تەلىپىڭىزگە قوشۇلمايمەن» دېدىم. ئۇ تولا يالۋۇرۇپ چارچىغىنىدىن ئۇخلاپ قالدى. ئۇ شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولدى. يامغۇر ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. تاڭ ئېتىپ سائەت يەتتىلەردە ئۇنى ئويغاتتىم. ئۇ قايتىش ئالدىدا ئاستاغىنە بېشىمنى نوقۇپ تۇرۇپ «پەمىدۇر قىز، كاللاڭ خېلى ئىشلەيدۇ جۇمۇ» دېدى. ئۇ مېنى بىر تاكسىغا سېلىپ قويدى. مەن ئىشقا ئۈلگۈرۈپ كەلدىم.

شۇ كۈندىن كېيىن ئۇنىڭغا چاقىرغۇ بەرسەممۇ قايتۇرمىدى. تېلېفون بېرىپ ئاران ئالغىنىمدا، قوپاللىق بىلەن «تەلىپىمنى ئوبدان ئويلانغىن. ئەمدى مېنى ئەخمەق قىلما» دېدى. ئۇنىڭ گەپلىرى ماڭا راستىنلا ئېغىر كەلدى. ئەمدى ئۇ مېنى بۇرۇنقىدەك ئىزدىمەيتتى. سورۇنلارغىمۇ تەكلىپ قىلمايتتى. مېنىڭ جىمجىت، زېرىكىشلىك كۈنلىرىم يەنە باشلاندى. كېچىلەر ئۆزۈمنىڭ يېرىم يىلدىن بۇيانقى ئىشلىرىمنى ئويلىشىۋېلىشىمغا تامامەن يېتەتتى. مەن ھايات قايىنىمدا، ئۇنىڭ بىلەن قانداق تاسادىپى تونۇشقان بولسام، شۇنداق تاسادىپى ئايرىلىپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندەك، ماڭا شېرىن ۋەدىلەرنى بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بىراق ئۇ ھازىر كىمگە نېمىلەر توغرۇلۇق ۋەدە بېرىۋاتقاندۇ؟ بىلىپ بولمايتتى.

ئەمدى بىلسەم، ئۇ مېنى پۈتۈنلەي شېرىن سۆزلەر ئارقىلىق پۇل خەجلەپ يۇرۇپ كەينىگە سېلىپ گېدىيىپ يۇرۇپتىكەن. ھېلىمۇ ياخشى بەختىۋاش تۇيغۇلىرىمنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۇنىڭغا بارلىقىمنى ئاتىۋەتمەپتىمەن. ئەپسۇس، ئۇ مېنى مېھرى بىلەن سۆيگەن شۇ كۈنى مەن ئۇنىڭغا بىغۇبار كۆڭلۈمنى بەرگەنىدىم. تەڭرىم ماڭا نېمانچە چاكىنا كۆڭۈل ئاتا قىلغاندۇ؟ دائىم ئۇنى ياد ئېتىپ قالىمەن.

ئۆزۈمنىڭ ئىرادىسىزلىقىمغا ئۆكۈندۈم. بۇ ھەشەمەتلىك شەھەردىن، مېنىڭ قەلبىمدىكى ئۇ قەدىرلىك ئادىمىمدىن ئايرىلىپ، چەت بىر يېزىغا يۆتكىلىۋالدىم. چۈنكى مەن سەھرانىڭ ساپ ھاۋاسىدا ئۆزۈمنىڭ ئەڭ پاك تۇيغۇلىرىمنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئويلايتتىم. ھەشەمەت پاتقىقىغا قايتا پېتىپ قېلىشنى مەڭگۇ خالىمايتتىم. ئەمدى مېنى ھېچكىم سۆيمىسىمۇ، ھېچكىم مېنىڭ ئۈچۈن كۆيمىسىمۇ ئارمىنىم يوق. ئۆزۈمنىڭ ئەزەلدىن ھېچكىمنىڭ ساپ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن ئۆكۈنىمەن. تەلىيىمگە يارىشا ئۇنىڭغا ئالدىنىپ تەلىپىگە قوشۇلماپتىمەن. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن مېنى ئىزدىمىگەنلىكىنىڭ سىرىنى كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چۈشىنىپ قالدىم .

مۇھەببەت مېنىڭ سۆيگۈ رىشتىمنى، ھەممىنى پۇل ئارقىلىق ئۆلچەيدىغان چاكىنا بىرسىگە باغلىۋەتتى. ئۇنىڭ شېرىن ۋەدىلىرى يۈرىكىمگە سۆيگۈ تامغىسىنى بېسىۋەتتى. ئۇ ئايالى بار، بالىسى بار ئادەمغۇ؟ بارغانسېرى ئۇنى ئويلاشتىن ئىزا تارتىدىغان بولۇپ قالدىم. ناۋادا ئۇنى قايتا ئۇچرىتىپ قالسام «قىز قوغلاشقا سەرپ قىلغان شۇ پۇللىرىڭىزغا مەكتەپ سېلىڭ! بۇ ھەر ھالدا پاك قىزلارنىڭ قەلبىگە ساختا سۆيگۈ ئازابى سالغاندىن كۆپ ياخشى» دەپ تەۋسىيە قىلىپ قويماقچىمەن.

قۇياش ھەر كۈنى يېڭىدىن چىقىدۇ. مەن بۇ يىراق سەھرادا يېڭى بىر كۈننى كۈتۈۋالدىم. ئىشىنىمەنكى، بۈگۈن چوقۇم مەنىلىك ئۆتىدۇ. چۈنكى مەن چوڭ بولدۇم، تۇرمۇش قايىنىمدا پىشىپ يېتىلدىم. دادام مېنى بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە خەلق ئوقۇتقۇچىسى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. بۇندىن كېيىنكى ھاياتىمنى ھالال ئەمگەكىمگە تايىنىپ ئۆتكۈزىمەن. مەن ئۆزۈمگە ئۆكۈنىمەن. كەچۈر مېنى بەختىۋاش ياشلىقىم!

# تېخنىكوم خاتىرىلىرى

ئۆمەرجان ئىسمايىل

## ئۆلۈۋېلىش ۋە مەن

مەكتىپىمىزدە چوڭ ئىش چىقتى - بىرسى بىنادىن سەكرەپ ئۆلۈۋالدى. ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ. بۇرۇن دائىم تويۇقسىز ئۆلۈپ كەتسەم ئەتراپىمدىكىلەر قاتتىق تەۋرىنىپ، ھەممەيلەن گېپىمنى قىلىدىغان، خەقنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان بىر شەخسكە ئايلىنىمەنغۇ، دېگەننى خىيال قىلاتتىم. لېكىن بۇ خىيالىمنىڭ ئىنتايىن چاكىنا ئىكەنلىكىنى ئەمدىلا بىلدىم. مانا ئەمدى بىرسى ئۆلۈۋالدى، بىراق مەكتەپنىڭ ھېچقانداق قائىدە - يوسۇن ياكى تۈزۈم ۋە ياكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ھېچ ئىش بولغاندەك ئەمەس. ئەگەر، مەن ئۆلسەممۇ يەنىلا شۇنداق بولۇشى تۇرغانلا گەپ. چۈنكى بۇ جاھاندا ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق.

## ئاياللار بايرىمى ۋە ئاپام

بۈگۈننىڭ نېمە كۈن ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. بۈگۈن خەلقئارا ئاياللار بايرىمى. ئاياللار بايرىمىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىق بىلمىسەممۇ، لېكىن ئۇنىڭ شادلىقى پۈتۈن دۇنيا ئاياللىرىغا مەنسۇپ. سىنىپىمىزدىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى شۇنچە خۇشال. ئۆز بايرىمىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شۇنچە كۆڭۈل بۆلگىنىنىڭ ئۆزى بىر خۇشاللىق. ئۇلار ئەزەلدىن ھەسرەت چېكىپ باققان ياكى بايراملىرىنى كۆڭۈلسىز ئۆتكۈزۈپ باققان ئەمەس.

شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە ئۆيدىكى ئاپامنى ئويلاپ قالدىم. ئاپامنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن. ئۇنىڭدا بارلىق ئانىلارغا ئوخشاش پەرزەنت ئۈچۈن جاپا چېكىش روھى، پەرزەنتلىرى ئۈچۈن قۇربان بېرىش روھى بار. ئەپسۇس، ئاپامنىڭ شۇ تاپتا ئۆز بايرىمىنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەتىيازلىق بۇغداي تېرىۋاتامدىغاندۇ؟ ئېتىزلىقتا قىر چېپىۋاتامدىغاندۇ؟ ياكى ئېتىزغا قىغ توشۇۋاتقانمىدۇ؟ ياكى ئۆيدە تاماق ئېتىش ئۈچۈن قولىنى مۇزدەك سۇغا سېلىپ كۆكتات يۇيۇۋاتامدىغاندۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا نامەلۇم. ئاپامنىڭ 8 - مارت كۈنى بىرەر قېتىممۇ بايرام ئۆتكۈزۈپ باقمىغانلىقىنىلا بىلىمەن. لېكىن شۇنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈمكى، ئاپام ئۆز بايرىمى ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن بىز ئۈچۈن جاپا چېكىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئاپام بايرام دېگەنلەرگە ئانچە ۋاي دەپ كەتمەيدۇ. بايرامنىڭ كېلىش - كەلمەسلىكى، كۆڭۈللۈك ئۆتۈش - ئۆتمەسلىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر. ئۇنىڭغا بىزنىڭ ھەربىر ئۇتۇق - نەتىجىلىرىمىزلا بايرام، خۇشاللىق. ئۇنىڭ تېگىشلىك بايرىمى 8 - مارتمۇ ھېچ تىنۋشسىزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىز ئاپىمىزنىڭ جاپالىق ئەجرىگە تۇشلۇق ھېچقانداق بايراملىق سوۋغا ئالالمايمىز. بۇ ئىشلارنى ئويلاپ كەلگەندە يۈرىكىم ئېچىشىپ، كۆزلىرىمگە ياش ئولىشىدۇ. بۇ دېگەن مىليونلىغان ئانىلار بايرىمى. ئەپسۇس، بۇ بايرام ئانىلار ئۈچۈن ئەمەس، پەرزەنتلەر ئۈچۈن بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. پەقەت ياشلار، پەرزەنتلەرلا بايرامنىڭ پەيزىنى سۈرىدۇ. ئاپا، بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!

## كىتابقا سېلىشتۇرما

بۈگۈن لۇ ياۋنىڭ «ئادەتتىكى دۇنيا» ناملىق كىتابىنى ئوقۇپ ئىنتايىن تەسىرلەندىم. ئەسەردىكى قەھرىمان سۈن شاۋپىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى غورىگۈل تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپمۇ يەنىلا سەكراتتا ياتقان 80 نەچچە ياشلىق مومىسى ئۈچۈن پۇل ئېشىندۇرۇپ دورا سېتىۋالىدىكەن. لېكىن مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇپ

ناھايىتى خىجىل بولدۇم. ئىككى يىلدىن بويان ئۆيدىكىلەر ئەۋەتكەن پۇلنى خەجلەيمەنيۇ، ھەر قېتىم قايتقاندا ئۇلارغا كۆڭۈل ئىپادىلىگۈدەك بىرەر نەرسە ئاپىرالمايمەن. مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا دېگەن راست بولسا كېرەك. بىر ئانا ئون بالىنى باقىدۇ، ئەمما ئون بالا بىر ئاتا بىلەن ئانىنى باقالمايدۇ دېگىنى ئەمەلىيەت ئىكەن. تۇرمۇشۇم يېرىمچىلىق، دېلىغۇللۇق ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدۇ. ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتقىنىمنى بىلمەيمەن. ئېسىمدە قالغۇدەك ياكى باشقىلار ئۇنتۇپ كېتەلمىگۈدەك ئىش قىلالىغىنىم يوق.

## مەن ۋە گۈل

يۈرەكنىڭ يۈرەكنى چۈشىنىشى ناھايىتى تەس. ئۇنىڭ ئۈچۈن خېلى كۆپ كۈچ چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما گۈل تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۈچ چىقىرىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ مېنى ئاكا قىلىۋېلىش تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلدىم. ئەلۋەتتە، بۇ بىر خوشاللىق ئىش، بۇ بىر يېڭىلىق. مەن ئۇنىڭغا قايىل بولدۇم، ئۇنىڭ جۈرئىتىگە قايىل بولدۇم. ئىنسانىي ھاياتلىقنى ئۇلغايتقۇچى مېھىر - مۇھەببەتنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ كىشىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىگە، قەلبىگە سىڭىپ كىرىشى، ئىنسان ھاياتلىقىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بىز ھەممىمىز ئاجىزلاردۇرمىز. ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمگە بولغان باھاسىغا ئىشىنىمەن. ئەمما باشقىلار مېنى نېمانچىۋالا ماختاپ يۇقىرى كۆتۈرىدىغاندۇ؟ بەلكىم بۇ ماڭا قويغان تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەن چوقۇم مەڭگۈلۈك ئۇتقۇچى، غەلىبە قىلغۇچى بولۇشقا تىرىشىمەن!

## بىلىم ۋە ئىقتىساد

يۈرەكنى ئەزگۈچى ھەربىر مىنۇتلار ئۈچۈن خەت پۈتۈپ قويۇش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم.

ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغارلار تەرەققىياتى ئىقتىساد بىلەن ئۆلچىنىدىغان دەۋرنى بېسىپ ئۆتۈپ بىلىم مىقدارى ۋە سۈپىتى بىلەن ئۆلچىنىدىغان دەۋرىدىمۇ نەچچە ھەسسە يىراقتا قالدۇق. بىلىمسىزلىك كىرىزىسى بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدىكى مەلۇم كەسىپ، مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسىدىن ھالقىپ رايون دائىرىسىگە كېڭەيدى. بۇنىڭغا ئەمەلىيەت گۇۋاھ بولالايدۇ. خەلق ئوقۇمى پەلسەپىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى. ئىنسانىيەت نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئېلىپ بارغان ئىنسانلىقنىڭ ئىزدىنىشى ئەمەلىيەتتە خەلقنىڭ ئىزدىنىشى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خەلق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان. كۆز ئالدىمىزدىكى ئاتا - ئانامدىن تارتىپ ئۆزۈم، ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭى كېلىنتون، پۇتبول چولپىنى مارادونا، يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايىسىدىكى سارالڭ ... ھەممەيلەن بۇ كاتېگورىيىگە ئەزا بولالايمىز. ئەمما شۇنىسى قىزىقكى، بەزىلەرنىڭ تەرەققىيات ياكى تۆھپە دېيەلىشى، بەزىلەرنىڭ دېيەلمەسلىكى كۆرۈۋاتقان ئاچچىق رېئاللىقىمىز. مانا بىز - شۇنداق دېيىشكە ئۇنىمايۋاتقان ۋە جاھان تەرەققىياتى ئېلىپ بېرىش مۇمكىنچىلىكى ھەم پۇرسەتلىرىمىزنى كۈندىن - كۈنگە يوقىتىپ قويۇۋاتقان خەلق. گەرچە بىز ناخشىلارنى تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرەلىسەكمۇ، ئەمما ئۇ ھەممە كىشىنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ - دە. ئىپتىدائىي ئۇسۇلدا تىجارەت قىلىپ بىراقلا تۇتاملاپ پۇلغا ئېرىشكەن بولساقمۇ، بۇ پۇلنى مەڭگۈ تۇتۇپ تۇرالىشىمىز ۋە ھەممە ھاجىتىمىزدىن چىقالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدىكى ئۇنداق پۇل تاپالايدىغانلارمۇ ھېچقانچە يوق. بىزنىڭ خەلقىمىز ئىقتىساد سۆزىگە تازا ئېنىق چۈشەنچە بېرەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىرىم كۆپ ساندىكى كىشىلەر. ئۇلار بىر شوئار بىلەنلا ئىقتىساد ئۈچۈن تىپىرلايدۇ يۇ، تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى، شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان، يەنى قىزىققانلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئايرىمىلىق، بىخەستىلىك، مائارىپ بىلەن بىرگە بولىدىغان ئىقتىسادنى كۆرۈمسىز بىر ئىقتىسادقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇنداق بولغاندا كەسىپلەر ئارا خىزمەت يۈرۈشمەسلىك، ئۆز ئارا توقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ. ئەمما بۇ بىزدىكى سەممىيەتسىزلىكتۇر. ئاتالمىش ئىقتىسادىي ئەھۋالنىڭ ياخشىلىنىشى ئەسلا ھەقىقىي مەنىسىنى تېپىپ باققان ئەمەس. ياخشىلىنىش بولسىمۇ ناھايىتى ئاز. بۇ ياخشىلىنىش پەقەت يېزا باشلىقلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك باشلىقلارنىڭ ساختا مەلۇماتىدىكى ساختا مەزمۇن، خالاس.



# نۇرمۇھەممەت توختى ئۇزۇنلىدى

(ئەدەبىي ئاخبارات)

نۇرمۇھەممەت توختى



## 1. ئاپتورنىڭ سىرتقى سۈپىتى

ئۇنىڭ كۆك باغرىغا سانجىلىپ كىرمەكچى بولغان ئەرزىمەس بېشى خۇددى ئۆسەلمەي قالغان پور سۆگەتنىڭ پاخپاق تاجىسىدەك ئاران 1.67 مېتىر ئېگىزلىكتە توختاپ قالغان. ئۇنىڭ ئۇسۇش مەزگىلى 60 ـ يىللاردىكى ئاچارچىلىق مەزگىلىگە توغرا كېلىپ قالغان دەپ چۈشەندۈرمەكچى بولساق، 70 ـ يىللاردىكى ئوزۇقلۇق كەملىكتىن بويى ئۆسۈپ كېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، بۇگۈنكى قارىقاشتا ئەڭ ئېگىز، گىگانت ئادەمگە ئايلانغان ئاقسارايلىق ھىدايەت ئاخۇننىڭ ئۇسۇشلىرىنى چۈشەندۈرەلمەي قالىمىز. تەقدىر ـ قىسمەتكە ئامال يوق. شۇنداق قىلىپ ئۇ بويى ئاران 1.67 مېتىرلىق ئادەم بولۇپ قالدى. پاكارلىقى ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك ھەسرەت ئاتا قىلدى.

ئاشۇ 1.67 مېتىرلىق بوي پاكار ھېسابلىنامدۇ؟ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى-نىڭ سەھىيە مەھكىمىسى 1.67 مېتىرلىق بويىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۆلچەملىك بويى دەپ قارىدى. جاھانغا مەشھۇر قوماندان بوناپارت ناپالىئوننىڭ بويىمۇ 1.67 كېلىدۇ. جاھاننى قاپلاپ كەتكەن پۇتبول مەستانىلىرىنى 20 يىل ئاياغلىرىغا باش قويدۇرغان قەھرىمان مارادونانىڭ بويىمۇ 1.61 مېتىر. بۇ گەپلەر ئاپتورغا تەسەللى بېرەرلەرمۇ؟ ئەپسۇسكى، ئۇنىڭدا ئۆزىنى ناپالىئونغا، مارادوناغا سېلىشتۇرغۇدەك جۈرئەت يوق.

ئاپتورنى ئۇلارغا سېلىشتۇرۇشقا جۈرئەت يوق. ئۇ يازغان تېتىقسىز يازمىلار ناپالىئوننىڭ ھەربىي ئىشلار نەزەرىيىسى بىلەن سېلىشتۇرۇلسىدى، غار تۆپىراقتەك ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. ئۇ قىلغان ئىشلار مارادونا سەپداشلىرىغا تەپكەن بىر قېتىملىق پاسچىلىك قىممەتكە ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ بوي جەھەتتە ناپالىئون ۋە مارادوناغا تەڭ بولۇشى ئۇسۇرۇقىقا ھېساب! ئۇنىڭ ئېگىز بوي بولۇشنى ئارمان قىلىشى بىلەن ناپالىئوننىڭ تۆت سانتىمېتىر پاشنىلىق ئاياغ كىيىپ ئۆزىنى ئېگىز كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشىنىڭ ئوخشاپ كەتكەنلىكىمۇ ئۇسۇرۇقىقا ھېساب! ئۇنچىلىك ئوخشاشلىق بولمىسا، ئوخشاشلا ئاللا ياراتقان مەخلۇق بولالايتتىمۇ؟

قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، ئۆمۈر بويى تۇلپاردىن چۈشمەي جەڭگاھ كەزگەن ئاشۇ سەركەردە تەمبەل، مىقتا ئادەم بولغان بولۇشى مۇمكىن، تەختكە ئولتۇرغان چاغلىرىدىمۇ سەمرىپ كەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. مارادونانى بولسا تېلېۋىزور ئېكرانىدا پات ـ پات كۆرۈپ تۇرىمىز. كېيىنكى چاغلاردا ئازراق ئەت ئالغاندەك كۆرۈنگەن ئاشۇ دەرىجىدىن تاشقىرى چولپاننى بورداقچىلىق كەسپى ئائىلىسى مال باققاندەك سەمرىپ كەتكەن ئاپتور بىلەن

www.uyghurkitap.com

سىلىشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئاپتورنىڭ قورسىقى 50 جىڭلىق بىر خالتا ئۇننى تېڭىپ قويغاندەك دومبىيىپ تۇرىدۇ. پەللەك ساغرىسى قىرغىز قويىنىڭ دۇمبىسىدەك پوسكىيىپ تۇرىدۇ. كىچىككىنە يول ماڭسا ساپانغا قاتقان ئۆكۈزدەك پۇشۇلداپ ھاسىرايدۇ. قورساقلىرىنىڭ لوپۇلداپ، سوك - سوك ئېشەككە ئارتقان تاغاردەك سىلكىنىشلىرىچۇ تېخى، ۋاي بىچارە، ھېچبىر ئىشتا ھەرىكىتى قاملاشمىسا، ئۇنىڭ پالەچلەردىن، پېنسىيىگە چىققانلاردىن نىمە پەرقى بولسۇن؟ يۇلۇمە ئىشتان كىچىك بالىدەك ماڭقىسىنى تارتىپ، قورسىقىدا توختىمىغان ئىشتىنىنى يۇلەشلىرىنى كۆرسە كىشىنىڭ قۇسقۇسى كېلىدۇ. يېنىدىن ئۆتكەنلەر نەپرەت بىلەن بۇرۇلۇپ قارايدۇ:

- توۋۋا خۇدايىم، ئادەم دېگەن شۇنچىۋالا سەمرىپ كېتىدىكەن - ھە؟

- نەدە سەمرىگەن نىمە بۇ؟ پارىخوردەك بىكارغا يەۋېرىپ. . .

- پارىخور بولمىسا، ئۆزىنى شۇنچىۋالا سەمرىتكۈدەك يېمەكلىكنى نەدىن تاپسۇن. . .

سىبىق گەپلەردىن قىزارمايدىغان كىشى يوق، ئۇنىڭ قىزىرىپ - تاتارغىنىنى كۆرۈڭ: گەزنىدەك چىرايى قانسىراتقىلى پۇۋلەپ قويغان ئۆپكىدەك ئىبسىلىدۇ. كىكىردىكىگىچە ساڭگىلاپ چۈشكەن قوش ئېڭىكى يوتسىزلىق كېسىلىدىن بولغان پوقاقنى ئەسلىتىدۇ. گۆشگىردىدەك پولتىيىپ چىققان مەڭزلىرى ئارىسىدا پىت كۆزلىرى كۆرۈنمەي قالىدۇ. بۇنچىۋالا سەت سەمرىگەن ئادەمنى كۆرگەنمۇسىز؟ مانا بۇ ئاپتورنىڭ سىرتقى سۈپىتى.

گەپنى ئۇزارتىشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ يەردە ماۋجۇشى بىر چاغلاردا نەقىل ئالغان «چوشقىغا سېمىزلىك يامان، ئادەمگە ئاتاق» دېگەن تەمسىلنىڭ توغرا - خاتالىقى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى نورمۇھەممەت توختىنىڭ سەمرىشلىرى ۋە سەمرىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە، ئۇنىڭ داۋالىنىشلىرى ۋە ئورۇقلاش جەريانلىرى ھەققىدە پاراڭ قىلىمىز.

## 2. خوتەن ئورۇقلاشقا يېتەكلەش مەركىزىدە

1999 - يىلى ئۆكتەبىردە ئاپتور خوتەندە ئورۇقلاشقا مەسلىھەت بېرىش مەركىزى قۇرغان ئورۇنباسار مۇدىر ۋراچ ھەبىبۇللا ھاجى ئەخمەت ھاجى ئوغلىنى زىيارەت قىلدى. ئۇنى بۇ مەركەزگە دوستلىرى روزى سايىت بىلەن ئابلىكىم ھاجىم زورلاپ، يۆلەشتۇرۇپ ئەكەلگەنىدى. ئۆزىنىڭمۇ ئورۇقلاش بىلىملىرى ھەققىدە ئۇقۇشۇپ باققۇسى بار ئىدى. ئەمما ئۇ ئوتتۇرا بوي، ئورۇق، ئاق پىشماق، سۈس بۇدرۇر چاچلىق ھەبىبۇللا ھاجىمنى كۆرۈپ شۇ ھامان ئۈمىدسىزلەندى. قەلبىدە ئىشەنمەسلىك تۇيغۇسى باش كۆتۈردى. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا مول تەجرىبىلىك دوختۇرغىمۇ، تەقۋادار ھاجىمغىمۇ ئوخشىمايدىغان دەۋرنىڭ بىر مودا يىگىتى تۇراتتى. ياش بالىدا قانچىلىك تەجرىبە بولسۇن؟ ئاپتور بۇرۇلۇپ روزى سايىت بىلەن ئىچكى كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى ئابلىكىم ھاجىمغا قاراپ قويدى. ئۆزىگە «ئازراق ئورۇقلىمىسىڭىز ئون يىل تارتقان يۈرەك كېسىلى ئازابىدىن قۇتۇلالمايسىز» دېگەن مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ ئابلىكىم ھاجىم كۆزىنى شوخلۇق بىلەن قىسىپ قويدى. ئاشۇ كۆز قىسىشتا: «سەل توختاڭ، قانداق ئادەملىكىنى، تەجرىبىسى بار - يوقلۇقىنى شۇ چاغدا بىلىسىز» دېگەن مەنە چاقناپ تۇراتتى.

قوش قوللاپ سىپايىلىق بىلەن كۆرۈشۈشلەر، ئىززەت - ئىكرام بىلەن ھال - ئەھۋال سورۇشۇشلار بولۇپ ئۆتتى. زىيارەتچىلەر يۇمشاق سافالاردىن، مودا يىگىت بولسا يېزىق شىرەسىنىڭ كەينىدىكى ئايلانما ئورۇندۇقتىن ئورۇن ئېلىشتى. مەقسەتلەر بايان قىلىندى. يېزىق شىرەسىنىڭ يەنىمۇ كەينىدە مودا يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن ھازىرقى زامانىۋى ئۈسكۈنە - كومپيۇتېر كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

شىنجاڭ مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 80 - يىللىق ئەلاچى ئوقۇغۇچىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بويىچە مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچى، ھېلىقى مودا يىگىت تەلەپ ۋە سوئاللار بويىچە ئىنسان جىسمانىيىتى، ئۇنىڭ تۈزۈلۈش - تەركىبى، جىسمانىيەت تەربىيىسى، جىسمانىيەت تەربىيىسىنىڭ ئۆلچەم دەرىجىلىرى، جىسمانىيەتنىڭ زۆرۈرىيەت، ئېھتىياجلىرى ھەققىدە ئېنىق، رەتلىك، دانە - دانە جۈملىلەر بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى يېقىملىق ئىدى. مودا يىگىت ئاستا - ئاستا تەجرىبىلىك دوختۇرغا، مول بىلىملىك مۇتەخەسسىسكە، ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى ئېنىق

ياش لوقمانغا ئايلىنىۋاتاتتى. ئاپتورنىڭ قەلبىدە ھېلى پەيدا بولغان ئىشەنمەسلىك، مەنسىتىش تۇيغۇلىرى نەگىدۇر يوقالغانىدى. ئۇنىڭ ئورنىنى قايىللىق، ھۆرمەت، ئۈمىد - ئىشەنچ ئىگىلەپ كېلەتتى. ئوھھۇ، جاھاندا مۇنداقمۇ بىلىملەر بار ئىكەن - ھە!

تارىخنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشنى يۇكسەلدۈرۈشى مۇشۇ زېمىندا ئاستا ۋە تولىمۇ ئاستا يۈز بەردى. لېكىن مۇشۇ ئېتىنىك تۈركۈم ئۈچۈن ئېيتقاندا، خۇددى تېگىدىن تېشىپ يار ئېلىپ كەتكەن تۇغاننى بۆسۈپ ئۆتكەن قارا سۇدەك بەكمۇ تۇيۇقسىز بېسىپ كەلدى. ئۇلار مەڭگۈ نامرات، غورىگۇل، يېرىم توق - يېرىم ئاچ ھالەتتە، ئۇماچ ۋە زاغرا بىلەنلا ئۆتىدىغان ئوخشايمىز دەپ ئويلايتتى. گۈزەل ۋە شېرىن خىياللارنى سۈرسىمۇ يەنىلا پېشانىگە پۈتۈلگىنىگە شۈكرى قىلىش نىيىتىدە ئىدى. ئۇلار كۈتمىگەن پەيتتە تۇرمۇش يۇكسەلدى. ئېتىنىك تۈركۈمنىڭ شەھەر تەبىقىسىدە (ئەلۋەتتە يېزا تەبىقىسىنىڭ كىچىك بولسىمۇ ئەمەل تۇتقانلىرىدا ھەم) پۇل پەيدا بولدى. ئاشلىق تارماقلىرى كىنىشكىغا يېزىپ بېرىدىغان 28 جىڭ ئۇن (٪30 قارا ئاش) ۋە سەككىز سەر مايغا قاراپ تۇرماي بازاردىن خالىغانچە ئاق ئۇن ۋە ماي ئالالايدىغان بولدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېمەك - ئىچمەك شىركىتى بېلەت تارقىتىپ، بېلەت ۋە 0.75 يۈەن پۇلغا سېتىپ بېرىدىغان (ئەلۋەتتە ئۆچىرەت ئارقىلىق) بىر جىڭ گۆش ۋە ھەر نوپۇسقا دەپ سېتىپ بېرىلىدىغان 200 گرام شېكەرگە قاراپ تۇرماي گۈللىنىۋاتقان بازاردىن خالىغانچە گۆش ۋە شېكەر سېتىۋالالايدىغان بولدى. كېيىنرەك ھېلىقى كىنىشكا ۋە بېلەت دېگەنلەر تارىخنىڭ ئاسارئەتىقە ئامبىرىغا ئىرغىتىۋېتىلىپ، ھەممە نېمە بازاردىن سېتىۋېلىنىدىغان بولدى. تۆت نوپۇسلۇق كىچىك ئائىلىنىڭ ئايدا ئىستېمال قىلىدىغان ماي مىقدارى ئون جىڭدىن ئېشىپ كەتتى. شەھەر تەبىقىسىنىڭ ٪50 ئائىلىسىدە گۆشسىز تاماق يېيىش ئادەتتىن قالدى. بازاردىن توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نېمە تېپىلاتتى. بۇ يەردە ئىچكىرى جۇڭگودىكىدەك بولمىسىمۇ تۇرمۇش يەنىلا يۇكسەلدى. خېلىلا پاراۋانلىشىپ كەتتى. تۇرمۇشنىڭ ياخشىلانغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىت بىزنىڭ قانداق چۈشەندۈرۈشىمىز ۋە ئىزاھلىشىمىزغا باغلىق ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ۋەھالەنكى، تۇرمۇشنىڭ يۇكسىلىشى بىزنىڭ دائىم تەييارلىقسىز تۇرىدىغان بۇ ئېتىنىك تۈركۈمگە كۈتمىگەن بىر ئاۋارىچىلىق ئېلىپ كەلدى. مانا بۇ - سەمرىپ كېتىش.

ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى، ئەقلىنى قايسى نىشان ئاساسىدا تەربىيىلىشى لازىملىقىنى، ئۆزىگە ۋە ئۆز مەنىۋىيىتىگە نېمىنىڭ كېرەكلىكىنى بىلەلمەي كېلىۋاتقان بۇ خەلق كۈندىلىك تۇرمۇشتىمۇ جىسمانىيىتىنىڭ نېمىلەرگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، نېمىنى يېيىش، نېمىنى يېمەسلىك، قانچىلىك يېيىشى كېرەكلىكىنى بىلەلىگۈدەك ھالەتتە ئەمەس ئىدى. «مانتا كۆرمىگەن دىۋانە قاسقانغا دۈم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك، 20 يىل ئىلگىرىكى چاغلاردا ئاش - نان كەملىكتىن چارلاش (يىگىلەش) كېسىلى تېگىپ، كۆكرەك ۋە قول دۈمبىلىرى ئاق تېرەكنىڭ قوۋزىقىدەك چاك - چاك يېرىلىپ، قان قاچقان لەۋلىرى ئالۇچىدەك تاتىرىپ، قومۇش - يېكەندەك لەلەگلەپ قالغان ئاشۇ كىشىلەر يېمەكلىكلەرگە دۈم چۈشتى. بولۇپمۇ تۆت تەڭگە پۇل تاپقان شەھەرلىكلەر شۇنداق قىلدى. ھەپتىدە 2 - 3 قېتىم شورپا سالىدىغان بولدى. تاماقتا گۆش - تۇخۇم، ئىچىملىكتە قەنت - شېكەر كەم بولمىدى. تېخى يېگەن تاماقنىڭ مىقدارىنى بىر دېمەڭ: يوغان تەخسە - چىنىلەردىكى لەغمەنلەر، پەتنۇس - لېگەنلەردىكى پولۇ - مانتىلار رىۋايەتلەردىكى ئىبنى ئاج مورتۇقنىڭ، ئۆمەر مەدىكروپنىڭ يېيىشلىرىنى ئەسكە سالىدۇ. ئىبنى ئاج مورتۇق بىر ۋاق تاماقتا ئون مو يەردىن چىققان ئاشلىقتا ئەتكەن تاماقنى يەپ، بىر كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچىدىكەنمىش. ئۆمەر مەدىكروپ ئوتتۇز قاچا ئۇماچ، 40 زاغرىنى يەۋېتىپ تويغانلىقىنى ھېس قىلمايدىكەنمىش، ئاشۇلاردەك يېسە قارا ئېيىقتەك سەمرىمەي قالاتتىمۇ؟

غەربلىكلەردە گۆش، تۇخۇم، سۈتلەر ئاساسىي ئوزۇقلۇق، ئاشلىق يېمەكلىكلىرى قوشۇمچە ئوزۇقلۇق دەپ قارىلىدۇ. جۇڭگولۇقلاردا ئاشلىق يېمەكلىكلىرى ئاساسىي ئوزۇقلۇق، قالغانلىرى قوشۇمچە ئوزۇقلۇق دەپ قارىلىپ كەلدى. كېيىنكى چاغلاردا پەيدا بولغان ئاتالمىش ئىستېمال يېتەكچىلىرى غەربنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدىن: «ئاساسىي يېمەكلىكلەرنى ئاز، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش كېرەك» دېگەن گەپلەرنى كۆچۈرۈپ تەرغىپ قىلسا، ئاساسىي ئوزۇقلۇق ۋە قوشۇمچە

uyghurkitap.com

ئوزۇقلۇق چۈشەنچىسىدىكى ئاشۇ خاتا تونۇش بىزنى يەنە خاتا يۆنىلىشكە باشلاپ كەتتى. قوشۇمچە ئوزۇقلۇقنى كۆپرەك يېگەن ياخشى دەپ ئۆزىمىزنى گۆش، تۇخۇم، سۈت، ماي، قەنت - شېكەرلەرگە ئۇرۇپ كەتتۇق، قانچىلىك بولسا شۇنچە يېدۇق، ئۆيدە يېدۇق، توي - تۆكۈن، قىچقىرىشلاردا يېدۇق، ئاشخانا - رېستورانلاردا يېدۇق. قارنىمىز كىمەكنىڭ داخۇر كالۋاسىدەك تويماي كەتتى، ئالدىمىزدىن ھېچنېمە ئاشمىدى...

ماركس «كاپىتال» دا، كاپىتالىستىك جەمئىيەت ئىقتىسادىنى تەتقىق قىلىپ، كاپىتالىستلارنى باي قىلغان ئامىل ئېكسپىلاتاتسىيە مەھسۇلى – «قوشۇمچە قىممەت» ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادتىمۇ «قوشۇمچە قىممەت» بولىدۇ. ئۇ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى ئېشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. «قوشۇمچە قىممەت» دېگەننىڭ رولى ئەنە شۇنداق چوڭ. ئاشۇ «قوشۇمچە قىممەت» سىزنىڭ جىسمانىيىتىڭىزدە كۆرۈلسە، نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ؟ ئوخشاشلا تەرەققىي قىلدۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. قورسىقىڭىزنى، ساغرىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئۇلارنى كاپىتالىستلارنىڭ پورتمىنىدەك، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادتەك تومپايتىدۇ. جەريانى مۇنداق: لەغمەن - پولۇ، مانتا - كاۋاپ بىلەن توختىماي تاقىلداپ تۇرغان نەپسىڭىزنى تويۇندۇرىسىز، قورسىقىڭىز تويسىمۇ كۆزىڭىز تويمايدۇ. تۇخۇملار، سۈت - قېتىقلار، قەنت - شېكەرلەر، ھەسەل - مۇراببالارنى ئۈستى - ئۈستىلەپ قاچىلايسىز. «قوشۇمچە قىممەت» ھاسىل بولىدۇ. «قوشۇمچە قىممەت» ياغقا ئايلىنىدۇ. قورسىقىڭىز تومپىيىپ چىقىدۇ. شۇنچە جىق «قوشۇمچە قىممەت» بار يەردە سەمرىمەي قالالامسىز؟

ياشلارنىڭ ئۆز ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان غەيرىلىكلەرنى بايقاش ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدۇ. بۇدۇر چاچلىق ياش دوختۇر ئۆزىنى ۋە ئىشداشلىرىنى ئىزدەپ كەلگەن بىمارلار ئىچىدە، ئوزۇقلۇق سەۋەبىدىن بولغان كېسەللىكلەرگە قارىغاندا سېمىزلىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان كېسەللىكلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، بىر شەھەردە بىر خىل شارائىتتا ياشاۋاتقان ئىككى مىللەت كىشىلىرىنى سېلىشتۇرغاندىمۇ، ئۆز تىلداشلىرىنىڭ خۇددى جاھاننى قىستاڭچىلىقتا ئايلاندۇرماقچى بولغاندەك بارغانسېرى سەمرىپ، كېلەڭسىزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. «تىلداشلىرىمنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادىتى چاتاق» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ ئۇ. سەمرىپ كېتىشنىڭ سەۋەبلىرىنى لەغمەندىن، قورۇپ بولۇپ يەنە سۇدا ئۇزۇن قاينىتىپ ۋىتامىنلىرىنى قاچۇرۇۋەتكەن سەيلەردىن كۆرىدۇ. بۇ ئاساسلىق تەرەپ ئىدى. لېكىن ياش دوختۇر يېتەرلىك ئىلمىي ئاساس تاپالمايدۇ، ئۇ ئىزدىنىشكە كىرىشىدۇ.

سېمىزلىك – بىر خىل كېسەللىك. تېخى يەنە يۈرەك كېسىلى، قان تومۇر كېسەللىكلىرى، دىئابېت، بەل، پۇت - بوغۇم ئاغرىقلىرى قاتارلىقلارنى باشلاپ كېلىدىغان كېسەللىك. كېسەللىك پەيدا بولغانىكەن، ئۇنى داۋالايدىغان دوختۇر بولۇشى لازىم. ياش ھەببۇللا ئەخمەت ئۆزى پۇل چىقىرىپ شاڭخەي تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا بەدەندىكى ماينى شوراپ چىقىرىش ئوپېراتسىيىسىنى ئۆگەنگىلى بارىدۇ. ئۇ ئاشۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ھۆسن تۈزەش بۆلۈمىدە بەدەندىكى ماينى شوراش ئوپېراتسىيىسىنى ئۆگىنىدۇ. شۇ جەرياندا بۇنداق ئوپېراتسىيەنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى نىسبىي ئېشىپ كەتكەنلەرگە، بولۇپمۇ ھۆسن تۈزىمەكچى بولغانلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى، ھەقىقىي سېمىزلەرگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. چۈنكى بەدەندە يىغىلغان ماي سېمىزلەرنىڭ مېڭى ئاستى، جىگەر، قورساق ۋە ئۈچەي پەردىلىرىگە تارقالغان بولىدۇ. ئاشۇ يەرلەردىكى مايلارنىڭ ھەممىسىنى شوراپ چىقىرىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئوپېراتسىيىگە سېمىزلەر بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، تېخنىكىمۇ يار بەرمەيدۇ. ئۇ ئاشۇ بۆلۈمدە يەنە ئوزۇقلىنىش ئادىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئوزۇقلۇقنى تەڭشەش ئارقىلىقمۇ ئورۇقلاتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلايدۇ. بەدەندىن ماي شوراش ئوپېراتسىيىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن شۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوزۇقلۇق - قۇۋۋەتلەندۈرۈش بۆلۈمىگە يۆتكىلىدۇ. ئۇيەردە قۇۋۋەت تەڭشەش بىلىملىرىنى ھەممە ئىشتا ئالدىدا تۇرۇۋالىدىغان ئامېرىكىلىقلاردىن ئۆگەنگەن جاڭ ئۇستىدىن تەلىم ئالىدۇ. ۋۇ كۈنەن ئۇستىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىدۇ. ئادەم بەدىنىنىڭ ھەر كۈنى قانچىلىك ئاقسىل، قانچىلىك ماي، قانچىلىك كاربون سۇ بىرىكمىلىرى (قەنتلەر)،

قانچىلىك ۋىتامىن، قانچىلىك مىنېرال تۇزلار، قانچىلىك سۇغا ئېھتىياجلىق بولىدىغانلىقىنى، ئۈچ ۋاق تاماقنى قانداق تەڭشەپ ئېتىش، قايسى خۇرۇچلاردىن قانچىلىك ئىشلەتكەندە بەدەن ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگىنىدۇ. يۈز نەچچە خىل سەي قورۇشنى، ئورۇقلىتىش تاملىقى تەييارلاشنى ئۆگىنىدۇ. بەدىنى سەمرىپ كەتمىگەن، لېكىن ھەممە ئورۇقلۇق تەل ھالەتتە ساقلاش ئۇسۇللىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. شاڭخەيدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە نۇرغۇن كىتابلارنى كۆرىدۇ. جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ تەجرىبىلىرىنى توپلايدۇ. ئۇنى ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئورۇقلىتىش مۇتەخەسسىسى دوكتور روبېرت ئىسجىن ئەپەندىنىڭ كىتابى ۋە شۇ ئاساستا ئىشلەنگەن كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى بەكرەك جەلپ قىلىدۇ. شاڭخەيدە ئۆگەنگەنلىرى بىلەن روبېرت ئىسجىننىڭ تەجرىبىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادىتى، ئۇيغۇرچە ئورۇقلىنىش، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرادە - چىدامچانلىقىغا ماس كېلىدىغان ئورۇقلىتىش ئۇسۇلىنى يەكۈنلەپ چىقىدۇ. مانا بۇ - قورساقنى ئاچۇرماسلىق، توق ھالەتتە تۇتۇش، ئاقسىل، ۋىتامىن، مىنېرال تۇزلار ۋە سۇنى تولۇقلاپ تۇرۇش شەرتى ئاستىدىكى ئورۇقلىتىش ئۇسۇلىدۇر.

بارلىق پىداكار مېدىتسىنا ئالىملىرى كەشپ قىلىنغان يېڭى دورىنى، يېڭى ئوكۇلنى، يېڭى ئۇسۇل - چارىلەرنى ئالدى بىلەن ئۆز بەدىنىدە سىناق قىلىپ كەلگەن. پىداكارلىق دېگىنىمىز ئەنە شۇ. ھەبىبۇللا ھاجىممۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئۆزى گەرچە سېمىز دېگۈدەك سېمىز ھېسابلانمىسىمۇ ئۆزى ئۈستىدە ئورۇقلاش سىنىقى ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئۈنۈملۈك ھالدا ئورۇقلاش مەقسىتىگە يېتىدۇ. بۇ جەرياندا باشقا كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتەك ئەكس تەسىر كۆرۈلمەيدۇ. كېيىنكى چاغلاردا ئورۇقلىنىش ئۇسۇلىنى ئىلمىيلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەسلىگە قايتىۋېلىشتىن، قايتا سەمرىپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئەمدى باشقىلارغا قوللانسا، بىچارە سېمىزلەرنى داۋالىسا بولاتتى. شۇنداق قىلىپ 1999 - يىلى 4 - ئايدا خوتەن ئورۇقلاشقا يېتەكلەش مەسلىھەت بېرىش مەركىزىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان بېرىدۇ. قىسقىغىنە ۋاقىتتا بۇ مەركەزگە ئەزا بولغانلارنىڭ سانى 100 نەپەردىن ئاشىدۇ ۋە ھەبىبۇللا ھاجىمنىڭ ئالدىدا ئىككى سائەت دەرس ئۆتۈشى، كېيىن ۋاقىت قەرەلىدە تېلېفون ئارقىلىق يېتەكلىشى ئارقىسىدا ئورۇقلىنىشقا، ئورۇقلۇقنى تەڭشەشكە، نەپسىنى كونترول قىلىشقا باشلايدۇ.

ئۇلۇغ رۇس فىزىئولوگىيە ئالىمى پاۋلوف، يېمەكلىككە ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىشنىڭ ھايۋانغا خاس قىلىق ئىكەنلىكىنى، ئورۇقلىنىشقا كۆڭۈل بۆلمەسلىكنىڭمۇ نادانلىق ئىكەنلىكىنى، بۇ ھەقىقەتنىڭ ھەممە جايغا ماس كېلىۋەرمەيدىغانلىقىنى قەيت قىلغانىدى.

رىۋايەتلەردە ئاللانىڭ ئۈچ خىل مەخلۇق ياراتقانلىقى، پەرىشتىگە پەقەت ئەقىل، ئادەمگە ئەقىل ھەم نەپسى، ھايۋانغا پەقەت نەپسىلا بەرگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. خۇلاسە شۇكى، ئادەمنىڭ ئەقلى نەپسىدىن ئۈستۈن كېلىپ، نەپسىنى كونترول قىلالىسا، ئۇ پەرىشتىگە ئايلىنىدۇ. نەپسى ئەقلى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ نەپسىگە بېرىلسە ھايۋانغا ئايلىنىدۇ. بۇ يەردە نەپسىنى كونترول قىلىپ پەرىشتىگە ئايلىنىش دېگەن گەپنى پەرىشتىدەك ساغلام بولۇش دەپ چۈشىنىشكە بولماسمۇ؟

ھەبىبۇللا ھاجىم يېتەكلەۋاتقان ئاشۇ سېمىزلەر نەپسىنى كونترول قىلىپ، ئورۇقلۇقنى تەڭشەشكە كىرىشىۋىدى، دەرھال ئۈنۈمى كۆرۈلدى. ئورۇقلاش مەركىزىگە قاغىلىق ناھىيىسىدىن ئەزا بولغان ھۆرمەتلىك تۇرغۇن خاۋۇسنىڭ ئېغىرلىقى 148 كىلوگرامدىن 116 كىلوگرامغا چۈشتى. 32 كىلوگرام يۈكنى ئىرغىتىپ تاشلىدى. 32 كىلوگرام يۈكنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشتىن قۇتۇلدى. بۇ ئۈنۈم كۆرۈلگەنلىك ئەمەسمۇ؟

باشقا نەمۇنە - مىساللار ئۆز ئورنىدا كەلتۈرگۈسى. ئەپسۇسكى، بىز بۇ يەردە ئېغىرلىقنىڭ كېمىيىشىنى ئورۇقلىغانلىقىغا مىسال قىلىپ ئېلىپ يەنە بىر خاتاغا يول قويدۇق. بىلىش لازىمكى: ئېغىرلىقنىڭ تۆۋەنلىشى ئورۇقلىغانلىققا تەڭ ئەمەس. ئورۇقلاش دېگەن نېمە؟ بىز يەنىلا ئاشۇ بۇدۇر چاچلىق، تېز گەپ قىلىدىغان قىزغىن ۋە خۇش مۇئامىلىلىك ياش دوختۇرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالايلى.

www.uyghurkitap.com

## 3. ھەققىي سېمىزلىك قانداق بولىدۇ؟

ئاشۇ كۈنى ھەبىبۇللا ھاجىم خىزمەتدىشى، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار بالىنىستىدا كادىرلارنىلا داۋالايدىغان ئابلىكىم ھاجىم باشلاپ كەلگەن روزى سايىت بىلەن سامان تىققان تاغاردەك سەمرىپ كەتكەن نۇرمۇھەممەت توختىنى كۆرۈپ، بۇگۈن نىمە ھەقتە گەپ بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. دائىم شۇنداق بولاتتى. سېمىزلەر يۈرەك كېسىلىنى، قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىشنى، بەل - پۇت بوغۇملىرى ئاغرىشنى داۋالاتقىلى ئابلىكىم ھاجىم قېشىغا كېلەتتى. ئابلىكىم ھاجىم تەكشۈرۈپ كۆرۈپ دورا يېزىپ بېرەتتى ۋە ئۇلارغا ئورۇقلىمىسا بۇ خىل كېسەللەردىن قۇتۇلۇشىنىڭ تەس بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتەتتى. يېقىن - يورۇقلىرىدىن بولسا، ئورۇقلاشقا نەسىھەت قىلىپ ئۇدۇللا ھەبىبۇللا ھاجىم ئاچقان ئورۇقلىتىشقا مەسلىھەت بېرىش مەركىزىگە باشلاپ كېلەتتى. بۇگۈنمۇ شۇنداق بولغانىدى. ھەبىبۇللا ھاجىم نۇرمۇھەممەت توختىنى كۆرۈپلا سېمىزلىك، سېمىزلىك كېسەللىكلىرى ۋە ئورۇقلاش ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىدى. بارلىق سېمىزلەرگە ئوخشاش نۇرمۇھەممەت توختىنىڭمۇ ئىنكاسى ئاستا ۋە قاشاڭ بولغاچقا، ئۇ ھاڭۋاققاندەك پۇشۇلداپ ئولتۇردى. روزى سايىت چېچەن ئىدى. ئۇ پات - پات سوئاللارنى قويۇپ، ھاجىمنى سۆزلەشكە، مەسىلىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشكە ئۈندەپ تۇردى. ئارىدا ئۆز قىلىقلىرىغا يات بىر خىل ئەدەپ بىلەن تاماكا چېكىشكە رۇخسەت سورىدى. جاھاندا ھېچكىمدىن تارتىنمايدىغان بۇ مەشھۇر شائىر ئۆزىدىن 20 ياشلار چامىسى كىچىك ئاشۇ ئىككى دوختۇر ئالدىدا سەل قورۇنغانىدى. ھەبىبۇللا ھاجىم ئۆز بۇرچىغا لايىق تاماكا چېكىشنىڭ سالامەتلىككە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئەستايىدىل ئەسكەرتكەندىن كېيىن، ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىپ تاماكا چېكىشكە رۇخسەت قىلدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

- ئادەم تېنىمۇ ماشىنىغا ئوخشايدۇ، - دەپ داۋاملاشتۇردى سۆزىنى ھاجىم، - ماشىنىنىڭ ماتورى، ماتورنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى بۆلەكلەر، ھەرىكەت ئۆزاتقۇچى قورۇلمىلار، سۈرئەت ئۆزگەرتكۈچ، رول ۋە ماشىنا چاقلىرى توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىپ ماشىنىنىڭ سىرتقى ھەرىكىتىنى ھاسىل قىلغاندەك، ئادەمنىڭمۇ مېڭە، يۈرەك، ئۆپكە ۋە باشقا ئەزالىرى توختاۋسىز ئىشلەپ، ھەرىكەت قىلىپ ئۇنىڭمۇ سىرتقى ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بېنزىن، سالياركا قاتارلىق سانائەت مايلىرىنىڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى ماشىنىنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىگە ئايلانغاندەك، ئادەم بەدىنى ئېھتىياجلىق بولغان ئاقسىل، ماي، كاربون سۇ بىرىكمىلىرى (قەنتلەر) مۇ ئىچكى ماددا ئالمىشىش جەريانىدا ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى ئاجرىتىپ ئادەمنىڭ مېڭە ھەرىكىتى، يۈرەك ھەرىكىتى، ئۆپكە ھەرىكىتى، ئاشقازان، ئۈچەي ھەرىكىتى ۋە سىرتقى ھەرىكىتىنى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ. توختاۋسىز ھەرىكەت قىلغان بىر ماشىنا كۈنىگە قانچىلىك ئېنېرگىيە سەرپ قىلىدۇ؟ بۇنى ھېسابلاپ يۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. لېكىن ئالىملار قايتا - قايتا تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئىسپاتلىغانكى: ئادەتتە بىر ئادەم كۈنىگە 3 مىڭ كالورىيە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىگە موھتاج بولىدۇ. بىر گرام كاربون سۇ بىرىكمىلىرىنىڭ 3.36 كالورىيە ئىسسىقلىق بېرىدىغانلىقى ئېنىق بولغانلىقتىن، بىز بىر ئادەمنىڭ كۈنىگە 100 - 120 گرام ئەتراپىدا ئاقسىل، 90 - 100 گرام ئەتراپىدا ماي، 450 - 500 گرام ئەتراپىدا كاربون سۇ بىرىكمىلىرى ئىستېمال قىلىسىلا بولىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقالايمىز. شۇ بويىچە بولغاندا ئۇلار تەرتىپ بويىچە 420 كالورىيە، 900 كالورىيە، 1680 كالورىيە ئىسسىقلىق چىقىرىپ ئادەم بەدىنى قوبۇل قىلىدىغان ئاقسىل، ماي ۋە قەنتلەر يۇقىرىقى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتسە، قوشۇمچە قىممەت پەيدا بولۇپ، بەدەندە سەرپ بولماي ئېشىپ قالغان ئېنېرگىيە زاپاس مايغا ئايلىنىدۇ. ھەر كۈنى شۇنداق بولۇۋەرسە زاپاس مايىنىڭ جۇغلىنىشى تېخىمۇ ئاشىدۇ ۋە تېزلىشىدۇ. زاپاس بېنزىن جىقلىنىۋەرسە ماشىنا باكىدىن تېشىپ كېتەلىگەن بىلەن ئادەم بەدىنىدە يىغىلغان ماي بەدەندىن تېشىپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ. پەقەت تومپىيىپ چىقىدۇ. قورساق، ساغرا ۋە باشقا ماي يىغىلغان يەرلەر يوغىنايدۇ. سەمرىپ كېتىش دېگىنىمىز ئەنە شۇ. ئەلۋەتتە، يۇقىرىقى جەريان بىز بايان قىلغاندىكىدىن كۆپ مۇرەككەپ بولىدۇ. ئىرسىي ئامىللارغا، ھەرىكەت مىقدارىنىڭ ئاز بولۇشىغا، ماددا ئالمىشىش

جەرياننىڭ نورمال، نورمال ئەمەسلىكىگە باغلىق بولىدۇ. بەلكى كېيىنكىسى نورمال بولمىسا ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىنمۇ سەمرىپ كېتىش كېلىپ چىقىدۇ. ۋەھالەنكى، ئوزۇقلۇق مىقدارىنىڭ ئېشىپ كېتىشى نورمال ئەھۋالدا سېمىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى باش سەۋەبتۇر. تېببىي ئىلىمدە ئەسلى مەنىسىدىكى ئورۇقلاش دېگىنىمىز ـ بەدەندە يىغىلىپ قالغان ماينى ئازايتىشتۇر. ئەكس ھالدا بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ ئازىيىشى ماينىڭ كېمىيىشىگىلا باغلىق بولماستىن، بەلكى بەدەندىكى سۇنىڭ كېمىيىشى، مۇسكۇللارنىڭ يىگىلەپ ـ يېنىكلىشى، سۆڭەك، يىلىك ۋە باشقا شەكىللىك قىسىملار ئېغىرلىقىنىڭمۇ كېمىيىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەم بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ 70 ـ 80 پىرسەنتىنى سۇ تەشكىل قىلىدۇ. ئىچ سۈردۈرۈش، سۈيدۈكنى ئۇلغايتىش، تەرلىتىش ۋە باشقا شەكىللەر ئارقىلىق بەدەندىكى سۇنى كېمەيتىشكە بولىدۇ. سۇنى كېمەيتىش ئارقىلىق بەدەن ئېغىرلىقىنى كۆپ تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ. لېكىن بەدەندىكى مايغا زىيان يەتمەيدۇ. بۇنى قانداقمۇ ئورۇقلاش دېگىلى بولسۇن؟ بىلىش كېرەككى، بەدەندىكى سۇ ماددا ئالمىشىشنى راۋاجلاندۇرۇش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش، بەدەنگە كېرەكلىك بولغان ماددىلارنى ئېرىتىش، كېرەكسىز ماددىلارنى سىرتقا چىقىرىش قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇنى كېمەيتىش خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنداق بولسا قانداق قىلغاندا ئەسلى مەنىسىدىكى ئورۇقلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ؟

بۇنىڭ ھازىر ئېقىۋاتقان ئۇسۇللىرى خېلى كۆپ، بىرقەدەر ئومۇملاشقان ۋە قوللىنىۋاتقان مەنپىي بېسىم شەكىللىك ماي شۈمۈرۈپ ئورۇقلىتىش ئوپېراتسىيىسى، تاماقنى كېمەيتىش، ھەرىكەت ۋە ئورۇقلىتىش دورىلىرىغا تايىنىش قاتارلىقلار شۇلار جۈملىسىدىندۇر. ئەلۋەتتە، بۇ خىل ئۇسۇللارنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئۈنۈم كۆرسىتىدىغانلىقىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. ئەمما چەكلىمىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك. يۇقىرىدا ماي شۈمۈرۈش ئوپېراتسىيىسىنىڭ چەكلىمىلىككە ئىگە تەرەپلىرى ھەققىدە توختىلىپ بولدۇق. تاماقنى كېمەيتىش ئورۇقلاش مەقسىتىگە يەتكۈزەلمەيدۇ. لېكىن بۇ يەردە قايسى خىل تاماقلارنى كېمەيتىش، قانچىلىك كېمەيتىش، قورساق ئېچىش ئازابى، زۆرۈر ئوزۇقلۇقلارنىڭ يېتىشمەي قېلىشى، ئاشقازان كېسەللىكلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى قاتارلىق مۇرەككەپ ئامىللار بار. ھەرىكەت ئارقىلىق ئورۇقلاشتىمۇ ئوخشاش مەسىلىلەر مەۋجۇت. ئادەتتە ئادەمنىڭ ھەرىكەت مىقدارى ئارتقان ۋاقىتتا زۆرۈر بولغان ئوزۇقلۇق ماددىلارنى قوبۇل قىلىشىمۇ ماس ھالدا ئارتىدۇ. يۈرەك ئۆزى سىقىپ چىقارغان قاننى كۆپەيتىش ئارقىلىق ئادەم تېنى ئېھتىياجلىق بولغان ماددىلارنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. قاتتىق ھەرىكەت قىلغان ۋاقىتتا قان ئارقىلىق يەتكۈزۈلۈۋاتقان ئوكسىگېن مىقدارى مۇسكۇللارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. مۇسكۇللار، ئوكسىگېنسىز ھالەتكە ئۆتىدۇ. ئوكسىگېنسىز ھالەتتىكى ھەرىكەت ماينى ئېنېرگىيە قويۇۋېتىش ئامىلى قىلالمايدۇ. بەلكى بەدەندىكى كاربون سۇ بىرىكمىلىرىگە تايىنىپ ئېنېرگىيە قويۇپ بېرىدۇ. يىغىلىپ قالغان ماينى سەرپ قىلىش ئىشقا ئاشمايدۇ. يىغىلىپ قالغان ماينى سەرپ قىلىش ئىشقا ئاشمىسا، قانداقمۇ ئورۇقلىدى دېگىلى بولسۇن؟ بازارلاردا ۋە ئېلانلاردا ئېقىپ يۈرگەن ئورۇقلىتىش دورىلىرى ھەققىدە كۆپ گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. باھاسىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن ئىبارەت ئىقتىسادىي ئامىلنى نەزەرگە ئالساقلا كۇپايە، يەنە سەھىيە مىنىستىرلىقىنىڭ 1998 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئېلان قىلغان ئاخباراتىدا قىلىنغان تەكشۈرۈلگەن 19 خىل ئورۇقلىتىش دورىسى ئىچىدىكى تۆت خىل دورا تەركىبىدىن ئادەم ئورگانىزمىغا زىيانلىق، چەكلەنگەن تەركىبلەرنىڭ تېپىلغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ قويۇش كېرەك. يەنە بەزى ئورۇقلىتىش دورىلىرىغا سۈرگۈ قوشۇلغانلىقىمۇ ئەستە بولسۇن. ھەر خىل ئورۇقلىتىش يېمەكلىكلىرى، ئورۇقلىتىش دورىلىرى ۋە ئورۇقلىتىش چايلىرىنىڭ كۆپ قىسمى دورا ئەمەس، بەلكى سالامەتلىكنى ئاسراش بۇيۇملىرىدۇر. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى كېلىنىكىلىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتمىگەن. بۇنداق بۇيۇملارنىڭ ئادەم ئورگانىزمىغا زىيان يەتكۈزۈشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

بەزىلەر ئورۇقلاشتىمۇ «ئۇنىۋېرسال تۈزەش»نى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى «ئۇنىۋېرسال تۈزەش» تاماقنى كېمەيتىش، ھەرىكەت، دورا قاتارلىقلارنى كىرىشتۈرۈپ

ئىشلىتىشنى كۆرسىتىدۇ. مېنىڭ تەشەببۇسۇم بولسا، تاماقنى تىزگىنلەش ئەمەس، بەلكى تاماقنى تەڭشەشتۇر. ئوزۇقلۇق بەدەن ئېھتىياجى ئاساسىدا تەڭشەلسە، ئۇنىڭغا تۆۋەن زەربىلىك، مۇۋاپىق مىقدارلىق ئوكسىگېن تەڭشەلسە، تولۇق شارائىتتىكى ھەرىكەت (ئاستا مېڭىپ يۈرۈش) قوشۇلسا، چوقۇم ئورۇقلاش مەقسىتىگە يەتكىلى، بەدەندىكى مۇسكۇللارنى، زۆرۈر ماددىلارنى زىيانغا ئۇچراتماي تۇرۇپ ئورۇقلىغىلى بولىدۇ. مېنىڭ ئۇسۇلۇم قورساقنى توق ھالەتتە ساقلاش، بەدەنگە زۆرۈر بولغان ئاقسىل، ۋىتامىن، سۇ ۋە باشقا مىكرو ئېلېمېنتلارنى تولۇق يەتكۈزۈپ بېرىش شەرتى ئاستىدا بەدەندىكى ماينى تەدرىجىي ئازايتىش، ئاخىرىدا نورمال ھالەتكە كەلتۈرۈشتۇر. ئورۇقلىتىش بەدەندە ماي ئارتىپ كەتكەن سېمىزلەرگە ۋە بەدەن ئېغىرلىقى ماي يىغىلىپ قېلىش شەكلىدە ئارتىپ كەتكەنلەرگە تەدبىق قىلىنىدۇ. ئورۇق تەنلىك ياكى بەدەن ئېغىرلىقى نورمال ئادەملەرنىڭ ئورۇقلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. نورمال بەدەن ئېغىرلىقى دېگەن نېمە؟ ئۇنى قانداق ھېسابلىغىلى بولىدۇ؟

1. بەدەن ھەجىمى كۆرسەتكۈچىنى ئۆلچەپ ھۆكۈم قىلىش. فورمۇلىسى:

ئېگىزلىك (m) ÷ بەدەن ئېغىرلىقى (Kg) = ھەجىم كۆرسەتكۈچى

مۇشۇ فورمۇلا بويىچە ھېسابلىغاندا، بىر ئادەمنىڭ ھەجىم كۆرسەتكۈچى 18.5 - 25 ئارىلىقىدا چىقسا نورمال بولغان بولىدۇ. 25 - 29 ئارىلىقىدا چىقسا بەدەن ئېغىرلىقى ئارتىپ كەتكەن بولىدۇ. 29 دىن يۇقىرى چىقسا سېمىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

2. ئاددىي ھېسابلاش ئۇسۇلى. فورمۇلىسى مۇنداق:

100 - ئېگىزلىك (cm) = ئېغىرلىق (كىلوگرام)

بۇ دېگەنلىك - ئېگىزلىكنىڭ سانتىمېتىر ساندىن 100 نى (كوئېففىتسېنت) ئېلىۋەتكەندە چىققان سان ئېغىرلىقىنىڭ كىلوگرام سانىغا تەڭ بولسا، بەدەن ئېغىرلىقىڭىز نورمال بولغان بولىدۇ دېگەنلىك. ئەگەر ئېغىرلىقىڭىز چىققان ساندىن 5 - 10 كىلوگرام ئېچىدە چىقسا بەدەن ئېغىرلىقىڭىز ئارتىپ كەتكەن بولىدۇ. 10 كىلوگرامدىن ئارتۇق چىقسا سەمرىپ كەتكەن بولىسىز.

يۇقىرىقى ئۇسۇللار بويىچە سېمىز - ئورۇقلۇقنى ھۆكۈم قىلىشتا ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئىرسىي ئامىللىرى، ياشاش شارائىتى، تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىقلار ھېسابقا ئېلىنمىغان. لېكىن 200 نەچچە يىلدىن بېرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان بۇ ئۇسۇللارنىڭ خاتالىق پەرقى ئانچە چوڭ ئەمەس. ھەرقايسى خەلقلەرگە ئومۇمىي جەھەتتىن ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ كىشىلىرىمىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ سېمىز - ئورۇقلۇقىغا ھۆكۈم قىلىشتا پايدىلانسا بولىدۇ.

مەن بەدەن ئېغىرلىقى كۆرۈنەرلىك ئارتىپ كەتكەن ياكى سېمىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭلا ئورۇقلاش پائالىيىتىگە قاتنىشىشىنى تەشەببۇس قىلىمەن. بەدەن ئېغىرلىقى نورمال ياكى ئازراق ئارتىپ كەتكەنلەرنىڭ ھەۋەس تۇزەش، تېخىمۇ زىلۋا بولۇش ۋە باشقا مەقسەتلەردە ئورۇقلاشقا ئۇرۇنۇشى سالامەتلىككە ئانچە پايدىلىق ئەمەس...

ئاشۇ كۈنى ئورۇقلاشقا يېتەكچىلىك قىلغۇچى دوختۇر ھەببۇللا ھاجىم سۆزلەۋېتىپ پات - پات نۇرمۇھەممەت توختىغا قاراپ قوياتتى. دوختۇر ئۇنىڭ «مېنىمۇ يېتەكلەش مەركىزىگە ئەزا قىلىۋالسىلا، مېنىمۇ ئورۇقلاشقا يېتەكلىسىلە» دەپ ئىلتىماس قىلىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. چېچەن روزى سايىت بىلەن نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ يۈرەك كېسىلىنى داۋالاپ كېلىۋاتقان دوختۇر ئابلىكىم ھاجىم ئۇنىڭ قاراشلىرىنى ئاڭلىغاچان چۈشەنگەندى. ئۇلار سالا قىلىشقا باشلىدى.

- ھەي ئاغىنە، شۇنچىۋالا گۆش - ياغنى قورسىقىڭدا ساڭگىلىتىپ يۈرگۈچە ھەببۇللا ھاجىمغا ئەزا بول، ئاڭلىدىڭمۇ، ئۇ سېنى يەڭگىللىتىپ قويىدۇ، ئازراق ئورۇقلا، - دەيتتى روزى سايىت.

- نۇرمۇھەممەت ئاكا، ئازراق غەيرەتكە كېلىڭ، قېنىڭىز تەركىبىدىكى ماي، خولېستېرىنلارمۇ ئارتىپ كېتىپتۇ، جىگىرىڭىزنى ماي قاپلاپ كېتىپتۇ، ئورۇقلىسىڭىز ئۇلارمۇ نورماللىشىدۇ، - دەيتتى ئابلىكىم ھاجىم.

لېكىن، نۇرمۇھەممەت توختى قارار چىقىرالماي، بارلىق سېمىز ئادەملەردەك ئارىسالدى بولۇپ، پۇشۇلداپ ئولتۇراتتى. ياش ھەببۇللا ھاجىم ئۇنىڭ تېخىچە ئۆزىگە ئىشىنەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى:

- نۇرمۇھەممەت ئاكا، ماڭا ئىشىنىڭ، مەن

دېگەندەك قىلسىڭىزلا، مەن بۇيرۇغان يېمەكلىكلەرنى يېسىڭىزلا چوقۇم ئۇنۇمىنى كۆرىسىز، ئىشەنمىسىڭىز مۇنۇ ئالبومنى كۆرۈپ بېقىڭ. . .

نۇرمۇھەممەت توختى ئىش قىلىشتا، يول مېڭىشتا، گەپ قىلىشتا ئاستا بولغىنى بىلەن ئۆزىنىڭ تاماق يېيىشىگە ئوخشاشلا كىتاب، خاتىرە، ئالبوملارنى تېز ۋاراقلىيالايتتى. ھاجىم ئۆزاتقان ئالبومنى بىردەمدىلا ۋاراقلاپ بولدى. ئورۇقلاش مەركىزىگە ئەزا بولغان 100 نەچچە ئادەمنىڭ ئوزۇقلۇقنى تەڭشەشكە كىرىشىشتىن بۇرۇنقى سۈرىتى ۋە بوي ئېگىزلىكى، ئېغىرلىقى، كۆكرەك ئايلانمىسى، قورساق ئايلانمىسى، قورساقنى سىرتىدىن مۆجۈپ سىققاندا مەلۇم بولغان ياغنىڭ قېلىنلىقى، پەللەك - ساغرىلارنىڭ ئايلانمىسى، بويۇن ئايلانمىسى قاتارلىقلارغا دائىر سانلىق مەلۇماتلارنى، سۈيدۈك ۋە قان تەكشۈرۈشتىن چىققان نەتىجىلەرنى، شۇلارغا دائىر بىر ئايدىن كېيىنكى ۋە ئۈچ ئايدىن (ئورۇقلىتىشقا يېتەكلەش ۋاقتى ئادەتتە ئۈچ ئاي ئىكەن) كېيىنكى سانلىق مەلۇماتلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. قايتا - قايتا قاراپ باقتى.

ئەركىن ئەخمەت، خوتەنلىك. بويى 1.66 مېتىر؛ ئېغىرلىقى 105 كىلوگرام، قورساق ئايلانمىسى 117 سانتىمېتىر. . . بىر ئايدىن كېيىن ئېغىرلىقى 92 كىلوگرام (13 كىلوگرام چۈشتى) ؛ بەل ئايلانمىسى 105 سانتىمېتىر (12 سانتىمېتىر قىسقاردى) . . .

تۇرغۇن خاۋۇس، قاغىلىقتىن. ئېگىزلىكى 1.76 مېتىر؛ ئېغىرلىقى 148 كىلوگرام؛ قورساق ئايلانمىسى 135 سانتىمېتىر. . . بىر ئايدىن كېيىن ئېغىرلىقى 116 كىلوگرام (32 كىلوگرام تۆۋەنلىدى) ؛ قورساق ئايلانمىسى 116 سانتىمېتىر (19 سانتىمېتىر قىسقاردى) . . .

مەتىمىن ھاجىم قۇربان ئوغلى. ئېگىزلىكى 1.69 مېتىر؛ ئېغىرلىقى 110 كىلوگرام؛ قورساق ئايلانمىسى 123 سانتىمېتىر. . . بىر ئايدىن كېيىن ئېغىرلىقى 92 كىلوگرام (18 كىلوگرام يېنىكلىدى) ؛ بەل ئايلانمىسى 109 سانتىمېتىر (14 سانتىمېتىر قىسقاردى) .

قاسىم ياسىن، ئېگىزلىكى 1.70 مېتىر؛ ئېغىرلىقى 99 كىلوگرام؛ قورساق ئايلانمىسى 105 سانتىمېتىر. . . بىر ئايدىن كېيىن ئېغىرلىقى 91 كىلوگرام، بېلى 99 سانتىمېتىر. . . ئۈچ ئايدىن كېيىن ئېغىرلىقى 82 كىلوگرام؛ قورساق ئايلانمىسى 90 سانتىمېتىر.

مەتنىياز ئاخۇن، خوتەندىن. ئېگىزلىكى 1.73 مېتىر؛ ئېغىرلىقى 100 كىلوگرام؛ بەل ئايلانمىسى 116 سانتىمېتىر. . . ئۈچ ئايدىن كېيىن ئېغىرلىقى 83 كىلوگرام؛ بەل ئايلانمىسى 100 سانتىمېتىر. . .

ئامانگۈل (27 ياش) ، گۇمىدىن. ئېگىزلىكى 1.64 مېتىر؛ ئېغىرلىقى 103 كىلوگرام؛ بېلىنىڭ ئايلانمىسى 124 سانتىمېتىر. . . ئۈچ ئايدىن كېيىن ئېغىرلىقى 78 كىلوگرام؛ بېلىنىڭ ئايلانمىسى 100 سانتىمېتىر. . .

دەپتەردىكى، ئالبومدىكى 100 نەچچە نەپەر ئورۇقلىغۇچىنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ سۈرەتلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ ئالبومنى كۆرۈپ بولدى. كۆزىدىن ئورۇقلاشنىڭ مۇمكىنلىكىگە ئىشىنىشكە ۋە ھاجىمنىڭ ئورۇقلىتىش ئىقتىدارىغا ئىشىنىشكە مايىللىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئىككىلىنىپ تۇراتتى. ئىككىلەنگىنىمۇ توغرا ئىدى. ئالدامچىلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرغان بۇ دۇنيادا، ئۇ نېمىشقا ئېھتىيات قىلمىسۇن؟ ئەمما سۈرەتلەردىكى ئوزۇقلۇقنى تەڭشەشكە كىرىشىشتىن بۇرۇنقى ئاجايىپ غوللۇق كۆرۈنىدىغان بەدەنلەر ئەمدى زىلۋالىشىپ كەتكەنىدى. لېكىن يەنىلا بىر قارارغا كېلەلمەي پۇشۇلدايتتى. بىر ھازا پۇشۇلدىغاندىن كېيىن «مەن ئويلىنىپ باقاي. . .» دېدى. ئۇنى ئورۇقلىتىشقا مەسلىھەت بېرىش مەركىزىگە باشلاپ بارغان دوستلىرىمۇ، بۇدۇر چاچلىق ياش دوختۇرمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ قالدى. ئۇلار بەلكىم «ئىرادىسىز ئادەمكەن، بوشاڭ، مىس - مىس ئادەمكەن. . .» دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما روزى سايىت «بوشاڭ، مىس - مىسكەن» دەپ 30 نەچچە يىللىق ئاغىنىسىنى تاشلىۋېتەلەيتتىمۇ؟ ئۇ كوتۇلداپ بىرھازا مالامەت قىلدى. ئابلىكىم ھاجىم بولسا، ھەيران بولۇپ قالغانىدى. بەلكىم ئۇ ئۆز نەسىھەتلىرىگە كۆنمىگەن بىمارنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتقان بولۇشى مۇمكىن، نېمە ئامال؟

شۇندىن كېيىنمۇ نۇرمۇھەممەت توختى

كالىدەك يەپ، سامان تىققان تاغاردەك سەمرىپ يۇرۇۋەردى. كۆڭلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىۋەردى. ئىرادىسىز ئادەمگە ئامال يوقكەن، ئۇنى يا ياغاچ رەندىلىگەندەك رەندىلەپ ئورۇقلىتىپ قويغىلى بولمايدىكەن. ئەمما ئۇ دەردىنى ئىچىدە بىلەتتى. بارلىق سېمىزلەرنىڭ دەردى ئىچىدە بولىدۇ. هەي...

## 4. ئىرادىسىز ئادەم ئورۇقلىماقتا

نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ئاشۇ ئىككىلىنىشلىرىنى، «ئويلىنىپ باقاي» لىرىنى خاتا دېگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىمۇ سان بار ئىدى. ئورۇقلاش مەركىزىگە ئەزا بولۇپ، ھەبىبۇللا ھاجىمنىڭ يېتەكلەشلىرىنى قوبۇل قىلسا، بەلكىم ئورۇقلار. بەدىنىگە خېلىدىن بېرى رودىپايدەك چاپلىشىپ يۈرۈۋاتقان 10 - 15 كىلوگرام يۈكتىن قۇتۇلار، ھېلىقى ئالبومدا كۆرگەن رەسىملەردىن، سانلىق مەلۇماتلاردىن مەلۇم. باشقىلار ئورۇقلاپتۇ، ئۇ نېمىشقا ئورۇقلىمىغۇدەك؟ لېكىن... گەپ مانا شۇ «لېكىن» دە ئىدى. ئورۇقلىغان ھالەتتە بەدىنىنىڭ ئومۇمىي مۇۋازىنىتى بۇزۇلماسمۇ؟ بەدەندىكى ماددا ئالماشتۇرۇش جەريانى قالايمىقانلىشىپ كەتمەسمۇ؟ ئاشۇ دۈمبە - ياغلار غايىب بولسا يەنە قانداق ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا چىقىدۇ؟ يېڭى - يېڭى كېسەللەر يېپىشىپ كەلسە قانداق قىلغۇلۇق؟...

ئىرادىسىز ئادەمنى ئەنسىرىتىۋاتقان مەسىلەر مانا شۇلار ئىدى. ئۇنىڭ «ئويلىنىپ باقاي» دېگىنى، «ئۆزۈممۇ خەت ئوقۇيالايدىغان ئادەم بولغاندىكەن، ماتېرىيال كۆرۈپ باقاي، ھاجىمنىڭ ئورۇقلىتىش ئۇسۇلى ئىلمىيمۇ، ئەمەس، ئوقۇشۇپ باقاي» دېگىنى ئىدى. يەنە ئورۇقلاش مەركىزىگە ئەزا بولۇپ، ئۇنۇم قازانغان تونۇشلىرىدىن ئەھۋال ئىگىلەپ باقاي دېگىنى ئىدى. بۇنى قانداقمۇ خاتا، ئىرادىسىز دېگىلى بولسۇن؟

كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ بىر تەرەپتىن كۆپ يەپ چوڭ سەمرىپ يۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن خوتەندىكى ئەڭ چوڭ كۇتۇپخانا - خوتەن ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن بىر تالاي كىتابلارنى ئەكىلىۋېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدى. كىتابلاردا يېزىلغىنى بىرلا خىل مەزمۇن: سېمىزلىك بىر خىل كېسەللىك، ئوتتۇرا ياشلىق ئەر - ئاياللاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان تومۇر قېتىشىشى، يۇقىرى قان بېسىمى، يۈرەك كېسەللىكلىرى، دىئابىت، بەل ۋە پۇت، بوغۇم ئاغرىقلىرىنىڭ مەنبەسى. دۇنيادا سېمىزلىك كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ئاچ قېلىپ ئۆلگەنلەرنىڭ سانىدىن ئىككى يېرىم ھەسسە ئارتۇق... ئامېرىكىدا سېمىزلەرنىڭ ئىش تاپمىقى تەس، خوجايىنلار ئىش بەرگەن ھالەتتىمۇ ئورۇقلاشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ قويىدۇ. «سېمىزلەرنىڭ ئىنكاسى ئاستا بولىدۇ...» سېمىزلىكنىڭ سەۋەبى بەش: بەك كۆپ يېيىش، ھەرىكەت ئاز بولۇش، روھىي ئامىل، ئىرسىي ئامىل ۋە ئىچكى ئاجراتمىلارنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاچكۆزلۈك ۋە بۇلاپ - تالىغاندەك يېيىش - سېمىزلىكنىڭ باش جىنايەتكارى. «سېمىزلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى مايدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەر ۋە يۇقىرى مايلىق، يۇقىرى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىلىك ئەجنەبىيلەرچە يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىشتۇر...» سېمىزلىك كېسەللىكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تاماقنى ئازايتىپ ئورۇقلاش كېرەك، دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. ھەبىبۇللا ھاجىم يولغا قويۇۋاتقان ئورۇقلىتىش ئۇسۇلىنىڭ توغرا - خاتالىقى ھەققىدە ئۇ كىتابلاردا ھېچنېمە يېزىلمىغانىدى. ئۇ چالاراق ساۋاتىغا ۋە توم - توم لۇغەتلەرگە تايىنىپ خەنزۇچە ماتېرىياللارنىمۇ كۆرۈپ چىقتى. گەپ ئوخشاش ئىدى. ئۇنىڭ بىلىۋالغىنى ھەبىبۇللا ھاجىم ئاشۇ كۈنى دېگەن گەپلەرنىڭ ئۆزى بولدى. يۈرەك ۋە قان تومۇر كېسەللىكلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئورۇقلاش لازىم ئىكەن، ئورۇقلاش ئۈچۈن تاماق مىقدارىنى ئازايتىش كېرەك ئىكەن. ھەي، گېلىغا ھايۋاندەك ئامراق، مۈشۈكتەك ئاچكۆز مۇشۇ ئادەم تاماقنى ئازايتىشقا، قورساقنى جازالاشقا بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟

ئۇنىڭ ئورۇقلىغۇسى، سېمىزلىك ۋە سېمىزلىك كېسەللىكلىرىدىن قۇتۇلغۇسى بار ئىدى. لېكىن چوڭ تەخسىدىكى چاچتەك ئىنچىكە سوزۇلغان گۆشلۈك لەغمەندىن مېھرىنى ئۈزەلمەيتتى. مۈشۈك كۆزلىرى تونۇر كاۋىپى، توخۇ كاۋىپى، ئۆردەك كاۋىپى، باچكا كاۋىپى، قوشقاچ كاۋىپىغا تىكىلگىنى - تىكىلگەنىدى. قەنت - شېكەر، ھەسەل - مۇراببالار تىللىرىنى تامشىتىپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتاتتى. مانتۇ، سامسا ۋە باغچا بازىرىدىكى داڭلىق گۆشگىردە

نەپسىنى تاقىلدىتاتتى. لاسكوي بازىرىدىكى داڭلىق تاۋا كاۋپى، شور باغنىڭ سالقىن ئۆستەڭ ئۈستىدىكى سۆگەكلىك كاۋاپ پۇتلىرىنى شۇ تەرەپكە سۆرەپ كېتەتتى. ھەي. . .

ئەمما ئۇنىڭ يەنىلا ئورۇقلىغۇسى بار ئىدى. ئاشۇ نەرسىلەرنى يەپ ئېرىشكەن لەززەت كېسەللىك ئازابى ئالدىدا يوق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئاستا - ئاستا ئورۇقلاش ئىرادىسىگىمۇ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھېلىقى ئالبومدا رەسىمىنى كۆرگەن، ئورۇقلاش پائالىيىتىگە قاتناشقان سېمىزلەردىن ئەھۋال ئۇقۇشۇشقا كىرىشتى. ھەممىسى ھەببۇللا ھاجىمنىڭ يېتەكلەش ئۇسۇلىنىڭ تەرىپىنى قىلاتتى. ئۆزلىرىنىڭ يېنىكلەپ روھلۇق بولۇپ قالغانلىقىنى، سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىشاتتى. كۆرۈنۈشلىرىدىنمۇ شۇنداقلىقى چىقىپ تۇراتتى.

شۇ كۈنلەردە ئۇ قاچاندۇر بىر چاغلاردا يېقىن ئۆتكەن، ھازىر كۆرۈشكەندە ھالى يوق، كۆرۈشمىگەندە كارى يوق بولۇپ كېتىشكەن ئاغىنىسىنىڭ ئاغىنىسى قاسىم ياسىن ھەققىدە ئاڭلىدى. قاسىم ياسىن خوتەندە خېلى مەشھۇر ئادەم. ئۇنى شوپۇرلار ھەممىسى تونۇيدۇ. چۈنكى شوپۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن. شۇنداقلا ئۇ خوتەندىكى روھىنىمۇ، جىسمانىيىتىنىمۇ كونترول قىلالايدىغان مۇنتىزىم ئادەملەرنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. ئاپتور بۇنىڭدىن ئون يىللار ئىلگىرى ئۇنىڭ «كەلىلە ۋە دەمنە» دېگەن مەشھۇر كىتابتىن ئەقلىيىلەر كۆچۈرۈلگەن بىر چىرايلىق خاتىرىنى ئۆزىگە دائىم ھەمراھ قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن. ئۇ ئاشۇ ئەقلىيىلەرنى ھەر كۈنى كەم بولغاندا بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىدىكەن، بىكار ۋاقتى بولسىلا ئوقۇيدىكەن، مۇناسىۋەت ۋە ھوقۇق تۇتۇش بويىچە نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى قوللانما بولۇپ كېلىۋاتقان ئاشۇ «كەلىلە ۋە دەمنە» نى شۇنچە ياخشى كۆرگەن ۋە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان ئادەم مۇنتىزىم ئادەم بولماي قالامتىمۇ؟ «كەلىلە ۋە دەمنە» دە مەنىۋىيەتنى تەربىيىلەش يوللىرى شەرھلەنمىگەن بولسىمۇ، جىسمانىيەتنى تەربىيىلەش ھەققىدە يېزىلماي قالغانمۇ، كېيىنكى چاغلاردا قاسىم ياسىنمۇ سەمرىپ كېتىپتۇ. كېيىن ھەببۇللا ھاجىمنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئۈنۈملۈك ئورۇقلاپتۇ. ئۇ ئورۇقلاش توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى كاتتىلار قاتناشقان بىر سورۇندا دەپ بېرىپتۇ. شۇ سورۇنغا شائىر روزى سايىتمۇ داخىل بولغانىكەن، روزى سايىت ئاپتورغا سۆزلەپ بەردى.

بۇ قاسىم ياسىننىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ھەققىدىكى ھېكايە. ئۇنىڭغا ماگىزىنلاردىكى تەييار كىيىملەر پەقەتلا خوپ كەلمەيدىكەن، بولۇپمۇ كۆڭلەكلەرنىڭ ياقىسى بىلەن بۇرۇلكىنىڭ بەل ئايلانمىسى مۇۋاپىق كەلمەيدىكەن، گالستۇك تاقاشتا بەك قىينىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئورۇقلاپ بىر چىرايلىق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەنلەرنىڭ سوئالىغا ئۇ: «بۇرۇن 49 - نومۇرلۇق كۆڭلەك كىيەتتىم. . .» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. «49 - نومۇرلۇق كۆڭلەكمۇ بارمۇ؟» دەپ كۈلۈشۈپتۇ كاتتىلار. «ھازىرغۇ بار، بۇرۇن يوق چاغلاردا كىيىم - كېچەكلىرىمنى ئالاھىدە نومۇر بىلەن زاۋۇتقا بۇيرۇتۇپ تىككۈزەتتىم. ئەمدى ھازىر ھەممىسى چوڭ كېلىپ قالدى. كىيگىلى بولمىدى، بۇنىڭغا خاپىچىلىقىم يوق، ھازىر ماگىزىندىن تەييار كىيىملەرنى ئۆزۈم خالاپ سېتىۋالالايدىغان بولدۇم» دەپتۇ قاسىم ياسىن. چاقچاق ئارىسىدا ئۇ تېخى چوڭ كېلىپ قالغان كۆڭلەك ۋە بۇرۇلكىلىرىنى تەلەپ قىلغان بىر كاتتىغا بەرمەكچى بوپتۇ. ئۇنى سېمىزلىك بىلەن قان تومۇر كېسەللىكلىرى بەك ئاۋارە قىلغانىكەن. ئۇ ئورۇقلاش نىيىتىگە، سەمرىپ كەتمەسلىك نىيىتىگە خېلى بۇرۇنلا كەلگەنىكەن. 12 يىلدىن بېرى ھەر كۈنى بۇرۇن يېتىپ، سەھەر قوپۇپ 7 - 8 كىلومېتىر يۈگۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەپتۇ. ھەر كۈنى كەچتە سائەت بەشتىن بۇرۇن ئۇماچ ئىچىپ بېقىپتۇ، تاماقنى ئىلاجىنىڭ بارىچە ئازايتىپتۇ، لېكىن ئورۇقلاش ئۈنۈمى ياخشى بولماپتۇ. . .

مانا ئەمدى ھەببۇللا ھاجىمنىڭ يېتەكلىشى بىلەن زىلۋا يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. قان تومۇر كېسەللىكلىرىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ. كىشىلەر ھەببۇللا ھاجىمنىڭ يېتەكلىشى بىلەن تولۇق ئورۇقلىغىلى بولىدىغانلىقىغا ئۇنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدىغان بولۇشۇپتۇ. . .

ئاپتور قاسىم ياسىنغا تېلېفون بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇشقاندا، ئۇ ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ راستلىقىنى ئېيتتى ۋە تەسىرات سۆزلەپ: «ئادەم دېگەن ئالدىغا كەلگەننىڭ ھەممىسىنى يەۋېرىدىغان ھايۋان ئەمەس. ئەمدى بىز ئۆز جىسمانىيىتىمىزنىمۇ تەربىيىلەشكە كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك» دېدى. ھەيھات، بىر ئىشەنچلىك، گەپ - سۆزىنىڭ نوپۇزى بار ئادەم

www.uyghurkitap.com

شۇنداق دەۋاتقان يەردە، نۇرمۇھەممەت توختى قەتئىي نىيەتكە كېلەلمەمدۇ؟ كېلىشنىغۇ كەلدى، لېكىن يەنە ئارقىغا سۆرىدى. مىس - مىس ئادەم دېگەنگە باھانە - سەۋەب دېگەن تېپىلىپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ باھانىلىرى قاچان تۈگەر؟

بۇ يىل قىشتا، 1 - ئاينىڭ 28 -، 29 - كۈنلىرى، نۇرمۇھەممەت توختى روزى سايىتقا ھەمراھ بولۇپ، كورلىدا ئېچىلغان «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ 20 يىل نەشر قىلىنغانلىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىغا، ئاندىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۈرۈمچىدە روزى سايىت كىچىكىدىن بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان ئاغىنىسى، خوتەندىكى داڭلىق كارخانىچى مەمتىمىن قۇربان ھاجىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. مەمتىمىن قۇربان ھاجىم قايتىشتا روزى سايىتنى ئۆزىنىڭ كىچىك ماشىنىسى بىلەن خوتەنگە بىللە ئالغاچ كېتىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن دائىم روزى سايىتقا ئەگىشىۋالىدىغان نۇرمۇھەممەت توختىمۇ ئاشۇ ماشىنىغا چىقىۋالدى. مەمتىمىن قۇربان ھاجىم ئېغىر - بېسىق، كەم كەلىمە ئادەم ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ روزى سايىت يول بويى ئۇنى پاراڭغا سېلىپ ماڭدى. نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ كۆزى ھاجىمنىڭ ئورۇقمۇ ئەمەس، سېمىزمۇ ئەمەس، خۇشپىچىم بەستىدە ئىدى. كۆرۈنۈشى ھېلىقى ئالبومدىكى سۈرەتتىكىگە پەقەتلا ئوخشىمايتتى. ئورۇقلاش مەركىزىگە ئەزا بولۇپ، ھەبىبۇللا ھاجىمنىڭ يېتەكلىشىگە ئېرىشىپ قولغا كەلتۈرگىنى مانا دەپ كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ھاجىمدىن ئورۇقلاش جەريانى ۋە ئورۇقلاشتىن كېيىنكى تەسىراتى ھەققىدە سوراپ باققۇسى بار ئىدى. قايسى كۈنى كورلىغا ھەقەمسايىلىرى بىلەن بىللە ياش ئالىملىرىمىزغا سالام بېرىش پۇرسىتىنى ئىزدەپ كەلگەن ھەبىبۇللا ھاجىمنىڭ «نۇرمۇھەممەت ئاكا، سەپەر جەريانىدا قىينالغانسىز - ھە» دېگەن گېپى ئۇنىڭ قەلبىدىكى دەردلىرىنى يەنە ئۆرلىتىپ قويغان، ئورۇقلاش ئويىنى سېلىپ قويغانىدى. ئۇ سەپەر جەريانىدا راستىنىلا قىينالدى. ئاپتوبۇستا چۈشۈپ - چىقىشتا، يول مېڭىشتا پۇشۇلداپ ھاسىرىدى. كەشىنىڭ بۇقۇچىنى ئېتەلمەي پوكانچىدەك ئېسىلدى. ئۆز قۇرامىدىكى ئورۇق، زىلۋا ئادەملەرنى كۆرۈپ ھەسەت قىلدى. بىچارە ئەمدى ئورۇقلىمىسا بولمايتتى. ئۇ ھاجىمغا مۇراجىئەت قىلدى:

- ھاجىم، ئورۇقلاش جەريانلىرىنى بىلگۈم بار ئىدى...

- ھەبىبۇللا ھاجىم يېتەكلىدى، مەن ئورۇقلاپ نورمال ئادەمگە ئايلاندىم، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ، قۇشتەك يېنىكلەپ قالدىم، - جاۋاب بەردى ئالدىنقى ئورۇندا ئولتۇرغان مەمتىمىن ھاجىم قىيا بۇرۇلۇپ.

- ئورۇقلاش جەريانىدا قىينالدىڭىزمۇ؟

- نېمىشقا قىينالغۇدەك. يا ئاچ قالمىسام، يا ئۇسسۇز قالمىسام. نېمىشقا قىينىلىدىكەنمەن؟...

- لەغمەن - پولۇ، مانتا - سامسا يېگۈلىرى كەلمىدىمۇ؟

- ئۇنى يېگۈم كەلمەي، بۇنى يېگۈم كەلمەي دېگەن گەپلەر تاۋى نازۇك، بېلى بوشلارنىڭ گېپى، ئوغۇل بالا دېگەنگە ئۇنچىۋالا خېنىم مىجەز بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق...

- سالامەتلىكلىرىگە تەسىر يەتمىدىمۇ؟

- ئىلگىرى سالامەتلىكىم كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىدى. ئورۇقلۇقنى تەكشەپ ئورۇقلىغاندىن كېيىن كۆپ ياخشى بولۇپ كەتتىم. بۇ قېتىمقى تېببىي ئۇنىۋېرستېت دوختۇرخانىسىدا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرتتىم. ماشىنا ھەيدەۋاتقان ئېبزىز ئاخۇندىن سوراپ باق، قان بېسىمى، قان تەركىبى ھەممىسى نورمال چىقتى. جىگەرنى قاپلىغان مايلارمۇ تارقاپ كېتىپتۇ. مېڭە قان تومۇرلىرىنىڭ قېتىششىمۇ ئۈكشىلىشقا باشلاپتۇ... ئەجەب سوراپ كەتتىڭغا، سەنمۇ ئورۇقلىماقچىمۇ نېمە؟

- شۇنداق ئويۇم بار ئىدى...

- ئاززاق چىقىمدىن قورقماي ئورۇقلاش مەركىزىگە ئەزا بول. بالىنتىسىدا يېتىپ يۈرمەيسەن، ھەبىبۇللا ھاجىمنىڭ دېگەنلىرى بويىچە ئىش تۇتساڭ قورسىقىڭغا چاپلىشىۋالغان بىر خالتا گۆشتىن قۇتۇلىسەن. ھەي تاڭەي، سەندە شۇنچىلىك ئىرادە بارمۇ، يوق؟...

نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈنلەر ئاستا - ئاستا يېشىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يول بويى مەمتىمىن قۇربان ھاجىمنىڭ ئۆزۈقلىنىشىغا دىققەت قىلىپ ماڭدى. ئۇمۇ ئوخشاشلا ئۈچ ۋاق تاماق يەيتتى، تويغۇچە يەيتتى. لېكىن يېمەكلىكلەرنىڭ تەركىبىنى تاللايتتى. باشقىلارغا خالىغىنىنى، ئۆزىگە كېرەكلىكىنى بۇيرۇتاتتى. ھاجىم ئوزۇقلىنىش ئۇستىسىغا ئايلىنىپتۇ. ئۆز جىسمانىيىتىنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق، نېمىگە ئېھتىياجلىق ئەمەسلىكىنى، قانچىلىك ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بىلىپ تۇرالايدىغان بوپتۇ. يېيىشتە ئاشۇنداق تەكشەپ يېسە، سەمرىتىدىغان يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلسا، قايتا سەمرىپ كېتىشتىن نېمە غەم؟

نۇرمۇھەممەت توختى ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە بىرەر ئايچە ئارىسالدى بولۇپ يۈردى. ئورۇقلىتىش مەركىزىنىڭ نەتىجىلىرىگە ئىشىنىشنىڭغۇ ئىشەنگەندى. لېكىن ئاشۇ قارغىش تەگكۈر لەغمەندىن مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتاتتى. ئۇنى يەنە يۈرەك كېسىلى ئازابلاشقا باشلىدى. سول تەرەپ كۆكرەك قىسمى بىئارام ئىدى. كۆيۈپ ئېچىشقاندەك، نەملىشىپ قالغاندەك سېزىم بار ئىدى. ئوڭ قولى خۇددى يانچۇقىغا يېڭىلا يۈز يۈەنلىك پۇل كىرگەن 12 ياشلىق بالىنىڭ قوللىرىدەك ئاشۇ تەرەپنى پات - پات سىلاپ قوياتتى، مۇجۇپ بىئارامىلىقنى پەسەيتمەكچى بولاتتى. خوتۇنى ئۇنى يېتىلەپ ئابلىكىم ھاجىمنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. ئابلىكىم ھاجىم يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنى داۋالاپ ئېشىنغان ۋاقىتىدا نۇرمۇھەممەت توختىنىمۇ داۋالايتتى. يۈرەك ئېلېكترو كاردىئوگراممىدا تەكشۈرۈلدى. قان تەركىبىمۇ تەكشۈرۈلدى. قاندىكى مايمۇ، خولېستېرىنمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ. يۈرەك مۇسكۇللىرىغا قان يېتىشمەيۋېتىپتۇ. قان بېسىمىمۇ تازا نورمال دېگىلى بولمايدىكەن.

ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت توختىغا بەك كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ بۇرۇنمۇ نەچچە قېتىم دېگەن گېپىنى يەنە تەكرارلىدى.

- ھەي نۇرمۇھەممەت ئاكا، ئەگەر مۇشۇ سېمىز ھالىتىڭىزدە تۇرسىڭىز، بۇ كېسەللەردىن قۇتۇلۇشىڭىزمۇ تەس. دورا يەيسىز، ئوكۇل ئۇردۇرسىز، ئاغرىق پەسەيگەندەك قىلىدۇ. ئەمما تەلتۆكۈس ياخشى بولۇپ كېتەلمەيدۇ...

- بوپتۇلا، ئورۇقلاشقا بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەي.

- ھەبىبۇللا ھاجىمنى ئىزدەمدۇق؟

- ئىزدەيلى.

2000 - يىل 3 - مارت كۈنى، ھەبىبۇللا ھاجىم نۇرمۇھەممەت توختىنى تەكشۈرۈپ، سانلىق مەلۇماتلارنى خاتىرىگە ئالدى. ئېگىزلىكى 1.67 مېتىر، ئېغىرلىقى 91.5 كىلوگرام، كۆكرەك ئايلانمىسى 0.93 مېتىر، قورساق ئايلانمىسى 1.10 مېتىر.

سانلىق مەلۇماتلار كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈلۈۋىدى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇ بىرنېمىسى گويا مەنسىتمىگەندەك شۇ زامان «خەتەرلىك سېمىز» دېگەن ئۇچۇرنى گرافىسى بىلەن قوشۇپ ئېكرانغا چىقاردى. ھاجىم ياپونىيىلىكلەرنىڭ يەنە بىرنېمىسىنى نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇۋىدى، «بەدەندىكى ماي مىقدارى 30.3 كىلوگرام» دېگەن ئۇچۇرنى بەردى. مانا كۆرۈڭ، قۇربانلىققا بوردىغان كۆك قوچقاردىنمۇ 60 جىڭ ماي چىقماس!؟ ئېغىرلىقىغا دىققەت قىلىڭ! 91.5 كىلوگرام. ئۇ بوكسيور مۇسابىقىسىنىڭ ئېغىر دەرىجىلىكلەر ئۆلچىمىگە توشۇپتۇ. ئەمما مۇشۇ پور سېمىز ئادەم بوكسيور پادىشاھى مۇھەممەت ئەلىنىڭ، فورماننىڭ، لويىسنىڭ، ھورفىلدنىڭ، تەيسىننىڭ ھەتتا بىزنىڭ ئابدۇشۈكۈرنىڭ بىر مۇشتۇمىغا تەڭ كېلەلەرمۇ؟

- نۇرمۇھەممەت ئاكا، ئەتىلا باشلاڭ، مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئورۇقلىسىڭىز ئېغىرلىقىڭىزدىكى ئۆزگىرىشنى، سۈيدۈك رەڭگىڭىزدىكى ئۆزگىرىشنى ۋە باشقا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ھەر ئىككى - ئۈچ كۈندە تېلېفون ئارقىلىق خەۋەر قىلىپ تۇرۇڭ. مەن سىزگە نېمىلەرنى يېيىش كېرەكلىكىنى، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرىمەن. ئەتىلا باشلاڭ...

- ئەتىلا باشلاڭ دېدىڭىزمۇ؟

- ھەئە.

- ئۆگۈندىن باشلىسام بولماسمۇ؟

- باشقا ئىش بارمىدى؟

- ئەتە راسا تويۇپ ئۈچ ۋاخ لەغمەن يەۋالاي دەيمىنا...

- ... ... ...

ھاجىم كۈلۈپ كەتتى. شۇ كۈنى نۇرمۇھەممەت توختىغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئايالىمۇ كۈلۈپ كەتتى. «ھەي، ماۋۇ ئادەمنى كۆرۈڭ، ئۇيغۇر دېگەننىڭ لەغمەندىن باشقا نېمىسى يوقمۇ زادى؟»

ئىش شۇنداق بولدى. ھاجىمنىڭ روخسىتى بىلەن بىر كۈن توختاپ ئۆگۈنى، يەنى 5 - مارت كۈنى نۇرمۇھەممەت توختى ئورۇقلاش تامىقى يېيىشكە باشلىدى. ئىش ئۈرۈمچىدىن كەلگۈچە مەتتىمىن قۇربان ھاجىم ئېيتىپ بەرگەندەكلا ئىكەن. قورساق توق تۇرسا نەدىن كەلگەن قىيىنىلىش ئىكەن ئۇ؟ ئەمما ئوغۇل - قىزلارنىڭ لەغمەن يېيىشلىرىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ نەپسى تاقىلداپ كېتەتتى. ئەمما ئۇ شۇنىمۇ بىلەتتىكى، 50 ياشلىق سېزىك تارتقان خوتۇندەك «ئۇنى يېگۈم كەلدىيەي، بۇنى سېغىنىپ» دەپ غىلجىڭلاپ يۈرۈش ياراشمايتتى. قورساق توق تۇرسا، ئۇسساپ قالسىمۇ، ئاقسىل، ۋىتامىن، سۇ تولۇقلىنىپ تۇرۇۋاتسا يەنە نېمە كېرەك؟ نۇرمۇھەممەت توختى توغرىسىدا راست گەپنى ئېيتقاندىمۇ، ئۇ ئۇنچىلا ئىرادىسى، بېلى بوش ئادەم ئەمەس ئىدى. قىلىمەن دېگەن ئىشىدا ئارقىغا قاراپ يولۋاستىن، ئالدىغا قاراپ بۆرىدىن ئەنسىرەپ يۈرمەيتتى. دەسسىگەن يېرىدە تاغدەك بولمىسىمۇ خېلى مەزمۇت تۇرالايتتى. ئۇ شۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

باشلىغانچە بىراقلا داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى.

نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈش كېرەكمۇ؟ بۇنىڭ ئەھمىيىتى يوق. 5 - ئاپرېل، ھەبىبۇللا ھاجىم ئىشخانىسىدا ئۇنى قايتىدىن ئۆلچەپ خاتىرىگە ئالدى. بويى ئۆزگەرمەپتۇ. يەنىلا ناپالېئوننىڭ، مارادونانىڭ بويىغا تەڭ چىقتى. ئېغىرلىقى 78 كىلوگرام، ئەللىك جىڭلىق بىر خالتا ئۇنىنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقراق 27 جىڭ يەڭگىللەپتۇ. ئەمدى بوكسيور مۇسابىقىسىنىڭ ئېغىر دەرىجىلىكلەر شەرتىگە توشمايدىغان بوپتۇ. قان بېسىمى، قان تەركىبىدىكى ماي، خولېستېرىن قاتارلىق تەركىبلەرمۇ نورماللىشىپتۇ. بەل تاسمىسىنى بولسا، ئۈچ بىرلىك ئۇلۇق تەرەپكە سۈرگىنى ئۆزىگە ئايان ئىدى. ھاجىم ئۆلچەپ «بېلىڭىزنىڭ ئايلانمىسى توققۇز سانتىمېتىر قىسقىراپتۇ» دېدى. بۇنى ئورۇقلىدى دېمەي يەنە نېمە دەيمىز؟ بىلىش كېرەككى، ئۇنىڭ يوقاتقىنى بەدەندىكى سۇ ئەمەس، ئىلگىرى كۈنىگە ئۈچ ئىستاكان سۇ ئىچىدىغان ئادەم ھازىر كۈنىگە 5 - 6 ئىستاكان سۇ ئىچىۋاتىدۇ. ئاقسىلمۇ ئەمەس. بىلەك، پاچاق ۋە پۇتلىرىدىكى بولجۇڭ گۆشلەر بارغانسېرى چىڭىۋاتىدۇ. ۋىتامىنلارمۇ ئەمەس، ئۇنى تولۇقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. يوقالغان 27 جىڭ نەرسە نېمە؟ ئۇ ماي، ماي ۋە يەنە ماي!


ئۇ ھازىر ئۆزىنى قۇشتەك يەڭگىل سېزىدۇ. روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك، كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر خۇشاللىقى باردەك ئىسقىرتىپ ماڭىدۇ. رودۇپايدىن قۇتۇلغان ئادەم خۇشال بولماسمۇ؟ باللىرى ئەسكى ۋېلىسىپىتنى ئېلىپ قاچقان چاغلاردا ئۇ ئىش ئورنىغا خېلى يىراق يەردىكى ئۆيىدىن مېڭىپ كېلىپ، مېڭىپ كېتەلەيدىغان بولدى. تېخى قايسى كۈنى قەدەم باسمىغىنىغا 13 يىل بولغان ۋاسكېتبول مەيدانىدا گارغا بىرقانچە توپمۇ ئېتىپ كۆردى. ئۇنتۇپ كەتمەپتۇ، تاپىنى يەردىن ئاران ئۈزۈلگىچىلىك بولسىمۇ سەكرىيەلىگۈدەك بوپتۇ. قوغلىغاندا قاچالىغۇدەك، قاچقانلارنى قوغلىيالىغۇدەك بوپتۇ. يەنە يازلىق ئاتلېتىكا يىغىنىدا 400 مېتىرغا يۈگۈرۈشكە تىزىمغا ئالدۇردى. يەنە قانچىلىك بولسا بولاتتى؟ ئۇنىڭ يەتمەكچى بولغان نىشانى: 70 كىلوگرامغىچە تۆۋەنلەش. بەدەندىكى مايدىن تولۇق قۇتۇلۇش، پىلىدەك يېنىكلەش. ئوغلى ھويلىدا پۇتبول تەپكەندە ھە - ھۇ دەپ بىرەلىگۈدەك، قارشى تەرەپ بولالىغۇدەك بولۇش. ئۇ بۇنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ!

بۇ يەردە ئەپسۇسلانغۇدەك ئىش بارمۇ؟

نۇرمۇھەممەت توختىغا ئىشداش چوكانلار «سېمىز ئادەم كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنەتتى»، «سېمىز ئادەم باي ۋە بەختلىك كۆرۈنەتتى»، «چىرايلىرى كىچىك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى»، «ئورۇقلىساڭلا دەرد تارتقاندەك كۆرۈنىدىكەنلا»... دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشتى. دەرد تارتمىغان نۇرمۇھەممەت توختىمىدى. ئۇ ئەسلىدىلا باي ۋە بەختلىك بولالمىغان تۇرۇقلۇق يالغان سەمرىپ ئۆزىنى باي ۋە بەختلىك كۆرسىتىشنى كىم قويۇپتۇ ئۇنىڭغا؟ سېمىزلىكتىن يوغان كۆرۈنگەن بىلەن ئۇنىڭ ئېرىشكەن دۇنياسى بەك كىچىك، بەك كىچىك...

خانىملار ئۇچۇق گېپىنى دېمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار «ئورۇقلاپ، ئېڭەك گۆشلىرى ئۆكۈزنىڭ پاتىڭىدەك ساڭگىلاپ سەت بولۇپ قالدىلا، يۈزلىرىدىكى پۈرۈم - پۈرۈم قورۇقلارمۇ ئاشكارىلىنىپ قالدى» دېمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. نۇرمۇھەممەت توختى بۇنى چۈشەندى. 50 ياشلىق ئادەم سەت بولۇپ قالسا كارى چاغلىق! ئەمما گۈزەللىك ھەممە ئادەمنى ئىنتىلدۈرىدىغان نەرسە. ئۇ ئەينەككە قاراپ باقتى. ئۇنچىۋالامۇ بولۇپ كەتمەپتۇ، تېخى پىگورىسى تۈزۈلۈپ نوچىلىشىپ كېتىپتۇ.

5 - ئاپرېل كۈنى نۇرمۇھەممەت توختى ھەبىبۇللا ھاجىم ئاچقان ئورۇقلاشقا مەسلىھەت بېرىش مەركىزىدە، مۇشۇ مەركەزگە ئەزا بولغان، 20 كىلوگرام ئورۇقلىغان چىرا ناھىيىسىدىن كەلگەن چىرايلىق بىر جۇۋاننى ئۇچراتتى. جۇۋاننىڭ كىيىملىرى ئاددىي، لېكىن پاكىز ئىدى. ئۇ ئورۇقلىغانلىقىدىن بەك خۇشال ئىكەن. لېكىن ئۇ دوختۇرغا: «ھاجىم ئەمدى توختاتسام بولارمۇ؟ بالا - چاقىلىرىم ئالدىدا ئايرىم ئورۇقلىنىشتىن بەك خىجىل بولۇپ كەتتىم. مەن يېگەن يېمەكلىكلەرنى باللارنىڭمۇ بەك يېگۈسى كېلىدۇ» دېدى. نۇرمۇھەممەت توختى بىچارە جۇۋانغا ئىچ ئاغرىتتى. ھاجىم گەپنى چۈشەنگەندى. شۇنداقتىمۇ: «باللارغا بۇنىڭ بىر خىل داۋالىنىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرسىلە، يەنە بىر مەزگىل داۋاملاشتۇرسىلا» دېدى. جۇۋان قايتتى. نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ئېڭىدا «يوقسۇزلۇقتىن قاتتىق نەرسە يوق» دېگەن كونا تېپىشماق جاۋابىنى يېڭىلاپ قويۇپ كەتتى. ئەمما نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ئىمكانىيىتى تەل ئىدى. بالا - چاقىلىرىنىمۇ ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئورۇقلاندۇرالىغۇدەك شارائىتى بار ئىدى. ئۇ ئاشۇ ئىمكانىيەت ئۈچۈن كۆپتىن - كۆپ شۈكرانىلەر ئېيتتى.




## باراۋەرلىك

### ليۇشا

بىر ئانىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ بىرى داڭلىق دېھقانكەن، يەنە بىرى ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوغلى ناھايىتى ئىقتىدارلىقكەن، ئۇ بىرىنچى قېتىم سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىپلا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بوپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمى ھاللى ترومىن ئىكەن.

بىر مۇخبىر ترومىننىڭ ئانىسىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن:

– سىز چوقۇم ئوغلىڭىزدىن پەخىرلىنىسىز-غۇ دەيمەن؟ – دەپ سوراپتۇ.

– توغرا، – دەپمۇ ئۇ، – مەن ئوغلۇم ھاللىدىن پەخىرلىنىمەن. ئەمما يەنە بىر ئوغلۇمدىنمۇ پەخىرلىنىمەن، شۇ تاپتا ئۇ ئېتىزدا ياڭيۇ كولاۋاتىدۇ.

بۇ ھەقىقەتەنمۇ سەمىمىي، ئۇلۇغ، قىلچىمۇ مەنپەئەتپەرەسلىك قىلمايدىغان ئانا. جاھاندىكى بارلىق ئانىلارغا ئوخشاشلا ئۇنىڭ قەلبى ئەڭ ئادىل. بىر ئادەمنىڭ كەسپىتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش - قازىنالماسلىقى پەقەت ئانىنىڭ نەزىرىدىلا ئانچە مۇھىم بولمىسا كېرەك. مەيلى سىز بىر دۆلەتنىڭ زۇڭتۇڭى بولۇڭ، ياكى ئېتىزدا ياڭيۇ كولايدىغان دېھقان بولۇڭ، يەنىلا ئانىڭىزنىڭ ئوغلىسىز، سىز ئۆز ئورنىڭىزنى تېپىپ ھالال ياشىسىڭىزلا ئانىڭىز سىزدىن پەخىرلىنىدۇ.

دەبدەبىلىك دەرسلىكلەردىمۇ زۇڭتۇڭ بىلەن دېھقاننىڭ پەقەت ۋەزىپىسىلا ئوخشىمايدۇ، دېيىلگەن. ئەمما بۇ دۇنيادا شۇنچە چوڭ پەرقلىنىدىغان بۇ ئىككى جانغا ئانىدىن باشقا كىممۇ مۇشۇنداق ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلالايدۇ؟ مەنپەئەتپەرەسلەرنىڭ نەزىرىدە زۇڭتۇڭ كۆكتە چاقناپ تۇرغان تاڭ يۇلتۇزى، دېھقان بىپايان ئېتىزلىقتىكى داڭگالدىنلا ئىبارەت. مېنىڭچە، بۇ دۇنيادا كىشىلەر ئەسلىدە باراۋەر ئىدى، شۇڭا جانئېر: «مېنى سەت چاغلاپ ھېسسىياتى يوق دەپ قالماڭلار، خۇدانىڭ ئالدىدا ھەممىمىز باپ - باراۋەر، بۇمۇ خۇددى ھەممىمىزنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا گۆرگە كىرىدىغانلىقىمىز بىلەن ئوخشايدۇ» دېگەنىدى.

ئەمما بىز داستىخاندىمۇ يۇقىرى - تۆۋەنلىك تالىشىمىز، بۇ ئۆرپ - ئادەت نۇقتىئىنەزىرىنىڭ كاساپىتىدىن بولۇۋاتقان ئىش.

## گۈزەل ئۇقۇشماسلىق

بىر موماي ئاشخانىغا كىرىپ بىر قاچا شورپا ئاپتۇ. ئۈستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، توساتتىنلا بولكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى يادىغا كەپتۇ.

ئۇ بولكىنى ئېلىپ تاماق ئۈستىلىنىڭ يېنىغا يەنە قايتىپ كەپتۇ. ئەمما ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بوپتۇكى، ئۇنىڭ ئورنىغا قارا تەنلىك بىر كىشى ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى

هېلىقى شورپىسىنى ئىچىۋاتقۇدەك.

«قارا، ماۋۇ مۇتتەھەملىنى، ئۇنىڭ مېنىڭ شورپامنى ئىچىۋالىدىغان ھەققى يوق ئىدى، — دەپ ئويلاپتۇ موماي دەرغەزەپ بىلەن، — لېكىن ئۇ بەك نامراتتۇ، قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەندۇ. مېنىڭ يەنىلا ئۇندىمىگىنىمنى تۈزۈككەن. بىراق ئۇ شورپىنى يالغۇز ئىچىۋالسىمۇ بولمايدۇ».

شۇنىڭ بىلەن موماي ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتتە قارا تەنلىك كىشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، قوشۇقتىن بىرنى ئاپتۇ - دە، گەپ - سۆز قىلمايلا شورپىنى ئىچىشكە باشلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بىر قاچا شورپىنى ئىككىيلەن بىر قوشۇق - بىر قوشۇقتىن ئىچىۋېرىپتۇ، بىر - بىرسىگە قارىشىپ قويۇپ ئۈنچىقماپتۇ.

شۇ چاغدا قارا تەنلىك كىشى بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر تاۋاق لەغمەننى كۆتۈرۈپ كېلىپ مومايىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ، قارىسا لەغمەننىڭ ئۈستىگە ئىككى ۋېلكا سانجىقلىق تۇرغۇدەك.

ئىككىيلەن داۋاملىق غىزالىنىپتۇ، تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كېتىشكە ھازىرلىنىپتۇ.

— خەير - خوش، — دەپتۇ موماي دوستانە ھالدا.

— خەير - خوش، — دەپتۇ نېگىر قىزغىن جاۋاب بېرىپ. ئۇ بۈگۈن ياخشى ئىشتىن بىرنى قىلىپ موھتاجلىقتا قالغان مومايغا ياردەم بەردىم، دەپ ئويلاپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. نېگىر كەتكەندىن كېيىن موماي ياندىكى تاماق ئۈستىلىدە بىر قاچا شورپا تۇرغانلىقىنى، بۇنىڭ دەل ئۆزىنىڭ ھېلىقى بىر قاچا شورپىسى ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ.

تۇرمۇش مۇشۇنداق رەڭگارەڭ، مۇرەككەپ بولىدۇ، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئۇقۇشماسلىق، ئازارلىق، ھەتتا ئۆچمەنلىك ھەمىشە يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بىر - بىرىمىزگە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ يول قويۇشساقلا، ئۇقۇشماسلىق، ئۆچمەنلىكمۇ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ۋە سېغىندۇرىدىغان ئەسلىمىگە ئايلىنىدۇ.

# بۇلاق سۈيى ۋە كېپەك ئالتۇن

**ۋاڭ فۇخەي**

تاغ ئۈستىدىن تارغىنە تاش قىساڭغىنى بويلىغىنىچە ئېقىپ چۈشۈۋاتقان بىر تارام بۇلاق سۈيى تالاي يىللارنى ئۆتكۈزۈپ، قىيا تاش ئۈستىدە تۇخۇم چوڭلۇقىدىكى بىر ئويمانچاق پەيدا قىپتۇ. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇلاق سۈيى قاياقتىندۇر ساپسېرىق كېپەك ئالتۇنلارنى ئېقىتىپ كېلىپ بۇ ئورەكنى تولدۇرۇپ قويىدىكەن، ئالتۇنلار ھەر كۈنى كۆپىيىپمۇ قالمايدىكەن، ئازلاپمۇ قالمايدىكەن.

بىر كۈنى بىر ئوتۇنچى بوۋاي بۇلاق بويىغا سۇ ئىچكىلى كېلىپ، سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيىدە يالتىراپ تۇرغان كېپەك ئالتۇنلارنى كۆرۈپ قاپتۇ ھەمدە ناھايىتى خۇشال بولۇپ ئاۋايلاپقىنا ئوچۇمدىغىنىچە ئېلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاي جاپا تارتمايدىغان، تاغ - ئېدىرلارنى ئارىلاپ ئوتۇن كەسمەيدىغان بوپتۇ. ئون - ئون بەش كۈندە بىر قېتىم كېلىپ كېپەك ئالتۇنلارنى ئېلىپ كېتىدىغان، شۇنداق قىلىپ كۈنلىرىنى باياشات ئۆتكۈزىدىغان بوپتۇ. كىشىلەر «بوۋايغا قانداق بىر دەپىنى - دۇنيا ئۇچرىغاندۇ؟» دەپ ئەجەبلىنىپتۇ. بوۋاي ئاغزىنى چىڭ تۇتۇپ بۇ سىرنى ئاتا - ئانىسىغىمۇ، بالا - چاقىلىرىغىمۇ ئېيتماپتۇ.

بوۋايىنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ ئۇنىڭ سىرىنى بىلىۋاپتۇ ھەمدە «بۇ ئىشنى مەندىن يوشۇرمىسىڭىز بوپتىكەن، بولمىسا ئاللىقاچان بېيىپ كېتەركەنمىز» دەپ دادىسىدىن ئاغرىنىپتۇ.

ئوغلى دادىسىغا: «تاش قىساڭغىنى كېڭەيتىپ، بۇلاقنى ئۇلغايتساق، تېخىمۇ كۆپ كېپەك ئالتۇنلارنى ئېقىتىپ كەلمەمدۇ؟» دېگەن تەكلىپنى بېرىپتۇ. دادىسىمۇ: «كاللامنىڭ ئىشلىمىگىنىنى قارىمامدىغان، نېمىشقا بۇنى ئويلىمىغاندىمەن؟» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن دادا - بالا ئىككىسى تارغىنە تاش قىساڭغىنى كېڭەيتىپ، بۇلاقنى بىرنەچچە ھەسسە ئۇلغايتىپتۇ، ھېلىقى ئويمانچاقنىمۇ كېڭەيتىپ چوڭقۇرلىتىپتۇ. ئاخىر بۇندىن كېيىن

نۇرغۇنلىغان كېپەك ئالتۇنلارغا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ، خۇشاللىقىدىن بىراقلا بىر شىشە هاراقنى ئىچىۋېتىپ غەرق مەست بوپتۇ. . .
شۇنىڭدىن كېيىن ئاتا ـ بالا ئىككىسى هەر كۈنى كېلىپ قاراپ باقىدىغان، ئەمما ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قايتىپ كېتىدىغان بوپتۇ. چۈنكى كېپەك ئالتۇنلار كۆپەيمەيلا قالماستىن، شۇندىن ئېتىبارەن پۈتۈنلەي غايىب بوپتۇ. دادا ـ بالا ئىككىيلەن: «كېپەك ئالتۇنلار نەگە كەتكەندۇ؟» دېيىشىپ، بۇ ئىشنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمەپتۇ.

# ئەڭ ئاددىي هېكايە

## لو شى

ئامېرىكىدىكى بىر كۇتۇپخانىنىڭ باشلىقى هەر كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ئۆزى چىقىپ كۇتۇپخانا ئىشىكىنى ئاچىدىكەن، ئاندىن كۇتۇپخانىغا بىرىنچى بولۇپ كىرىپ كەلگەن ئوقۇرمەنلەرگە سالام بېرىپ، ئۇلاردىن هال ـ ئەهۋال سورايدىكەن، ئارقىدىن ئەتراپنى بىرەر قۇر تەكشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىدىكەن.
بەزىلەر ئۇنىڭغا كۇتۇپخانا باشلىقىنىڭ بۇنداق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى قىلىشى هاجەتسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ، ئەمما ئۇ بۇنىڭغا ئەستايىدىللىق بىلەن: «مەن كۈندە كېلىپ ئىشىك ئاچىمەن، چۈنكى بۇ هەر كۈنى قىلىدىغان ئىشلىرىمنىڭ ئىچىدە كۇتۇپخانىغا هەقىقىي پايدا بېرىدىغان بىردىنبىر ئىش» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
پوپايكا توقۇۋاتقان ئايال گۈزەل، ئوتتۇن يېرىۋاتقان ئەر يېقىملىق، تۇخۇم تۇغۇۋاتقان مېكىيان تەسىرلىك، شىرنە يىغىۋاتقان هەرە چىرايلىق بولىدۇ. . .
سىز هەر بىر كۈنىڭىزنى ئۆتكۈزۈپ، ئالدىراش ئىشلاردىن قولىڭىزنى ئۈزگەندىن كېيىن: «بۈگۈن قانداق ئەمەلىي ئىش قىلدىم» دەپ ئويلىنىپ باقتىڭىزمۇ ـ يوق؟ سىز ئىشىك ئاچقاندەك ئاشۇنداق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى سەل چاغلىماڭ، ئۇ تۇرمۇشىمىزدىكى ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ يېقىملىق بىر هالقىنى هاسىل قىلىدۇ. ئېگىز ۋە يىراق بىر نۇقتىنى كۆڭلىڭىزگە پۈككەندە، كۆز ئالدىڭىزدىكى هەر بىر تەپسىلاتقا سەل قارىماڭ، چۈنكى دەرەختىكى كىچىككىنە بىر بىخ ئەتە بۈك ـ باراقسان شاخ بولىدۇ. هەر كۈنى كىچىككىنە بولسىمۇ بىر ئەمەلىي ئىش قىلىڭ، شۇنىڭدا سىزنىڭ شۇ كۈنىڭىز خاتىرجەم ۋە پۇشايمانسىز ئۆتىدۇ.

# يېڭىدىن تۈزۈلگەن «كادىرلار قوللانمىسى»

## چېن جالى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كادىرلار ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىدىغان ۋەقەلەر هەمىشە كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئىستىل ۋە ئىنتىزامنى تۈزەش ئۈچۈن، بۇلارنىڭ گېزىتتە ئېلان قىلىنغانلىرىغا ئاساسلىنىپ، يېڭىدىن تۈۋەندىكىدەك «كادىرلار قوللانمىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ، هەرقايسى قاتلاملارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇق:
1. پارا ئېلىپ چاتاق چىققاندىن كېيىن مەسئۇلىيەتنى خوتۇنى ۋە ئوغلىغا ئىتتىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ.
2. ئۆزى قول تىققان قۇرۇلۇشتىن چاتاق چىققاندىن كېيىن خەۋەرنى قامال قىلىشقا بولمايدۇ.
3. هۆكۈمەت پۇلى بىلەن ئاۋمېنغا بېرىپ قىمار ئويناشقا بولمايدۇ.
4. ساۋاتسىزلار، لۈكچەكلەرنى سوتنىڭ رەهبىرى قىلىپ تەيىنلەشكە بولمايدۇ.
5. ئۈچ ياشلىق بالا مائاش ئالسا بولمايدۇ.
6. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىشتىن ئىلگىرى «ئەمەلدارلىق قالپىقى»نى تۆكمە قىلىپ سېتىشقا بولمايدۇ.

7. تۇشمۇ تۇشتا ئاشلىق ئۆتنە ئېلىپ ئامبارنى تۇشقۇزۇشقا، ساختا كۆرۈنۈش پەيدا قىلىپ دۆلەت زۇكلىسىنى ئالداشقا بولمايدۇ.

8. ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ خىزمەت كىنىشكىسىدىن پايدىلىنىپ قىزلارنى قورقۇتۇشقا، ئاياغ ئاستى قىلىشقا بولمايدۇ.

9. يەرلىك قىزلار سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ، باھار بايرىمىدا ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇۋېلىپ، «سىرتقا چىقىپ ئىپپەت - نومۇسىمنى ساتتىم» دەپ ئىقرار قىلدۇرۇشقا، ئاندىن بىر - بىرلەپ جەرىمانە قويۇشقا بولمايدۇ.

10. يىغىن زالىغا ئوت كەتكەندە، ئۆسمۈر باللار ۋە ئاياللارنى ئالدى بىلەن چىقىپ كېتىشكە ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك. ئۆزى بىرىنچى بولۇپ قېچىپ كېتىشكە بولمايدۇ.

11. نامرات ئائىلىلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ، سىنئالغۇغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن، سوۋغا قىلغان گۈرۈچ، ئېلىۋېرور قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىشكە بولمايدۇ.

12. دېھقانلار قالدۇرۇق پۇلنى تاپشۇرالمىغاندا، ئادەم باشلاپ بېرىپ ئۆيىنى ئاختۇرۇشقا بولمايدۇ.

13. ئۆز ئالدىغا «كەنت پۇلى» چىقىرىپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ خەلق پۇلىغا تېگىشىۋېلىشقا بولمايدۇ.

14. ماشىنا ھەيدەپ ئادەم سوقۇۋەتكەندە، ماشىنىنى دەررۇ توختىتىپ ئادەمنى قۇتقۇزۇش كېرەك. ئۇنى سۆرىگەن پېتى ماشىنىنى داۋاملىق ھەيدەپ چېپىۋېرىشكە بولمايدۇ.

15. ئۆسمۈرلەر بىزنى «سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىكەن» دېگەندە، ئۇلارنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ.

16. قول ئاستىدىكى كادىرلارنىڭ خوتۇنىنى ئېمىشكە بولمايدۇ.

17. قاتىل ياللاپ خىزمەتدىشى ياكى باشلىقىنى ئۆلتۈرگۈزۈشكە بولمايدۇ.

18. جىنايەت گۇماندارىنى تۇتقاندا قاماقخانىغا يالاپ ئاپىرىۋېتىش كېرەك، يول ئۈستىدە يوشۇرۇن ئېتىپ تاشلاشقا بولمايدۇ.

# ئاشلىق ئامبىرىدىكى ئالتۇن سائەت

**ما گوفۇ**

بىر دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى ئاشلىق ئامبىرىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن قىممەت باھالىق ئالتۇن سائىتىنى يىتتۈرۈپ قويۇپتۇ، ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ تاپالمىغاندىن كېيىن دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا: «كىم تېپىپ بەرسە، شۇنىڭغا 100 ئامېرىكا دوللىرى مۇكاپات بېرىمەن» دەپ ئېلان چاپلاپتۇ.

كىشىلەر كاتتا مۇكاپاتنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئەتراپنى كۆچەپ ئاختۇرۇپتۇ. ئاشلىق ئامبىرىدا تاغدەك ئاشلىق، باغلام - باغلام شال پاخىلى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئارىسىدىن بىر ئالتۇن سائەتنى تېپىش ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ تەسكە توختاپتۇ.

كىشىلەر كۈن ئولتۇرغىچە ئاختۇرۇپمۇ يەنىلا ئالتۇن سائەتنى تاپالماپتۇ. ئۇلار بىر بولسا ئالتۇن سائەتنىڭ كىچىكلىكىدىن ئاغرىنىپ، بىر بولسا ئاشلىق ئامبىرىنىڭ چوڭلۇقىدىن، پاخاللارنىڭ كۆپلۈكىدىن زارلىنىپ، 100 ئامېرىكا دوللىرىنىڭ مېھرىدىن كېچىپتۇ. پەقەت بىر نامرات باللا باشقىلار كەتكەندىن كېيىن يەنىلا نىيىتىدىن يانماي ئىزدەۋېرىپتۇ. ئۇ پۈتۈن بىر كۈن تاماق يېمىگەچكە، ئالتۇن سائەتنى قاراڭغۇ چۈشكىچە تېپىۋېلىپ ئۆيىدىكىلەرنىڭ غىزالىنىش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشنى ئارزۇ قىپتۇ.

بارغانسېرى قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. بالا ئىزدەشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. جىمى ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىققاندىن كېيىن ئۇ توساتتىنلا غەلىتە بىر ئاۋازنى - «چىك - چاك، چىك - چاك» قىلىپ تىنماي چىقىۋاتقان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ. بالا شۇ زاماتلا ئىزدەشنى توختىتىپتۇ، ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئىچى تېخىمۇ جىمجىت كېتىپتۇ. چىكىلدىغان ئاۋاز ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا ئاشۇ ئاۋازدىن ئالتۇن سائەتنى تېپىۋېلىپ ئاخىر 100 ئامېرىكا دوللىرىغا ئېرىشىپتۇ.

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ قانۇنىيىتى ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئاددىي بولىدۇ. ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ كەمدىن كەم

ئۇچرىشى زور كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ بۇ قانۇنىيەتنى بەك ئاددىي چاغلاپ داۋاملاشتۇرمىغانلىقى، شۇ بويىچە ئىشلەشنى ياراتمىغانلىقىدىن بولغان. بۇ قانۇنىيەت كاجلىق دەپ ئاتىلىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت خۇددى ئاشلىق ئامبىرىدىكى ئالتۇن سائەتتەك ئاللىقاچانلا ئەتراپىمىزدا مەۋجۇت، ھاياتنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭىغا تارقالغان، بىز كاجلىق بىلەن ئىزدەپ، ئوي - پىكرىمىزنى بىر يەرگە يىغىپ، ئىغىر - بېسىقلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزسەكلا ھېلىقى ئېنىق چىكىلداۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىيالايمىز.

# نامراتلار لىرىكىسى

## يۈ چىلىڭ

كەچقۇرۇن سەيلە قىلىپ كېتىۋېتىپ ئاسما كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا بېرىپ قالدىم، قارىسام بىر يىگىت بىر قىزنى يۆدەپ مىڭبىر جاپادا ئاسما كۆۋرۈككە چىقىپ كېتىۋېتىپتۇ، پېشانىسىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى تەپچىرەپ تۇرىدۇ. مەن ئوپۇل - توپۇللا يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى يۆلىگەچ:

- ئۇ ئاغرىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ مەن سىزگە ماشىنا چاقىرىپ بېرەي، دوختۇرخانىغا ئاپىرىڭ، - دېدىم.

ئاسما كۆۋرۈككە چىققاندىن كېيىن قىز بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. يىگىت ئالمان - تالمانلا مەندىن كەچۈرۈم سورىدى:

- كەچۈرۈڭ، رەھمەت سىزگە، بىز ئويناۋاتقان.

- نېمە؟ - مەن ئوساللىق ئىچىدە سەل غەزەپلەندىم.

قىز بىر ھازادىن كېيىن كۈلكىسىنى توختىتىپ، بۈگۈن ئۇلار ئىككىسىنىڭ توي قىلغىنىغا ئۈچ يىل بولغان خاتىرە كۈنى ئىكەنلىكى، شۇڭا ئاتايىتەن رۇخسەت سوراپ كوچا ئايلىنىشقا چىققانلىقىنى ئېيتتى.

- ئۇنىڭ پۇلى يوق، شۇڭا ئۇنىڭغا سوۋغا ئالدۇرمىدىم، ئەمما ئۇنىڭ كۈچى بار، شۇڭا ئۇنىڭغا مېنى ئاسما كۆۋرۈككە ھاپاش قىلىپ ئېلىپ چىق، دېدىم. ئىككى - ئۈچ قېتىم چىقا - چىقمايلا ھېرىپ قالدى. توي قىلغانلىقىمىزنىڭ 30 يىللىقى بولغاندا، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى 30 قېتىم ھاپاش قىلغۇزۇپ قېرى جېنىنى ئالماي قويمايمەن. . .

قىز يىگىتنىڭ دۈمبىسىگە ئارتىلىۋېلىپ يەنە كۈلۈشكە باشلىدى.

مېنىڭ نەزىرىمدە ھېلىقى قىز چاكىنا، ھەتتا رەزىل كۆرۈندى. ئەمما شۇ تاپتا ئۇ مۇھەببەت بىلەن ئەتىۋارلىنىپ نازۇك مەلىكىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

مەن ئەزەلدىنلا لىرىكىنى جەزمەن گۈل، شام يورۇقى، مۇزىكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ئويلىغانىكەنمەن، جاھاندا يەنە مۇشۇنداق ئۆزگىچە نامراتلار لىرىكىسى بارلىقىنى بولسا بىلمەيدىكەنمەن.

# ئاتا مۇھەببىتىنىڭ سۈپىتى

## لى خەنبىڭ

لياۋخې دەرياسىنىڭ بويىدىكى كىچىك شەھەردە تۇرىدىغان ئىنىم ئىككى يىل ئاۋۋال ئىش ئورنىدىن قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يىققان پۇللىرىغا قەرز ئالغان پۇللارنى قوشۇپ، بىر پىكاپ سېتىۋالدى - دە، شەھەردە كىراكەشلىك قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەھەللىدىكى قوشنىلار ئۇنىڭ ئەتىگەن ۋە كەچتە ۋاقىت چىقىرىپ خوتۇنىنى ئىشقا ئاپىرىپ - ئەكىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەمما باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان توققۇز ياشلىق قىزىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ - ئەكىلىۋاتقانلىقىنى زادىلا ئۇچراتمىدى.

قىش كۈنى كىچىك شەھەردە قاتتىق قار ياغدى. خوتۇنى ئۇنىڭغا چاقىرغۇ ئۇرۇپ، مەكتەپكە بېرىپ دەرستىن چۈشكەن قىزىنى

ئېلىپ كېلىشنى تاپشۇردى. ئۇ قىزنى ماشىنىلىق قايتۇرۇپ كەلمىدى، بەلكى ئۇنىڭغا ماموق چاپان ۋە ئۆتۈك سېتىۋالدى. بۇنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قىزىغا كىيگۈزۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارغا قارىماي ئۆيگە پىيادە كېتىشنى ئېيتتى. قىزى ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئاپىسىدىن: «نۇرغۇن پىكاپلار مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ كېتىدۇ. دادام مېنى نېمىشقا ئالغىلى بارمايدۇ؟ مەنمۇ ئۇنىڭ ئۆز قىزىغۇ؟» دەپ سورىدى. شۇ سەۋەبتىن خوتۇنى ئۇنىڭغا ئۈچ كۈنگىچە باتناپ يۈردى.

ياز كۈنى ئەتىگەنلىكى قاتتىق يامغۇر ياغدى. خوتۇنى ئۇنىڭغا مەكتەپكە بارماقچى بولۇۋاتقان قىزنى ماشىنىلىق ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتتى. ھەمدە ئىشقا ئالدىراپ ئالدى بىلەن كېتىپ قالدى. ئەمما ئۇ گۈللۈك كۈنلۈكنى قىزىغا ئۆزىتىپ، ئۇنىڭغا كۈنلۈك تۇتۇپ مەكتەپكە بېرىشنى ئېيتتى. مەكتەپ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى ئۈچ چاقىرىم كېلەتتى. يامغۇر قاتتىق يېغىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شامال چىقىۋاتاتتى. قىزى دەسلەپتە مۇنداق قىلىشنى تازا خالاپ كەتمىۋىدى، ئۇ قىزىغا نەسىھەت قىلدى. قىزى كۈنلۈك تۇتۇپ، سومكىسىنى مۈرىسىگە ئارتىنىچە مەكتەپكە ماڭدى، ئۇ كىرا ماشىنىسىنى ھەيدەپ، يولدا قىزىغا قاراپ ماڭدى. شامال قىزىنىڭ قولىدىكى كۈنلۈكنى قىيسايتىۋەتتى. يامغۇر ئۇنىڭ گۈللۈك يوپكىسى بىلەن ماڭلاي چېچىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

كېچىسى قىزى قىزىپ قالدى. خوتۇنى ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئاچچىقلاندى. ئۇ زېرىكمەي - تېرىكمەي، خوتۇنىغا ئۆزىنىڭ سەككىز ياشتىن باشلاپ ئوقۇغاچ ئىشلىگەن جاپا - مۇشەققەتلىك كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ بەردى. بالىلىق چاغلىرىدىكى ھەر بىر ئىشنى ئويلىغىنىدا ئۇنىڭ كۆزىگە ئىسسىق ياش كەلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئاتا - ئانام مېنى قەستەنگىلا كۆپرەك جاپاغا سالدى، كىچىكىمدىن تارتىپلا ماڭا تۇرمۇشنى ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن يارىتىدىغان ئادەم بولۇش يولىنى ئۆگەتتى. شۇڭا ھايات يولىدا باشقىلار ياش تۆككەندە مەن تەر تۆكتۈم، ئىش ئورنۇمدىن قالغاندىمۇ خورسىنىپ قويمىدىم».

خوتۇنى ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم قىستى. شەك - شۈبھىسىزكى، ئاتا - ئانا بالىلىرىغا نۇرغۇن مېھىر - شەپقەت ئاتا قىلالايدۇ. شۇنداقلا پۇل - پۇچەك ياكى مال - دۇنيا يىغىپ بېرىپ، بالىلىرىنى مەلۇم ھاياتلىق شارائىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەمما بالىلىرىنىڭ ئۇگۇشسىزلىقلىرى ۋە تۇرمۇش ئازابىنى تارتىشىپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى ئاتا - ئانا بالىلىرىغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولالمايدۇ. ھەر بىر ئاتا - ئانا ئۆزىنىڭ بالىلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما مۇھەببەتنىڭ سۈپىتى ئوخشىمايدۇ. بەزىلەرنىڭ مۇھەببىتى خۇددى سۈزۈك سۇدەك، بالىلىرىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن گېلىنى نەملەپلا يوقاپ كېتىدۇ. بەزىلەرنىڭ مۇھەببىتى بولسا تامچە - تامچە قويۇق قاندەك، بالىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ، ئۆمۈر بويى ئۇلارغا ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ.

# مۇھاسىرنى بۆسۈپ ئۆتۈش

**جاك تېئېر**

مەن كىچىكىمدىنلا يوقىلاڭ خىياللارغا بېرىلىشكە ئامراق ئىدىم. 60 - يىللىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋاقتىمدىلا ھەمىشە 2000 - يىلىنى خىيال قىلغانىدىم: «شۇ چاغدىكى جۇڭگو جەزمەن ئىنتايىن قۇدرەت تاپىدۇ، خەلق تۇرمۇشى چوقۇم ئىنتايىن بەختلىك بولىدۇ. ئۇ چاغدىكى جەمئىيەت ئىنتايىن گۈزەل بولىدۇ. . . شۇنىڭدەك، ئۇ چاغدا مەن 50 ياشقا بېرىپ قالىمەن، يۈزلىرىمنى قورۇق بېسىپ چاچلىرىم ئاقىرىپ كېتىدۇ، شۇ چاغدا مەن نېمىمۇ قىلالارمەن؟» دەپ ئويلىغانىدىم.

ئەمما، 1977 - يىلى دوختۇر ماڭا «يامان خاراكتېرلىك لىمفا ئۆسمىسىگە گىرىپتار بوپتۇ» دەپ دىئاگنوز قويغاندىن كېيىن، خۇددى ئۆزۈمنىڭ يۈگۈرۈش تەنھەرىكەتچىسى توساتتىنلا مەيداندىن ئەبەدىلئەبەد ھەيدەپ چىقىرىلغاندەك، كەلگۈسىنى ئىككىنچىلەپ خىيال قىلمايدىغان، 2000 - يىلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ ئويلىمايدىغان بولدۇم. راستىنى ئېيتسام: «مەن 2000 - يىلىغا كىرەلەمدىمەن؟» دەپ ئويلىدىم.

مەن ئۆلۈم بىلەن ئېلىشىدىغان ئۇزاق ۋە

ئازابلىق مۇساپىگە ئاتلاندىم. دوختۇرخانىدا يېتىش ماڭا ئىشقا بارغاندەكلا ئاددىي ئىش بولۇپ قالدى. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان 26 قېتىم دوختۇرخانىدا ياتتىم. 10 قېتىم چوڭ - كىچىك ئوپېراتسىيە قىلدۇردۇم، رادىئوئاكتىپلىق داۋالاش ۋە خىمىيىلىك داۋالاش دېگەنلەرنىڭ سانىنى دەپ بېرەلمەيمەن. مېنىڭ چاچلىرىم ئۆسۈپ - چۈشۈپ، چۈشۈپ - ئۆسۈپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ يۇرۇپ ئۈچ كەيمە چاچلىق بولۇپ قالدىم.

مەن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆتكەن ئاشۇ كۈنلەردە ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە قاتتىق كاللا قاتۇرۇپ ئويلاندىم. بۇ جەرياندا: «مەن دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ئادەمكەنمەن، خۇدا نېمىشقا قىيرىشقاندەك مېنى راك كېسىلىگە مۇپتىلا قىلىدۇ؟» دەپ قارىغاندىم، ئەمما بىر كۈنى توساتتىنلا ئىنسانلاردا «راك كېسىلى» دېگەن مۇشۇنداق كېسەل بولغاندىكىن، بۇ كېسەل مېنىڭ بېشىمغا چۈشسە نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم خېلىلا ئارامىغا چۈشۈپ قالدى. مەن ھاياتلىقنىڭ ئەمەلىيەتتە مۇشكۈل ئەھۋال ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدىم. كىم ئۆلمەيدۇ؟ ئەمما ساغلام كىشىلەردە مېنىڭكىدەك ئېنىق ئۆلۈم ئېڭى بولمايدۇ، خالاس. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىش مېنى ئەكسىچە ساغلام كىشىلەردىنمۇ «ئالدىن بىلگۈچى» قىلىپ قويۇشى مۇمكىن.

ھاياتلىق مۇشكۈل ئەھۋال بولغانىكەن، ئۇنداقتا ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى زادى نەدە؟ ئاخىر بىر كۈنى مەن مۇنداق ئويلىدىم: مۇقەررەر ھالاك بولىدىغان ھەر بىر تەنچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ بىرلا قېتىم بولىدىغانلىقىدا. ئەگەر سىز بىرلا قېتىم بولىدىغان مۇشۇ ھاياتنى قەدىرلىسىڭىز، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئىجاد قىلىشىڭىز كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن مەن بىرەر ئىش قىلىش قارارىغا كەلدىم.

1980 - يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى - ئۆزۈمنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم تالنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسىنى قوبۇل قىلغان چېغىمدا، بۇنىڭ قايتىدىن تۇغۇلغان كۈنۈم بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندىم ھەمدە «خۇدا ماڭا ئۆلمەسلىكنى نېسىپ قىلسا، قالغان ئۆمرۈمدە يېزىقچىلىق قىلىمەن» دەپ قەسەم ئىچتىم.

كۆپ يىللاردىن بۇيان مەن باشقىلارنىڭ مېنى «يەنە بىر ئاي ياشىيالىغۇدەك»، «يەنە ئۈچ ئايلىق ئۆمرى قاپتۇ»، «بۇ قېتىم ساقىيالمىغۇدەك»... دېگەنلىرىنى بىر نەچچە قېتىم ئاڭلىدىم. ئەپسۇسكى، بۇ ھۆكۈملەر قايتا - قايتا بەربات بولدى. مەن ئۆلمەيدىغان قۇشتەك يېنىش - يېنىشلاپ ھايات قالدىم.

ھاياتلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ جاپا - مۇشەققەتلىك جەرياندا، مەن قەيسەرلىك بىلەن ئۆزۈمنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ كەلدىم. پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بولغان بارلىق ۋاقتىمنى پايدىلىنىپ كىتاب ئوقۇدۇم، ماتېرىيال توپلىدىم، يېزىقچىلىق قىلدىم. يېزىقچىلىق بارا - بارا ھاياتىمنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ قالدى. مەن ئۆلۈمنى يېڭىش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئەسەر ئېلان قىلىپ تۇردۇم.

مانا ئەمدى، بېيجىڭنىڭ مۇشۇ سوغۇق كېچىسى 2000 - يىلنى ئاخىر قارشى ئېلىۋاتقىنىمدا، يېڭى يىلنىڭ قوڭغۇرىقى ئاخىر چېلىنغاندا، ئۆزۈمنىڭ ھەرقانداق بىر ساغلام كىشىدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولۇۋاتقىنىمغا ئىشىنىپ ئولتۇرۇپتىمەن. چۈنكى مەن تېخى 1998 - يىلىلا «ھاياتىم پات ئارىدا ئاخىرلىشىدۇ» دەپ ئويلىغاندىم. مەن ھەقىقەتەن شۇنچە كۆپ ساغلام كىشىلەر بىلەن بىللە 2000 - يىلغا قولنى قولغا تۇتۇشۇپ كىرىپ كېلەرمەن دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن. شۇ سەۋەبتىن، مەن تەقدىرنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن چوڭقۇر ئىلتىپاتىدىن مەڭگۈ مىننەتدارمەن. مەن ئاخىر 2000 - يىلىدىكى جۇڭگونىڭ قانداق بولىدىغانلىقى بىلەن مېنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىمنى كۆردۈم. ئەسلىدە ھەممىسى شۇنداق گۈزەل بولىدىكەن! مەن جەزمەن چۈشۈمدە ئۆز تەسىراتىمنى كىچىك چېغىمدىكى ھېلىقى خىيال قىلىشقا ئامراق ئۆزۈمگە ئېيتىپ بېرىمەن.

شۇنداق، ھاياتنىڭ شان - شەرىپى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتە بولماستىن، بەلكى مەنىلىك ياشاشتا. ھاياتنىڭ گۈزەللىكى شانۇ - شەۋكەت ۋە دۆلەتمەنلىكتىن بەھرە ئېلىشتا بولماستىن، بەلكى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىجاد قىلىشتا. شۇڭا قانداق بالا - قازاغا ئۇچرىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەسلىكىمىز، نەپسىمىزلا بولىدىكەن، ھەرگىز قول قوشتۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرماسلىقىمىز كېرەك.

ئادەمنىڭ ئىقتىدارى ۋە تالانتى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئەمما تىرىشچانلىق بىلەن ئۈمىدۋارلىق كىشىلەر بىردەك ئىنتىلىدىغان پەزىلەت بولۇشى كېرەك. دوستۇم، تۇرمۇش سىزگە ئىنئام قىلغان ھەممە نەرسىنى مەڭگۈلۈك خۇشاللىق، خاتىرجەملىك بىلەن قوبۇل قىلىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# يۈكسەك پەللىلەردە ئۇچرىشىش

## — دانتې ۋە نەۋائى

ئۇلۇغ سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىدا ئورتاقلىقنىڭ بولۇشى مۇقەررەر ۋە تەبىئىي.

ئىككى ھادىسىنى يۈزلەشتۈرۈش ھەر ئىككى ھادىسىنىڭ بۇرۇن كۆرۈنمىگەن تەرەپلىرىنى كۆرۈشكە، ئىلگىرى ئانچە روشەن بولمىغان جەھەتلىرىنى يورۇتۇشقا مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرىدۇ. يەنى ئۇلار بىر - بىرىگە شولا تاشلاپ بىرى ئىككىنچىسىدە، ئىككىنچىسى بىرىنچىسىدە ئەكس ئېتىدۇ.

«ئۇلۇغلار مىڭ يىللاردا گاھ - گاھ ئۇچراپ تۇرىدىغان يامبۇ. مىليون - مىليون كىشىلەرنىڭ يامبۇ ئەمەسلىكىنىڭ ئۆزىلا ئۇلۇغلارنى يېگانە قىلىپ قويىدۇ. بۇ قانۇنىيەت»①. لېكىن ئۇلۇغلار يۈكسەك مەنىدە يالغۇز ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىرى كۆتۈرۈلگەن يۈكسەكلىكتە، يۈكسەك پەللىلەردە تېپىشىدۇ ۋە غايىبانە سۆھبەتلىشىدۇ.

دانتې بىلەن نەۋائىي زامانداش ئەمەس. ئۇلارنى ئىككى ئەسىرچە ۋاقىت، ئون مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق مۇساپە ۋە پۈتۈنلەي باشقىچە دىن ھەم مەدەنىيەت قاتلىمى ئايرىتىپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۇلار ئۇچرىشىدىغان ئومۇمىي مەيدان بار. بۇ مەيدان ئاكادېمىكلار ن. ئى. كونراد ۋە ۋ. م. ژىرمۇنسكىيلارنىڭ پىكرىچە، شەرق ۋە غەرب ئۈچۈن ئورتاق ھادىسە بولغان رېنېسسانس، يەنى ئويغىنىشتۇر. ئويغىنىش پۈتۈن دۇنياغا ئورتاق ھادىسە سۈپىتىدە دانتې بىلەن نەۋائىينى يۈكسەك نۇقتىلاردا بىرلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ.

دانتې ۋە نەۋائىينىڭ ئۆز ئانا تىللىرى تەقدىرىدە ئوينىغان رولى ھەممىگە مەلۇم. «ئانا تىلىغا بولغان چەكسىز مۇھەببەت، ئۇنىڭ تەقدىرى ۋە كامالىتى ئۈچۈن مەسئۇللۇق ۋە غەمخورلۇق - مانا بۇ سۆز ئۇستىلىرىنى بىرلەشتۈرگۈچى بىرىنچى پەزىلەت. دانتې ئىتالىيان تىلىنى خەلقئارا تىزىملىكتە قانچىلىك دەرىجىدە قارار تاپقۇزغان بولسا، نەۋائىيمۇ شۇنداق ۋەزىپىنى - ئالەمشۇمۇل ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىشنى ئادا قىلدى. ئېتنىك جەھەتتىن ئاجايىپ خىلمۇ خىل، قانچىدىن قانچە شىۋىلەردە سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ تىلىغا خاس سۆزلەرنى ئەدەبىي تىل دائىرىسىگە ئېلىپ كىردى. نەۋائىينىڭ جۈرئىتى ۋە جاسارىتى، ماھارىتى تۈپەيلى ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى مۇكەممەل شەكىللىنىشكە ئېرىشتى»②.

ھەقىقەتەن بۇ ساھەدە ئىككى پېشۋانىڭ خىزمەتلىرى ئوخشاش. لېكىن بۇ خىزمەتنى سېلىشتۇرۇۋاتقانىكەنمىز، مۇھىم بىر پەرقنى ھەم قەيد قىلىش لازىم. دانتې ئانا تىلى - ئىتالىيان تىلىنى ئۇ قانداش بولغان لاتىن تىلىدىن ئايرىتتى، يەنى ئانا تىلىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەشتى ۋە ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن بۇ مۇستەقىللىقنى ئىشقا ئاشۇردى. بەدىئىي ئەدەبىياتنى خەلق ئاممىسىغا يېقىنلاشتۇردى. ۋەزىپە ئۇلۇغ ئىدى، خىزمەتمۇ شۇنىڭغا يارىشا بولدى.

ئەلشىر نەۋائىي ئالدىدا بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغراق ۋەزىپە تۇراتتى. قەدىمىي دارىي پارس تىلى يالغۇز ئىراندىلا ئەمەس، بەلكى مەركىزىي ئاسىيادىمۇ مۇتلەق نەپىس ئەدەبىي تىل دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بىر پەيتتە، (ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئىچكى تۇزۇلۇشى جەھەتتىن تۈركىي تىلغا يات تىل ئىدى) ئانا تۈركىي تىلدا ئۆز ئەسەرلىرىنى يارىتىش ۋە پارس ئەدەبىياتىنىڭ بەش يۈز يىللىق مول تەجرىبىسىنى ئۆزلەشتۈرگەن، سۇمۇرگەن ھالدا سۆز سەنئىتىنى، ئەدەبىيات پەلسەپىسىنى يېڭى بىر يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈش ئەلشىر نەۋائىيغا نېسىپ بولدى.

شائىرنىڭ پىرى ھەم ئۇستازى ئابدۇرەھمان جامىينىڭ «خىرەدنامەئى ئىسكەندەرىي» داستانى خاتىمىسىدىكى ئېتراپى:

كەچۈرسۇنلەر پارسىي تىلدا دۇر تەرگەنلەر،
دارىي تىلدا نەزم ئىنجۇسىن كەلتۈرگەنلەر.
ئەگەر ئۇل ھەم نەزمىن يازسا دارىي تىلدا،
قالماس ئىدى سۆز ئېيتىشقا كۈچ ھېچ ئەلدە.
(غاپۇر غۇلام تەرجىمىسى)

دېگىنى بەدىئىي ھەقىقەت بولسا، پارس - تاجىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى ئىئوسىف براگىنىسكىينىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى ئەينى ئىلمىي ھەقىقەتتۇر: «... پۈتۈن ئۆزىگە خاسلىقىغا قارىماي نەۋائىيغىچە بولغان ئۆزبېك شېئىرىيىتى پارسىيدىكى كلاسسىك شېئىرىيەت تەجرىبىسىنى ئۆزلەشتۈرگەن بولسا، ئەمدى نەۋائىي ئىجادىنىڭ ئۆزى يېقىن شەرق، جۈملىدىن تۈركىي ۋە پارسىي تىللىق شېئىرىيەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى رولى (تەكىد مۇئەللىپىنىڭكى - س.م) شۇنىڭدا بولدى... بۇنىڭدىكى تارىخىي تۆھپە ئەلگ ئالدى بىلەن نەۋائىيغا مەنسۇپتۇر»③.

يەنە شۇ ئالىم باشقا بىر جايدا ئۈچ ئەدەبىيات - ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي ئەدەبىياتلار ئارىسىدىكى ئالاقىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ: «ئۆزىگە خاس ئەدەبىي ھۆكۈمرانلىق ئەرەب تىللىق ئەدەبىياتتىن (IX – VII ئەسىرلەر) پارس تىللىق ئەدەبىياتقا (X IV – X ئەسىرلەر) ۋە ئۇنىڭدىن تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتقا (X V ئەسىردىن نەۋائىي، كېيىن فۇزۇلىي ۋە باشقىلار) ئۆتكەنلىكىنى» ④ تەكىتلىگەنىدى. قىسقىسى، ئەلشىر نەۋائىي بىر ئۆزى تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتقا ئۇلۇغۋارلىق بەخش ئەتتىكى، جامىينىڭ X V ئەسىردىكى باھاسى X X ئەسىردە ھەم قىممىتىنى يوقاتماي ياشاپ كەلمەكتە.

ئومۇمىيلىق ئايرىملىقتا نامايان بولىدۇ. مانا شۇنداق ئايرىم تەرەپلەردىن ئىككى پېشۋانىڭ ئاساسىي ئەسەرلىرى - «ئىلاھىي كومېدىيە» بىلەن «خەمسە» نىڭ باش قەھرىمانلىرى مەسىلىسى ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان بەزى ھالەتلەرگە دىققەت قىلىپ باقايلى.

ھازىرغىچە «خەمسە» ھەققىدە بىر قاتار تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغىنىغا قارىماي، ئۇنى بىر پۈتۈن ھالدا ئىدراك ئېتىش جەھەتتە جىددىي قەدەملەر قويۇلمىدى. ئەسەر بەش مۇستەقىل داستاننىڭ يىغىندىسى سۈپىتىدە شەرھلىنىپ، ئاساسىي دىققەت - ئېتىبار داستاندىكى ۋەقە - مەزمۇنلارغا قارىتىلدى. ئەسەرنىڭ ئاساسىي غايىسى، بەدىئىي مەزمۇنى داستانلاردىكى باش قەھرىمانلارغا - پەرھاد - شېرىن، مەجنۇن - لەيلى، بەھرام ۋە باشقىلار - بىۋاسىتە باغلىنىشلىق ھالەتلەردىن، قەھرىمانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن، يەنى ھەربىر داستاندىكى سيۇژىتلاردىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلدى. شۇ سەۋەبتىن «خەمسە» دىكى ئىپىك جەھەتلەر بىرىنچى ئورۇنغا كۆتۈرۈلدى.

«خەمسە» ناھايىتى زور لىرىكىلىق ئېپىك داستاندۇر. بۇ زور ئەسەرنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرغۇچى پېرسوناژلار، غايىلەر ھەممە بەش داستان بېشىنى بىر نۇقتىدا بىرىكتۈرگۈچى ھەممە پەردە ھازىرۇ نازىر قەھرىمان بار - ئۇ «خەمسە» نىڭ باش ۋە مۇتلەق قەھرىمانى - شائىرنىڭ ئۆزى، يەنى ئەلشىر نەۋائىيدۇر.

بۇ دەسلەپكى تىزىس ئەسەرگە، ئۇنىڭ بەدىئىي ئالىمىگە بولغان مۇناسىۋەتنى خېلىلا ئۆزگەرتىدۇ. «خەمسە» داستانلىرىدىكى ۋەقەئى مەزمۇن - بەش ھېكايەت (ئېيتايلۇق، پەرھاد ۋە شېرىن سەرگۈزەشتى) ئاجرىتىپ ئېلىنىدىغان بولسا، ۋەقەگە بىۋاسىتە باغلىق بولمىغان بابلار گويا ئارتۇقچىدەك تۇيۇلۇپ قالىدۇ.

«خەمسە» داستانلىرىدىكى ۋەقەلەر ئۆز - ئۆزىدىن ئەمەس، بەلكى شائىرنىڭ، ئەلشىر

www.uyghurkitap.com

نەۋائىينىڭ ئۇلارغا خاس مۇناسىۋىتى بىلەن قىممەتلىكتۇر.

ۋەقەلەرنىڭ ئاددىي بايانى ئەمەس، بەلكى شائىرنىڭ ۋەقەلىككە شەخسىي مۇناسىۋىتى بىرىنچى ئورۇنغا چىقىش جەھەتتىن «ئىلاھىي كومېدىيە» بىلەن «خەمسە» قانداش سىزىقلارغا ئىگە.

ئورتاقلىق ئاستىدا دائىم پەرق بولىدۇ. دانتى «ئىلاھىي كومېدىيە» نىڭ مۇئەللىپلىكىدىن تاشقىرى - باش قەھرىمانى، ئەسەر ۋەقەسىستېمىسىنىڭ ئاساسىي ئىشتىراكچىسى. «خەمسە» دە بولسا ئەھۋال باشقىچىرەك. نەۋائىي ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى، يارىتقۇچىسى. ئەمما ئۇ «ئىلاھىي كومېدىيە» دىكىدەك ۋەقەلەرگە بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلمايدۇ. ئالايلى، پەرھاد بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ تەقدىرىگە شېرىك (مەسىلەن، شاپۇرغا ئوخشاش) بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەسەردىكى ئىشتىراكى باشقىچە. نەۋائىي ۋەقەنى پەقەت بايان قىلىپلا قويمايدۇ، ئۇنى تەھلىل ۋە تەنقىق قىلىدۇ. ئۇ يۈز بېرىۋاتقان ۋە تەسۋىرلىنىۋاتقان ۋەقەلەرگە قاتمۇ قات مەنە بەرگۈچى ئالىي ھەكىم. مىسال ئۇچۇن ئالايلى، بەھرام لەشكەرلىرىگە رۇخسەت بېرىپ، شاپۇر بىلەن پەرھادنىڭ قەبرىسى يېنىدا ئەبەدىيلىك قېپقالغاندا نەۋائىي شۇنداق «پارتلايدۇ»:

قويۇپ شاھلىق، چۇ قىلدى خاكرھلىق،
چۇ ياخشى باقتى، خۇد ئول ئېردى شەھلىق.

بۇ، بىرىنچىدىن، بەھرام ھىممىتىگە مۇتەپەككۇرانە باھا؛ ئىككىنچىدىن، پۈتۈن «خەمسە» نىڭ مېغىز - مەنىلىرىدىن بىرى. تەنقىق قىلىش روھى ئەسەرنى ئىچكىرىدىن يورۇتۇپ تۇرىدۇ. تەنقىق قىلغۇچى ۋەزىپىسىدىمۇ ئەلشىر نەۋائىي - «خەمسە» نىڭ باش قەھرىمانىدۇر.

سيۇژىت (ۋەقەلەر) ئوتتۇراھال شائىرنى باشقۇرىدۇ، بۈيۈك شائىر بولسا ئەنئەنىۋى سيۇژىتقا جان ئاتا قىلىپ، ئۇنى يېڭىچە تەلقىن قىلىدۇ. نەۋائىي ئىلگىرىدىن ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ۋەقە («ئەپسانە») تېنىگە روھ كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئاساس قىلغان ھالدا يېڭى بەدىيەت ئالىمىنى يارىتىدۇ.

يازماقتىن بۇ ئىشقى جاۋىدانە،
مەقسۇدىم ئېمەس ئىدى فەسانە.
مەزمۇنىغا بولدى روھ مەيلى،
ئەفسانە ئىدى ئانىڭ تۇفەيلى.
(«لەيلى ۋە مەجنۇن»)

بۇ تۆت مىسرا پۈتۈن «خەمسە» نى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئاچقۇچ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئەسەرنى ئۇلۇغ نەۋائىينىڭ «روھ مەيلى» باشقۇرىدۇ. بۇ مۇنداقلا ئېيتىلغان شائىرانە كۆتۈرەڭگۈ سۆز بولماستىن، «خەمسە» دە مۇئەللىپ، يەنى ئەلشىر نەۋائىينىڭ ناھايىتى مۇھىم، مۇتلەق ئوبراز سۈپىتىدىكى ئورنىنى بەلگىلىگۈچى ئىلمىي قەيتتۇر.

دېمەك، مۇئەللىپنىڭ روھىي قۇۋۋىتى پۈتكۈل ئەسەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئەپسانە (تەسۋىرلەنگەن ۋەقە - ھادىسىلەر) مانا شۇ يېتەكچى كۈچكە باغلانغان، بويسۇنغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە روھ مەيلىنىڭ مۇئەييەن تەرىپىنى نامايان قىلىدۇ. روھ مۇشۇ ۋەقەلەر بايانىدا تاۋلىنىدۇ، جۇلالىنىدۇ.

«خەمسە» نى جاھان ئەدەبىياتىدىكى مۇستەقىل ۋە بۈيۈك بەدىئىي ئابىدىگە ئايلاندۇرغان باش ئامىل - ئۇلۇغ نەۋائىينىڭ روھ مەيلى دېيىش ئەينى ھەقىقەتتۇر.

ئەپسانە ۋە روھ مەيلى ئارىسىدىكى ئىككى تەرەپلىمە مۇناسىۋەت ئەسەرگە پۈتۈنلەي باشقىچە ھۆسن قوشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دېيەرلىك ئوخشاش بىر ۋەقەلەردىن نىزامىي، خۇسرەۋ دېھلەۋىي ۋە نەۋائىي پۈتكۈل مۇستەقىل ئەسەرنى يارىتىشىدۇ. ھەربىر شائىرنىڭ «روھ مەيلى» مۇستەقىل بەدىئىي ئالەمنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.

دانتى «بەزم» ئەسىرىدە سەنئەت ئەسىرىنى چۈشىنىش ۋە شەرھلەشتە تۆت خىل مەنىنى كۆرسىتىدۇ: دەسلەپكى مەنە، ئاللېگورىك مەنە (سىمۋوللۇق مەنە)، ساۋاقلىق مەنە ۋە ئانوگوگىك، يەنى ئالىي مەنە ياكى ئەسەرنى روھىي، مەنىۋى جەھەتتىن چۈشىنىش.

«خەمسە» دە بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ دەسلەپكى مەنىسى بىلەن چەكلەنمەي بەشلىكنى پۈتۈن ھالدا نامايان ئەتكۈچى ئالىي مەنىنى چۈشىنىشكە ھەرىكەت قىلماق كېرەك. دانتى نىگاھى بىلەن «خەمسە» گە نەزەر تاشلاش، بىر پېشۋا كۆزگۈسىدە پېشۋانى كۆرۈشكە ئىنتىلىش ئەدەبىيات ئىلمى ھەمدە مەنىۋىيىتىمىزنى

بىيىتىدۇ.

ئارستوتېل ـ بۈيۈك ئارەستۇ ئۆزىنىڭ «پەيدا بولۇش ۋە يوقىلىش ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە شۇنداق يازىدۇ: «مۇھەببەت دائىم بىرىكىش، ئاداۋەت، بۆلۈنۈش سەۋەبچىسىدۇر»⑤.

دانتى ئىنسانلار ئارىسىدا نىزا ۋە بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇقىنى چاچقانلارغا دوزاخنىڭ سەككىزىنچى بۆلۈكىدىن جاي ئاجرىتىدۇ. «ئۇلارنىڭ جازاسى ئۆزىگە خاستۇر: مەھكۇم بىر دائىرىنى بويلاپ تىنماي ئايلىنىدۇ. بىر نۇقتىغا يەتكەندە ئىبلىس ئۇنى شەمشەر بىلەن يېرىپ تاشلايدۇ. مەھكۇم دائىرىنى يەنە ئايلىنىپ كەلگىچە جاراھەت پۈتىدۇ. شۇ جازا يەنە تەكرارلىنىدۇ»⑥.

بۆلگۈنچىلىك سىيلىش دانتى نەزىرىدە ناھايىتى زور گۇناھ بولۇپ، پەقەت ساتقىنلىق ۋە خائىنلىقلار چوڭراق گۇناھتۇر. ساتقىنلار ۋە خائىنلار دوزاخنىڭ توققۇزىنچى دائىرىسىنىڭ تېگىدە مېتىندەك مۇزلۇق ـ كوتسىت ئىسكەنجىسىدە جازا تارتىدۇ.

ساتقىن ئادەم جازا تەرىقىسىدە يەنە بىر بۆلۈنۈش ـ بۆلۈنۈش ئۈستىگە بۆلۈنۈشكە دۇچار بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى روھىدىن ئايرىلىدۇ.

بىلىپ قوي ساتقىنلىق يۈز بەرگەن زامان،
روھ كېتىپ، ۋۇجۇدقا ئىبلىس كىرگۈسى.
ۋۇجۇد ئەۋۋەلقىدەك يۈرىدۇ ياشاپ،
تا ئەجەل توشقىچە كەچۈرەر ئۆمر،
روھ بولسا تۆۋەنگە يۇمىلغاي زىم...⑦.

ئەسەرنىڭ مۇشۇ يېرى ھەققىدە غەلىتە پىكىر مەۋجۇت. «ئىلاھىي كومېدىيە» نىڭ رۇس تىلىدىكى نوپۇزلۇق نەشرلىرىدىن بىرىنىڭ ئىزاھىدا شۇنداق دېيىلگەن: «بىتاقەت دانتى ئادالەتنى تېزرەك تىكلەش مەقسىتىدە يالغۇز ئۆلگەنلەرنىلا ئەمەس، بەلكى تىرىكلەرنىمۇ جازاغا مەھكۇم قىلىدۇ»⑧ (ئىزاھ مۇئەللىپى مەشھۇر دانتىشۇناس ئى.ن.گولېنىشېۋ ـ كۇتۇزوف).

بۇنداق تەلقىن قىلىش دانتىغا خاس بۈيۈك مەنىنى چۈشەنمەسلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. دانتى تىرىك يۈرگەن ئادەمنىڭ روھىنى دوزاختا جازالىغانىكەن. بۇنىڭدا ھەم پوئېتىك، ھەم پەلسەپىۋى مەنىنى نەزەردە تۇتقان. ئۇنىڭ نەزىرىدە ساتقىنلىق شۇنداق چوڭ ئىللەتكى، جازاغا تارتىلىشى ئۈچۈن ساتقىننىڭ تىرىك ياكى ئۆلگەن بولۇشى مۇتلەق ئەھمىيەتسىز. ئاساسىي گەپ ساتقىننىڭ روھىي جەسەتنى تەرك ئېتىپ دوزاخنىڭ تېگىگە يۇمىلىشى ۋە روھنىڭ ئورنىنى ئىبلىس ئىگىلىشىدۇر. يەنە:

باق، ئاۋۇ مۇكچەيگەن قوشنا ئەرۋاھقا،
بەلكى ئۇ ھەم يۈرەر تىرىككە ئوخشاپ.

«تىرىككە ئوخشاپ». دېمەك، ساتقىن ئادەم ۋۇجۇدىدا روھ يوق، روھ دوزاختا ئازاب چېكىدۇ، روھ ئورنىنى ئىبلىس ئىگىلىگەن. پەقەت تاشقى كۆرۈنۈشىلا تىرىككە ئوخشايدۇ. قوشاق شۇنداق يەكۈنلىنىدۇ:

سىزنىڭ ئېلەت ئارا ئەلڭ ئىپلاس، مۇرتەد،
بىر كىشىنى ئۇچراتتىم قىلغان چاغ سەپەر.
روھىي ئۇنىڭ مەھكۇم كوتسىتقا ئەمدى،
تىرىكلەرنى بولسا ۋۇجۇدى ئالدار.

ئاخىرقى بىر مىسرا ئاجايىپ تەسىرات قالدۇرىدۇ. ئۇ مەتىندىن ئاجرىتىپ ئېلىپ قارالسا، تامامەن ھېكمەتلىك سۆزگە ئوخشايدۇ. چۈنكى كۆپ ساندىكى بەندىلەر ۋۇجۇدنىڭ قۇلى، ۋۇجۇد روھنىڭ ئەركىن پەرۋازىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. روھ ئاسمىنى پەلەككە ئىنتىلسە، ۋۇجۇد ئادەمنى يەرگە پاتقۇزىدۇ. شۇ مەنىدە ۋۇجۇد تىرىكلەرنى ئالدايدۇ، ھەقىقىي ساماۋىي ماكانىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن، ئەلشىر نەۋائىي مەجنۇننىڭ تۇغۇلۇشىنى «ئەدەم مەجلىسىدىن قوتۇلۇپ، ۋۇجۇد مەھدىگە تۇتىلغانى» (يوقلۇق مەجلىسىدىن قۇتۇلۇپ، ۋۇجۇد بۆشۈكىگە تۇتۇلغىنى) دەپ تەرىپلەيدۇ («لەيلى ۋە مەجنۇن»، X باب).

شۇنداق قىلىپ، دانتى بىر ئادەم بارلىقىنى (ۋۇجۇدىنى) ئىككىگە بۆلۈپ قارىسا («... ئاداۋەت بۆلۈنۈش سەۋەبچىسىدۇر»ـ ئارەستۇ)، ئەلشىر نەۋائىي ئىككى ئادەم بارلىقىنى بىرلىكتە (ۋەھدەتتە) كۆرىدۇ. سەۋەب، بۇ ئادەملەر ئالىي نىشان ـ مۇھەببەت، ئىشق بىلەن زىننەتلەنگەندۇر. ئىشق ئۈچۈن ھەتتا ۋۇجۇدنىڭ مەۋجۇتلۇقىمۇ شەرت ئەمەس. خىسراۋ بىلەن پەرھادنىڭ مۇنازىرىسىدىن:

دېدى: قاي چاغدىن ئولدۇڭ ئىشق ئارا
مەست؟
دېدى: روھ ئىرمەس ئېردى تەنگە پەيۋەست.

ئىشق ئالىي يارىتىلىشلاردا پەرھاد روھىغا كىرگەن، زېمىندىكى ۋۇجۇد بولسا شۇ ئىشقنىڭ ئاۋۋال - ئاخىر تاپشۇرۇقىنى بېجىرىۋاتقان، خالاس.

ۋەھدەت (بىرلىك) نىڭ ئالىي نەمۇنىسىنى «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدا كۆرىمىز. لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ تىرىك ئۇچراشقان پەيتلىرى:

چۇن بىر - بىرسىنى تانىشتىلەر جەزم،
روھ ئەتتى بەدەن ھەرەمىغە ئەزم.
يەنى بەدەن ئولدى زارۇ مەجرۇھ،
مەشۇقى ئۇشۇل بەدەن ئارا روھ.
روھى قۇدسىي نوزۇل قىلدى،
خاكى تەن ئارا ھۇلۇل قىلدى،
. . . بىر جىسمدا ئىككى ئولۇپ گۇم،
بىر كۆز ئاراسىدا ئىككى مەردۇم.
ۋەسل ئەيلەدى ئىككىلىكنى باقىي،
ۋەھدەت قەدەھىنى تۇتتى ساقىي.

«ئۇلار بىر - بىرلىرىگە تەلپۈندى، شۇ چاغ روھ بەدەن ھەرىمىگە كەلگەندەك بولدى، يەنى مەجرۇھ مەجنۇن بەدىنىگە مەشۇقىسى روھ بولۇپ كىردى. مۇقەددەس روھ ئۇچۇپ كېلىپ، بەدەن تۇپرىقى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. . . بىر جىسىمغا ئىككى روھ سىڭىپ، بىر كۆزدە ئىككى قارىچۇق كۆرۈندى. ۋەسل بۇ ئىككىلىكنى باقىي ئەيلەپ، ساقىي ۋەھدەت قەدىھىنى تۇتتى»⑨.

لەيلى ۋە مەجنۇننىڭ ئۆلۈم باغرىدىكى ئۇچراشقان پەيتلىرى:

بىر نەئىشقە سالدىلەر ئىككاۋىنى،
جانسىز كېلىنۇ ئۆلۈك كۇياۋنى.
كىردى ئىككى جىسىم بىر كەفەنغە،
يوق، يوق، ئىككى روھ بىر بەدەنغە⑩.

دانتىنىڭ قارىشىدىكى بىر ئادەمنىڭ بارلىقى (ۋۇجۇدى) ئىككىگە ئاجرىلىپ، ۋۇجۇدى ئادەملەر ئارىسىدا، روھى دوزاختا قىيناقتا بولۇشى ئەلشىر نەۋائىينىڭ قارىشىچە بولسا، ئىككى ئاشىق قەلبىنىڭ روھلىرى بىرلىشىپ، بىر بەدەننى ماكان ئەيلىشى قىزىق خۇلاسىلەرگە ئۈندەيدۇ.

مۇھەببەت يوق جايدا پەسلىككە يول ئوچۇق، ساتقىنلىق سۆيگۈ دەرىخىدە ئەمەس، ئاداۋەت پۇتىقىدا يېتىلىدۇ. ئاداۋەت ئادەم بارلىقىنى (ۋۇجۇدىنى) پارچىلاپ تاشلايدۇ. مۇھەببەت ئاخىرقى ھېسابتا قانخور كۈچلەرنىمۇ بىرلەشتۈرىدۇ. بىر - بىرلىرىنى كۆرەرگە كۆزى يوق لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ قەبىلىداشلىرى ئىككى ئاشىقنىڭ قەلب ساداقىتى ئالدىدا لال بولۇپ، ئارىدىكى نىزانى ئۇنتۇيدۇ.

يەنە ئارەستۇنىڭ سۆزلىرى ئەسكە چۈشىدۇ: «مۇھەببەت بىرىكىش، ئاداۋەت بۆلۈنۈش سەۋەبچىسىدۇر».

دانتى، ساتقىن ئادەم تىرىكلىكىدە ئىككىگە بۆلۈنۈپ، روھىنى دوزاختا، شەيتانىي ۋۇجۇدىنى تىرىكلەر ئارىسىدا قالدۇرۇشقا ئالاھىدە كۈچەش ئارقىلىق، گويا: «ۋۇجۇدقا ئالدانماڭ، بەزەن ئۇنىڭدا ئادەم ئەمەس، ئىبلىس ماكان تۇتقان بولۇشى مۇمكىن» دېمەكچى بولىدۇ. ئۇ يەنە «ساتقىن ئۆزى ساتقان ئادەمنى ياكى ھەقىقەتنى ئەمەس، ئالدى بىلەن ئۆزىنى جازالايدۇ، يامانلىق ئۆزىنى ئۆزى ئىختىيارىي جازالاشتۇر» دەپ تەكىتلەيدۇ.

ئەلشىر نەۋائىي ھەقىقەتنىڭ باشقا مۇھىم تەرىپىنى ئاچىدۇ. ئەگەر ئىنسان ئاشىق بولسا، ئۇنىڭ روھى پاك بولۇپ، ئۆزىگە ئوخشاش پاك روھلار بىلەن تېپىشىدۇ، بىرلىكتە (ۋەھدەتتە) ياشايدۇ. ناپاك ۋۇجۇد بولسا ھەتتا ئۆز روھىنى تۇتۇپ تۇرالمايدۇ.

يىرىك ئەدەبىياتشۇناس ئىگور بېلزا «ئىلاھىي كومېدىيە»، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خاتىمىسى توغرىسىدا سۆز قىلغان تەتقىقاتچىلار ھەققىدە گەپ قىلىپ، شۇنداق يازىدۇ:

«قارىغاندا ئۇلارنىڭ ھېچ بىرى ‹ئىلاھىي كومېدىيە› نېمە ئۈچۈن يېگانە ماھىيەتلىك تروئىتسا (ئۈچىنىڭ بىرلىكى، يەنى خرىستىئان دىنىدىكى مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھتىن ئىبارەت ئۈچىنىڭ بىرلىكى بولغان يېگانە خۇدا) مۇشاھىدىسى بىلەن يەكۈنلەنمىگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق مەسىلە كۆتۈرۈپ چىقمىغان. نېمە ئۈچۈن كائىناتنى (ھازىرقى زامان بولغىنىدا كوسموس دېيىشكەن بولاتتى) باشقۇرغۇچى ئاخىرقى ھېسابتا ئامۇر بولدى؟

‹Iamorchemoveilsoleclatrestelle›. بۇ ئۇلۇغ داستانىنىڭ ئاخىرقى مىسراسى. نېمە ئۈچۈن دانتىنىڭ ئامۇرى «قۇياش ۋە باشقا

يۇلتۇزلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ؟» بۇ سوئالغا قەتئىي جاۋاب تېپىش غايەت مۇشكۇل»[11].

بۇنداق سوئال دەل غەربلىكلەرنىڭ ئېڭىدا پەيدا بولۇشى تەبىئىي. شەرقلىق كىشى، خۇسۇسەن شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ياخشى تونۇش ئادەم ئۈچۈن بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىش ئۇقەدەر مۇشكۇل مۇئەمما ئەمەس. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، «ئىلاھىي كومېدىيە» گەرچە غەرب زېمىنىدا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ماھىيەتتە شەرق ھادىسىسىدۇر[12].

دانتى ئىگور بېلزا ئېيتقىنىدەك، ئەسەرنى تروئىتسا (ئۈچىنىڭ بىرلىكى) مۇشاھىدىسى بىلەن تۈگەللىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن بۇ غايىۋى - دىنىي يېشىم بولاتتى، خالاس. بۈيۈك شائىرغا بەدىئىي يېشىم زۆرۈر ئىدى، بۇ يېشىمنى بولسا پۈتۈن ئەسەردىن كېلىپ چىقىدىغان بەدىئىي ۋە مەنتىقىي ئۆلچەم تەلەپ قىلاتتى. بۇ دانتىنىڭ چۈشەنچىسىدە «قۇياش ۋە يۇلتۇزلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان سۆيگۈ» تەرىزىدە نامايان بولدى. بۇ شۈبھىسىزكى، بۈيۈك يېشىم، ئۇلۇغ داستاننىڭ مۇناسىپ خاتىمىسى ئىدى.

بۇ ئورۇندا ئەلشىر نەۋائىي بۈيۈك دانتى بىلەن پىكىرداشتۇر. «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدا ئاساسىي ۋەقە تۈگىگەندە «ئەي ئىشق. . .» دەپ باشلىنىدىغان باب باركى، ئۇنىڭ ھەر بىر مىسراسى «ئىلاھىي كومېدىيە» نىڭ خاتىمىسىنى قۇۋۋەتلەپ، كۈچلەندۈرۈپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ.

ئاللانىڭ بىز بىلگەن ئەڭ ئۇلۇغ مۆجىزىلىرىدىن بىرى، بەلكى بىرىنچىسى - پۈتۈن كائىناتنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن ئادەم ۋۇجۇدى ۋە قەلبىنىڭ ئوخشاش ماس قىلىپ يارىتىلغانلىقىدۇر. بۇ نەرسە فىزىكا ۋە بىئولوگىيىلىك كەشپىياتلاردىمۇ قەيت قىلىنغان.

ئادەمنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگۈچى، ئۇنى ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنسانغا ئايلاندۇرغۇچى كۈچ، ھەزرەت نەۋائىي نەزىرىدە، ئىشقتۇر. ئۇ زات «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدا ئىشققا قارىتا دەيدۇ: «پەلەك ساڭا شۇنداق كۈچ بەرگەنكى، مىسنىمۇ ئالتۇن قىلىسەن. ئىنسان گەۋدىسىنىڭ لىبىي تۇپراقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. سەن ئىنسانغا يېقىنلاشقاچ، ئۇنىڭغا دوست بولغاچقا، ئۇ كىمياغا ئايلاندى» (نەسرىي باياندىن).

ئادەم زاتىغا شۇنداق ئۇلۇغۋارلىق بەخش ئەتكۈچى ئىشق دانتىنىڭ ئامۇرى كەبى پۈتۈن كائىناتنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرسا نەئەجەب؟!

ھەزرەت نەۋائىي «لەيلى ۋە مەجنۇن» نىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بابىدا ئىشقى مەجازى ۋە ئىشقى ھەقىقىي ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈۋېتىپ، مۇبارەك بىر خۇلاسىگە كېلىدۇ: «ئالدىنقىسىدا كىشى تازىلىنىپ ئىككىنچىسىگە ئۆتسە، ياق - ياق ئۆتۈش ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئىشقنى ئۆزىگە تارتىپ، كۆڭلىگە ۋىسالنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىسا ھەم ئۇنى پۈتۈنلەي تاراج ئېتىپ، ئۇنىڭ رەمزى شەكلىدىن ئەسەر قالمىسا، كۆرۈنىدىغان جايدا كۆرۈنمەستىن مەقسەتكە سىڭىپ كەتسە، ھاياتىي ۋە كائىناتنىڭ يارىتىلىشىدىن مەقسەت شۇدۇر» (نەسرىي باياندىن. تەكىت بىزنىڭكى - س.م) خۇلاسىنى ھەزرەتنىڭ ئۆز سۆزلىرىدىن كەلتۈرەيلى:

مەقسۇد بۇدۇر، ھاياتدىن بۇ،
بەل خىلقەتى كائىناتتىن بۇ[13].

ئىشق بۈيۈك نەۋائىي تەلقىنىدە ھايات ۋە كائىنات يارىتىلىشىنىڭ مەقسىتى ۋە ئاساسىغا قويۇلغان، دەل مۇشۇ نۇقتىدا ئۇ بۈيۈك دانتى بىلەن، ئۇنىڭ «ئىلاھىي كومېدىيە» سىدىكى رۇس دانتىشۇناسىغا غەلىتە تۇيۇلغان خاتىمە - يېشىم بىلەن ئورتاقلىققا ئېرىشىدۇ.

دانتى بىلەن نەۋائىينىڭ يۈكسەك بەدىئىي تەپەككۇر پەللىلىرىدىكى يەنە بىر ئۇچرىشىشى شۇ تەرىزدە پەيدا بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى پىكىرگە مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر مۇلاھىزە.

مەلۇمكى X VII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىنگلىز ئالىمى ئىساك نيوتون كائىناتتىكى بارچە قىسىملارنى تەبىئىتى جەھەتتىن بىر يېگانە كۈچ بىر - بىرىگە تارتىشىشقا مەجبۇر قىلىدۇ دەپ تەخمىن قىلدى ۋە پۈتۈن ئالەم تارتىلىش كۈچى بويسۇنىدىغان قانۇنىيەتنى ئېچىشنى ئۆز تەتقىقاتىنىڭ مەقسىتى قىلدى. نەتىجىدە پۈتۈن ئالەم تارتىلىش (بەزى كىتابلاردا جازىبەمۇ دېيىلىدۇ) قانۇنىنى ياراتتى. ھازىر بىزگە بۇ قانۇننىڭ فىزىكىلىق جەھەتلىرى، فورمۇلاسى

www.uyghurkitap.com

زۆرۈر ئەمەس. مۇھىمى، مانا شۇ پۈتۈن ئالەم تارتىلىش جازىبە كۈچى دانتىنىڭ ئامۇرى، ئەلشىر نەۋائىينىڭ (ئول زاتنىڭ پىرى، ئۇستازلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ھالدا) ئىشقىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئېيتىشتۇر. پۈتۈن ئالەم تارتىلىش قانۇنى ئالەمشۇمۇل سۆيگۈدىكى مىڭ بىر خاسلىقنىڭ بىرىدۇر، بەلكىم. بۇ سۆيگۈ بولسا ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك ياراتقۇچىنىڭ ئالىي بىر خىسلىتى، سۈپىتى، نەسرانىيلىقنىڭ (خرىستىيانلىقنىڭ) مۇقەددەس كىتابى «ئىنجىل»دا ئېيتىلغىنىدەك، «سۆيمەيدىغان كىشى خۇدانى تونۇغىنى يوق، چۈنكى خۇدانىڭ ئۆزى سۆيگۈدۇر»⑭.

دانتى جاھان ئەدەبىياتىدا چەكسىز ئۈمىدسىزلىككە دۇچار بولغان ئەدىبلەردىن بىرى. ئىچكى توقۇنۇشلار نەتىجىسىدە ئانا شەھىرى فلورېنسىيىدىن باش ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئادەمزات ئارىسىدا ئەۋج ئالغان ياۋۇزلۇق، خىيانەت، ساتقىنلىق، زىنا كەبى ئىللەتلەرنى ھەر قەدەمدە كۆرۈۋېرىپ دانتى ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئەزگۈلۈككە يۈز بۇرىشىدىن پۈتكۈل ئۈمىدىنى ئۈزگەن. بەلكى مۇشۇ تۈپەيلى نىگاھىنى نېرىقى دۇنياغا قارىتىپ، يەر يۈزىدىكى ئادالەتسىزلىكلەر جازاسىز قالمايدىغانلىقىنى مەجازىي يول بىلەن تەسۋىرلىگەندۇر. دانتى قەلبىدىكى چەكسىز ئۈمىدسىزلىك، زۇلمەتكە چەك قويۇپ، ئامۇر (سۆيگۈ)نىڭ ئالەمنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگۈچى كۈچ ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەنگەن ھەم بۇنى ئۇلۇغ داستانىنىڭ ئاخىرقى مىسراسىغا مۇھۇرلىگەن.

شۇ تەرىقىدە دانتى ۋە ئۇنىڭ شەرقتىكى غايىۋانە سۆھبەتدىشى ئۇلۇغ نەۋائىيمۇ ئالىي دەرىجىدىكى تراگېزمغا، ھاياتتىكى بارچە غەم - ئەلەم، جەبىر - زۇلۇم، ئۈمىدسىزلىكلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھەزىم ئەتكەن ھالدا يېتىدىغان تراگېزم ـ ئىشقا ۋىسال بولۇشقان (يەتكەن). دانتى ۋە نەۋائىي تەلقىن ئەتكەن ئىشق تراگېزمىنىڭ ئالىي چوققىسى، بەلكى ئۇنىڭ سۈپەت جەھەتتىن يېڭى ھادىسىگە ئايلانغان، بىباھا بىر كۆرۈنۈشى بولسا ئەجەب ئەمەس.

ئەمدى ئايرىم ئومۇمىي مۇلاھىزىلەرگە ئۆتەيلى.

گېگېلنىڭ «روھ ھادىسىشۇناسلىقى» ئەسىرىنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە ۋە تەتقىق قىلغان ئالىملاردىن ج. لوبېنىس ۋە پ. فاسولارنىڭ يېزىشىچە، ئەسەردىن «ئىلاھىي كومېدىيە»نىڭ غايىلەر سىستېمىسى قىزىل يىپ بولۇپ ئۆتىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، پەيلاسوپ گېگېلنىڭ كۆپ غايىلىرى دانتى شاھ ئەسىرىنىڭ نەزەرىيىۋى مەجمۇئەسىگە ماس كېلىدۇ. دېمەك، گېگېل «ئىلاھىي كومېدىيە»دە ئىمكانىيەت تەرزىدە، بەدىيەت يېپىنچىسىدا مەۋجۇت بولغان غايىلەرنى پەلسەپىۋى جەھەتتىن ئىشلەپ چىققان، يەنى ئەسەردىكى مىفنى لوگوسقا ئۆرىگەن. نەتىجىدە ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى مەنىلەر ئىزچىل پەلسەپىۋى سىستېمىغا ئايلاندى⑮.

غەلىتە بىر ھال، بىزدە پەلسەپىشۇناس ئالىملار يېتەرلىك بولسىمۇ، نەق مەنىدە پەلسەپە يوق. بۇ پىكىر جاھانغا ئارىستوتېلدىن كېيىن «ئىككىنچى مۇئەللىم» نامىنى ئالغان ئەبۇ نەسىر فارابىي، ئەبۇ رەيھان بېرۇنىي، ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنا كەبى ئەللامىلەر بىزنىڭ زېمىنىمىزدا يېتىشكەنلىكى ۋە كاتتا پەلسەپىۋى مىراس قالدۇرغانلىقىدەك پاكىتقا زىت كەلمەيدۇ. ھەر بىر دەۋر ئۆز پەلسەپىسىنى يارىتىشى لازىم ـ بۇ مەنىۋى ئېھتىياج. XX ئەسىر پۈتۈن تۈركىستان، خۇسۇسەن ئۆزبېك مىللىتى ھاياتىدا يېڭى ـ مىللىي ئويغىنىش دەۋرى بولدى. ئەسىر باشلىرىدا يارىتىلغان ئا. فىترەتنىڭ «مۇنازىرە»، «ھىندى سەيياھى»، ئا. ئەۋلانىينىڭ «تۈركىي گۈلىستان ياخود ئەخلاق» كەبى ئەسەرلىرى مىللىي پەلسەپىمىزنىڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرى ئىدى. لېكىن سوۋېت مۇستەبىت تۈزۈمى بۇ يولنى توختاتتى. نەتىجىدە ئۆزبېك پەلسەپىۋى ئېڭى راۋاجلانماي بىر ئىزدا توختاپ قالدى.

مىللىتىمىزدە، يىلتىزلىرى قۇۋۋەتلىك مەدەنىيەت بارۇ، ھەقىقىي پەلسەپە يوق. بۇنداق كەمتۈكلۈك، خۇسۇسەن مۇستەقىللىق شارائىتىدا روشەن سېزىلىۋاتىدۇ. چۈنكى مۇستەقىللىق ئىدىيىسى مىللىي پەلسەپىسىز ھېچقاچان

مۇكەممەل، تولۇق بولمايدۇ. ئۆزىگە خاس ۋە ماس پەلسەپىۋى قاراشلارسىز مىللەت چالا، بىراۋغا مەنىۋى قارام مىللەتتۇر. ئەگەر بىز چالا مىللەت بولۇپ قېلىشنى خالىمىساق، ھەزرەت نەۋائىيغا قايتىشىمىز، ئۇنىڭغا يۈكۈنۈشىمىز، ئۇل زاتتىن پەلسەپىۋى ئوزۇق ئېلىشىمىز لازىم.

ئەلشىر نەۋائىي كاتتا پەلسەپىۋى مىراس قالدۇردى. پەقەت بۇ مىراس مەنتىق تىلىدا ئەمەس، ئوبرازلار ۋە مىفلار تىلىدا. «نەۋائىي پوئېزىيىسىدە پەلسەپە ئېلېكسىرگە ئوخشاش ئېرىپ كەتكەن. ئۇ پەلسەپە ھالىدا كۆرۈنمەيدۇ» (ئابدۇللا ئارىپوف) ⑯.

ئۇلارنى پەلسەپە تىلىغا ئۆرۈش، تولۇق مەنىدىكى ئۆزبېك پەلسەپىسىنى يارىتىش ئۈچۈن نەۋائىيغا مۇناسىپ پەلسەپىۋى ئەقىللەر ـ ئاقىللار كېرەك. ئەلشىر نەۋائىيدەك داناغا ئىگە بولغان مىللەتنىڭ كاتتا پەلسەپىگە ئىگە بولماسلىقى ناتەبىئىي ھالدۇر. توغرا، بۇ جەھەتتە چار مىسسىئونېرلىرى، سوۋېت تەشۋىقاتچىلىرى كۆپ تەر تۆكۈشتى. چۈنكى بۈيۈك پەلسەپە ئىگىسى بولغان مىللەتنى قۇللۇقتا تۇتۇش قىيىنلىقىنى ئۇلار ياخشى چۈشىنەتتى. لېكىن شۇنىسى ھەم ئېنىقكى، مۇستەملىكە ئېگىدىن قۇتۇلۇش پەلسەپە ئىلمىنىڭ تىرىشچانلىقىسىز، دېمەككى، نەۋائىي پەلسەپىسىگە قايتىشىسىز بولمايدۇ.


ئىزاھلار:

① «ۋەتەن ئىچرە يەنە بىر ۋەتەن بار ـ شائىر ئابدۇللا ئارىپوف بىلەن سۆھبەت» ـ ئىبراھىم ھەققۇل، «ئەدەبىيات پەرزەنتلىرى»، تاشكەنت، 1990 ـ يىل، 169 ـ بەت.

② ئابدۇللا ئارىپوف، «ئەدەبىي قەيتلەر» ـ «ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى» گېزىتى، 1991 ـ يىل، 21 ـ مارت.

③ ئى. س. براگىنسكىي، «تاجىك مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، موسكۋا، 1997 ـ يىل، 158 ـ بەت.

④ ئى. س. براگىنسكىي، يۇقىرىكى ئەسەر، 163 ـ بەت.

⑤ ئارستوتېل، «ئەسەرلەر» (تۆت توملۇق)، 3 ـ توم، موسكۋا، 1981 ـ يىل، 428 ـ بەت

⑥ ئالگېرى دانتى، «ئىلاھىي كومېدىيە ـ دوزاخ»، تاشكەنت، 1975 ـ يىل، 186 ـ بەت (ئا. ئارىپوف تەرجىمىسى)

⑦ ئا. دانتى، يۇقىرىدىكى ئەسەر، 226 ـ بەت.

⑧ ئالگېرى دانتى، «ئىلاھىي كومېدىيە»، موسكۋا، 1967 ـ يىل، 555 ـ بەت.

⑨ ئەلشىر نەۋائىي، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، تاشكەنت، 1990 ـ يىل، 194 ـ ۋە 336 ـ بەتلەر.

⑩ ئەلشىر نەۋائىي، يۇقىرىدىكى ئەسەر، 223 ـ بەت.

⑪ ئىگور بېلزا، «دانتىنى شەرھلەش مەسىلىلىرى» ـ «دانتى ئەنجۈمەنى»، موسكۋا، 1979 ـ يىل، 72 ـ بەت.

⑫ بۇ خۇلاسە ئانچە يېڭى ياكى كۈتۈلمىگەن پىكىر بولماستىن، پروفېسسور ن. كامىلوۋنىڭ «ئىبن سىنا ۋە دانتى» (تاشكەنت، 1983 ـ يىل) كىتابىنىڭ ھەر بىر سەھىپىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئومۇمەن شەرق ۋە غەرب ئېگى ھەققىدە گەپ بولغاندا، ئۇلار قاچان بۆلۈنگەنلىكىنى ئېنىق بەلگىلەش قىيىن. چۈنكى دەسلەپ ياۋروپا تەۋەسىدىمۇ شەرقانە ئالىڭ ئۈستۈن ئورۇندا بولغان، بەلكى بۆلۈنۈش جەريانى ئويغىنىش ـ رېنېسسانستىن باشلانغاندۇر. قەدىمكى رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىن باشلاپ ياۋروپا مەملىكەتلىرى ۋە خەلقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ بويسۇندۇرغان خرىستىئان دىنىمۇ ماھىيىتى ۋە جۇغراپىي نۇقتىئىنەزەردىن شەرق مەھسۇلىدۇر.

⑬ ئەلشىر نەۋائىي، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، تاشكەنت، 1990 ـ يىل، 237 ـ بەت.

⑭ «ئىنجىل» (ئۆزبېك تىلىدا)، ستوكھولم، 1992 ـ يىل، 382 ـ بەت.

⑮ قاراڭ: ئا. ل. دوبروخوتوف، «ئالگېرى دانتى»، موسكۋا، 1990 ـ يىل، 192 ـ بەت.


ئۆزبېكچىدىن ھ. ئا. فىكرەت تەرجىمىسى

(ئۆزبېكچە «جاھان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

www.uyghurkitap.com



# پۇشكىننىڭ مەخپىي خاتىرىلىرى

— ئايالىمغا بېغىشلايمەن .

— پۇشكىن

**مۇھەررىردىن:** ئۇيغۇر خەلقىگە خۇددى ئۆز شائىرىغا ئوخشاشلا تولىمۇ تونۇشلۇق بولغان تالانتلىق شائىر پۇشكىن 1799 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى دۇنياغا كەلگەن، 1837 - يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دۇئېلدا ئېغىر يارىلىنىپ، 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن، بۇ چاغدا ئۇ تېخى ئەمدىلا 38 ياشتا ئىدى. گەرچە، ئۇنىڭ ھاياتى قىسقا بولغان بولسىمۇ، ئۇ يېقىنقى زامان رۇس ئەدەبىياتىنىڭ سىمۋولى، شۇنداقلا دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئۆچمەس نەمۇنە بولۇپ كەلمەكتە. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدا پۇشكىن «رۇس ئەدەبىياتىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق شەخس» بولۇش سۈپىتى بىلەن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا ئۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر خەلقلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ئۇلارنىڭ قەلبىگە بۇ شائىرنىڭ بۈيۈك ئوبرازى مەڭگۈلۈك ئورناپ كەتكەن.

ھالبۇكى، پۇشكىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 200 يىللىقىنى خاتىرىلەش مىنۇتلىرىدا، يەنى 1999 - يىلى ئامېرىكا M.L.P نەشرىيات شىركىتى پۇشكىننىڭ «ئالېكساندىر پۇشكىننىڭ 1836 ـ 1837 يىللىق مەخپىي خاتىرىلىرى» نى نەشر قىلىپ تارقاتقان. بۇ كىتاب 1986 - يىلى ئامېرىكىدا تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنىپ 1996 - يىلغىچە بولغان قىسقىغىنا بىرنەچچە يىلدىلا ئىنگلىز، رۇس، ئىتالىيان، نېمىس، فرانسۇز، گرېك، ئىسپان تىلى قاتارلىق 16 خىل دۇنياۋى تىللاردا ئېلان قىلىنىپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ بازارلىق كىتابلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان. بۇ كىتاب ھەتتا ئامېرىكىنىڭ ئۆزىدىلا ئىنگلىز ۋە رۇس تىلى بويىچە ئالتە - يەتتە قېتىمدىن قايتا - قايتىلاپ نەشر قىلىنغان.

بۇ كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، دۇنيا جامائەتچىلىكى ئارىسىدا زور بەس - مۇنازىرە، غۇلغۇلا بولغان. بەزىلەر بۇنداق خاتىرىلەر ئەسلا مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان دېسە، يەنە بەزىلەر پۇشكىن بۇ ئەسەرنى ئۆزى ئالەمدىن ئۆتۈپ، 100 يىل ئۆتكەندىن كېيىنلا ئېلان قىلىشقا بولىدىغانلىقىدەك ۋەسىيىتىگە ئاساسەن نەشر قىلىنغان كىتاب، دېيىشىپ قاراشقان. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بۇ كىتابتا پۇشكىننىڭ رۇسلار ئارىسىدىكى ئەڭ سەتەڭ سانالغان ناتالىيە بىلەن توي قىلىش جەريانى، ئايالىغا چار پادىشاھنىڭ كۆز قىزارتىشلىرى ۋە پۇشكىننىڭ رەقىبى، شۇنداقلا كېيىنكى كۈنلەردە ئايالىنى ئىنىدەككە كەلتۈرۈۋالغان دانتىس بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا پۇشكىننىڭ ھەر بىر چىرايلىق قىزلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن گۈزەللىك، شېئىرىي مەنبە ئىزلەش جەريانلىرى، پاھىشىخانىلاردىكى قىلمىشلىرىدىن ئۆكۈنۈش تۇيغۇلىرى تەپسىلىي ھەمدە تەبىئىي رەۋىشتە ئىپادىلەپ بېرىلگەن. بۇ خاتىرىلەر شۇ قەدەر جانلىق، شۇ قەدەر سەممىيلىك بىلەن يېزىلغان بولغاچقا، پۇشكىن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى شاھانە ئورنىدىن بىراقلا بىزنىڭ ئارىمىزدىكى بىزگە ئوخشاشلا گۆش - قېنى، ئۇستىخىنى بار ئاددىي بىر ئادەمگە ئايلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئەسەر پۇشكىننىڭ كىشىلەر قەلبىدە ئاللىقاچان تىكلىنىپ بولغان مۇقەددەس ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويىدۇ، دېيىپ قاراشقان بولسا كېرەك. بىز پۇشكىن ھەققىدە يەنىلا يۈزە بىلىمگە ئىگە، شۇڭا ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن ماتېرىياللارنىڭ كەڭرەك بولغىنى ياخشى. بىز مۇشۇ مەقسەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ مەخپىي خاتىرىلىرىنىڭ باش قىسمىنى دىققىتىڭلارغا سۇندۇق.

* *

ئالدىن بېرىلگەن بېشارەت راستقا ئايلانماقتا ـ مەن دانتېسنى[1] دۇئېلغا چوشۇرىمەن. مانا بۇ ئاشۇ گېرمانىيىلىك ئايالنىڭ[2] مېنىڭ كەلگۈسىمدىن بېشارەت بېرىپ: «سېرىق چاچلىق بىر ئەرنىڭ قولىدا ئۆلىدىكەن» دېگىنى شۇ ئەمەسمۇ؟ مەن تەقدىرنىڭ قۇدرىتىنى ھېس قىلىپ يەتمەكتىمەن، ئۇنىڭ راست بولۇپ چىقىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن. بىراق مەن دۇئېلدىن ئۆزۈمنى چەتكە ئالالمايمەن، چۈنكى ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈشى ئۆلۈمدىنمۇ يامان.

ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈشى مەن ئۆزۈم تېرىغان قاباھەتلىك مېۋە. ئۇنىڭ شاخلىرى مېنى چىرمىماقتا. دانتېس مېنىڭ ياخشى بولمىغان خاراكتېرىمنىڭ جاجىسىنى بېرىش ئۈچۈن تەقدىر تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن. خۇددى ياقۇپ خۇدا بىلەن ئۇرۇشقاندەك مەنمۇ دانتېسقا جەڭ ئېلان قىلىمەن. مۇبادا، مەن يېڭىلىپ قالغۇدەك بولسام خۇدانىڭ ئەمىر ـ مەرۇپلىرىغا قارشى چىققان، بەلكى ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى ساماۋى جەننەتنىڭ ئالتۇن كۇرسىغا ئېلىپ چىققان بولىمەن.

زاماندىشلىرىمنىڭ مېنى كېيىنكى ئۇممەتلىرىمچىلىك چۈشەنمەيدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ، مەن ناتالىيە[3] ۋە باللىرىم ھاياتلا بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىشىم كېرەك. شۈغىنىسى، روھىمنى قەغەز يۈزىگە تۆكۈشتىن باشقىسى قولۇمدىن كەلمەيدۇ، يېزىقچىلىق مانا مۇشۇ خىل قۇتقۇزۇپ بولمايدىغان كىبىرلىكنىڭ نەق ئۆزى. بۇ كېبىرلىك ھەمىشە تولىمۇ ئەجەللىك كېلىدۇ. ئەگەر، مېنىڭ ئۆز روھىمنى ھەقىقىي يوسۇندا ئاشكارىلىغان بۇ يازمىلىرىمنى زاماندىشلىرىم كۆرۈپ قالىدىغان بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاشتىن يانمايدۇ. بىراق كەلگۈسى ئەۋلادلار مېنى ياكى مېنىڭ بالا-چاقىلىرىمنى ھېچنەرسە قىلالمايدۇ. چۈنكى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئەيىبلەنگەن رەزىللىكلەرمۇ پاك تارىخقا ئايلىنىدۇ. تارىخ ھازىرقى رېئاللىققا ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭدا نە خېيىم ـ خەتەر مەۋجۇت ئەمەس، نە ئادەمنى جىنايەتكار قىلمايدۇ، پەقەت ئادەمنى سوغ كۆلدۇرۇپ سەگەكلەشتۈرىدۇ.

مەن ئۆزۈمنىڭ گۇناھ، سەۋەنلىك ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى قەبرەمگە ئۆزۈم بىلەن بىرگە ئېلىپ كېتىشنى؛ ئۇلارنىڭ خاتىرە مۇنارىمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىشىنى خالىمايمەن. بۇنىسى بەكمۇ مۇھىم ئىش.

يەنە 200 يىللار ئۆتۈپ، رۇسىيىنىڭ سىنزورلۇق تۈزۈمى بىكار قىلىنىدىغان ۋاخ كەلگەندە، ئاۋۋال باكوپنىڭ[4] ئەسەرلىرى، ئاندىن قالسىلا ئىككىنچى بولۇپ مېنىڭ بۇ خاتىرىلىرىم ئېلان قىلىنىدۇ، گەرچە چاررۇسىيىدە سىنزورلۇق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشىنى تەسەۋۋۇر ۇمغا ناھايىتى تەستە سىغدۇرۇۋاتقان بولسامۇ. بۇ، مۇنۇ خاتىرىلەرنىڭ كەلگۈسىدە ياۋروپادا، بولۇپمۇ ئامېرىكىدا نەشر قىلىنىش ئېھتىماللىقىنىڭ كۆپرەكلىكىنىڭ بېشارىتى. مەن ئۇ ۋاقىتچىلىك ياشىيالمايمەن، ھەتتا مېنىڭ سۆڭەكلىرىممۇ ئۇ ۋاقىتلارغا بارغىچە چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كېتەر، بۇنىسى بەكمۇ قورقۇنچلۇق.

مەن مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقان قوللىرىمغا قاراپ ئولتۇرۇپ، قولۇمنىڭ ئاللىقاچان جېنى چىقىپ قۇرۇپ كەتكەندەك، ئۆزۈمنى بولسا بىر پارچە سۆڭىكىم يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەندەك تۇيغۇدا بولۇشقا تىرىشىپ باقتىم. بۇنداق قىسمەتنىڭ كېلىشىنىمۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ، بۇنى ئوخلاپ چۈشۈمدىمۇ كۆرەلمەيمەن. ئۆلۈمنىڭ راستلىقى قارشى تۇرۇپ بولماس ھەقىقەت، گەرچە بىز ھەر قىسما يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرگە قىلچە ئويلىنىپ باقمايلا ئىشىنىپ قالساقمۇ بۇنى تەسەۋۋۇرىمىزغا بەكمۇ تەسلىكتە سىغدۇرىمىز.

* *

دېلۋىگنىڭ[5] ئۆلۈشى قورقۇنچلۇق بېشارەت، گېرمانىيىلىك رەممالنىڭ ئالدىن ئېيتقانلىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمى ئەمدىلىكتە راست بولۇپ چىقىۋاتىدۇ. ئەينى چاغدا مەن بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەپتىكەنمەن، بىراق ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى شۇ تاپ مېنىڭ بېشىمغا كېلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. تويۇم بولغاندا، ئۆزۈك يەرگە چۈشۈپ كەتكەن، شامىمۇ ئۆچۈپ قالغانىدى. ئۇ

---

① دانتېس (1812 ـ 1895) پۇشكىننىڭ باجىسى ۋە رەقىبى، 1833 ـ يىلى دانتېس فرانسىيىدىن چاررۇسىيىگە كېلىپ، چاررۇسىيىدىكى داڭلىق قوشۇننىڭ ئوفىتسېرى بولۇپ قالغان. 1837 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10-كۈنى پۇشكىننىڭ قېينىسىڭلىسى كاتېرىنىنا بىلەن توي قىلغان. 1837 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى دۇئېلدا پۇشكىننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

② گېرمانىيىلىك رەممال ئايال A. F. كىخگوف. ئۇ، پۇشكىنغا تۆت قېتىم رەم سالغان، ھەممىسى دېگەنلىرىدەك توغرا بولۇپ چىققان. ئەڭ ئاخىرىدا سالغان رەمدە: ئەگەر، پۇشكىننىڭ 37 يېشىدا ئېگىز بوي، سېرىق چاچلىق بىر ئەردىن بەختسىزلىككە ئۇچرىمىسا، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى مۇمكىن، دېيىلگەن.

③ ناتالىيە نىكولايېۋاپۇشكىن (1812 ـ 1863)، پۇشكىننىڭ ئايالى.

④ ئىۋان سىمنوۋىچ باكوپ (1732 ـ 1768)، چاررۇسىيىنىڭ سېرىق ئەسەر يازغان شائىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى چاررۇسىيىدە زادىلا ئېلان قىلىنىپ باقمىغان

⑤ دېلۋىگ (ئانتون ئانتونوۋىچ دېلۋىگ، 1831.1798) ، چاررۇسىيىنىڭ شائىرى، پۇشكىننىڭ دوستى.

www.uyghurkitap.com

ئىش، بۇ تويىنىڭ خەيرلىك بولمايدىغانلىقى، ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىغا مېنى چوڭقۇر ئىشەندۇرگەنىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆز كەلگۈسىمىزدىن ئۆزىمىزنىڭ بېشارەت بېرىشى ئىدى.

مەن ئۆز جاسارىتىمنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن توي كېچىسىدىكى يوسۇنلار، ئەڭ ئاخىرى ناتالىيەنى ئىلكىمگە ئېلىش شادلىقى بىلەن كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇردۇم. بۇ تويىنىڭ ماڭا مەڭگۈلۈك خۇشاللىق ئېلىپ كېلىشىنى خۇدادىن تىلىدىم.

بىر خىل كەمكۈتسىز، مۇكەممەل بەختكە ئىنتىلىش مەندە توي قىلىش ئويى پەيدا قىلغانىدى. بەرھەق، مېنىڭچىمۇ توي قىلىش شاللاق ۋە ھېچ ئىش خۇش ياقمايدىغان يەلقاۋ خاراكتېرىمنى داۋالايدىغان ئەڭ ياخشى دورا ئىدى. بۇ، ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئۆزۈمنى ئۆزگەرتىش ياكى بارلىق جاسارىتىمنى ئىشقا سېلىپ ئۆزۈمنى يېڭىلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز - ئۆزۈمدىن قېچىش ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئىش ئىدى.

ناتالىيەگە ئېرىشىش بەختى مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن بولسا كېرەك. مەن ناتالىيەنى ئانىسىنىڭكىدىن كۆچۈرۈپ كېلىدىغان بۇ سودىدا مېنىڭ تويغا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشىراق چىقىشىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھەرقانداق قىز مېلى تەلىپىنى قۇربان قىلىۋەتتىم. چاي ئىچكۈزۈلۈپ توي قىلغۇچە ئارىلىقتا مەندە تويدىن كېيىن قانداق ئۆزگىرىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى، توي قەسىمگە سادىق بولغىنىمدا تۇرمۇشۇمنىڭ قانداق ھالغا كېلىپ قالىدىغىنىنى ئالدىن قىياس قىلالىتتىم. سەۋەبى، مەن توي قەسىمگە پۈتۈنلەي چىن ھېسسىياتىم بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتاتتىم.

مەن ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئادەتتە خۇدانىڭ ھەر قۇتلۇق كۈنلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا قىچىقى بار قىز - خوتۇنلاردىن تۆت - بەشى بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتەتتىم. مەن ئۆزۈمنى ھەر قىسىما قىز - خوتۇنلارغا كۆندۈرگەن، خوتۇنلارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ۋاقتىدىكى ئادەتلىرى بىلەن بەش قولدەك پىششىق تونۇش بولۇپ كەتكەن، بىر ئايالنىڭ باشقا ئاياللارغا ئوخشىمايدىغان پەرقلىرىنى قانداق پەيدا قىلىشلىرىغىچە پۇختا ئىگىلىگەن. بۇنداق ھەر خىلدىكى ھالەتلەر مېنىڭ ھېسسىياتىمنى سۇسلاشتۇرۇپ قويماستىن، ئەكسىچە ئاشنا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش مېنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشۇمنىڭ ماھىيىتىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

ناتالىيەنى تۇنجى كۆرگىنىمدە، ئەمدى بۇنداق ئاشنا ئالماشتۇرۇپ يۈرۈشنىڭ ئورنى قالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم. مېنىڭ ئۇنى ئىلكىمگە ئېلىشتىن ئىبارەت كۈچلۈك ئارزۇيۇم، ئۇنىڭ بىلەن تېزلا توي قىلىۋېلىشقا ئېلىپ كەلدى. بۇنداق ھال مەندە بۇرۇنمۇ كۆرۈلگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ قېتىمقىدەك ئۇنچىۋالا كۈچلۈك بولۇپ باقمىغان. مېنىڭ چېكىپ تاللىۋالغان قىزلىرىم ئارىسىدا، ھېچقايسىسىغا بۇنچىلىك باغلىنىپ قالمىغانىدىم. مېنىڭ ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش تەكلىپىم ئاخىر مەقبۇل كۆرۈلگەندە، ئۇنىڭ بىلەن بەربىر توي قىلىدىغان بولغاچقا بۇ شارائىتىم ئۇنىڭ بىلەن پىنھانلاردا ئۇچرىشىشىمغا قولايلىق يارىتىپ بەرگەنىدى. مەن ئۇنى باغرىمغا چىڭ باساتتىم، قوللىرىم ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كۆكسىگە قاراپ سىلجىيتتى، كۆكسىنى بارماقلىرىم ئارىسىغا ئېلىپ ئۇۋۇلايتتىم. بارماقلىرىم ئۇ يەردە ھە دېگەندىلا جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە باشلايتتى. ناتالىيەنىڭ يۈزلىرى چوغدەك قىزىرىپ كېتەتتى، شۇنداقتىمۇ مېنىڭ بۇ قوللىرىمنى نېرى ئىتتىرىۋەتمەيتتى، ئۇ قۇلىقىمغا ئاستا شىۋىرلاپ: «ئۇ. . . ئۇنداق قىلماڭ، ھېلى بىكار ئاپام كۆرۈپ قالىدۇ» دەپلا قوياتتى.

ئۇنىڭ ئاپىسى بەئەينى بىر قانجۇقنىڭ ئۆزى ئىدى، ئۇ ھەرقانداق بىرسىگە چېپىلىپلا يۈرەتتى. چۈنكى ئۇنى فروتىنىيەلىزاۋودتا① ئات باقاردىن ئۆزگە ھېچكىم ئۇنىڭ پاقىسىنى قاندۇرۇپ قويۇشنى خالىمايتتى. مېنىڭچە، ئۇ مەن بىر ئىش قىلسامۇ ياق دېمەيتتى، بىراق ئۇنداق قىلىشقا مېنىڭ زىنھار كۆڭلۈم كۆتۈرمەيتتى. ئۇ، بىرنەچچە قىزىنى ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، خۇددى موناستىردىكى موناخلاردەك چىڭ تۇتاتتى. مەن ناتالىيەنىڭ ئىككى ھەدىسىگە قاراپ، ئاشۇ موناستىر مېنىڭ بولغۇسى ئۆيۈم بولۇپ قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. كۆيئوغۇل بولۇش ئالدىدا تۇرغان مەندەك بىر ئادەمدە ئەنە شۇنداق گۇناھلىق خىياللارنىڭ باش كۆتۈرۈشىدىن ساقلانمىقى تەس. بىراق ئۇلارنىڭ كاللامدىكى تەسىرىدىن قۇتۇلمىقىم تېخىمۇ تەس.

مەن بۇ راھىبەمنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا، ئاستا - ئاستا ئۇنى ماھارەتلىك بىر مەشۇقۇمغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇناتتىم. شۇغىنىسى، ھەر خىل پىلانلىرىم ئەمەلگە ئاشماي بەربات بولۇپ كېتەتتى، بەلكىم مېنىڭ ئۇنى تا ھازىرغىچە سۆيۈشۈمگە سەۋەب بولغان نەرسىمۇ شۇدۇر.

بىزنىڭ شېرىن ئېيىمىز، لەزىز تەربىيەتلەر ئارا سۇدەك تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنىمۇ سەزمەيتتۇق: مەن ئۇنىڭ بەدەن تىلىنى ئوقۇپ

① پۇشكىننىڭ قېينئاتىسىدىن قالغان زېمىن.

چۈشىنىشنى ئۆگەنسەم، ناتالىيەمۇ مېنىڭ تىلىمغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشنى ئۆگىنەتتى. مېنىڭ بۇنداق ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇشۇم ۋە ئۇنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن بارغانسېرى ئۇ لەززەتكە چىدالماي نالە - غەمزە قىلىدىغان بولۇۋاتاتتى. بۇ نالەشلەر قۇلىقىمغا مۇزىكىدىنمۇ يېقىملىق ئاڭلىناتتى.

مانا شۇنداق غايىبانە بىر نازىنىنغا ئېرىشىش، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ قىزلىقى بىلەن ئېرىشىش ھەقىقەتەنمۇ ئەرلەر ئۈچۈن ئەڭ زور بەخت. بەخت لەززىتى بەكمۇ كۈچلۈك ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە چىداپ بولمايتتى. مەن يېڭىياچە ئېرىشكەن ئايالىمغا ئەسىر بولغىنىمدا، ئۇنى تىنالمىغۇدەك دەرىجىدە مەھكەم قۇچاقلايتتىم، بۇ چاغدا ئۇنىڭ يارامسىز قىلىقلىرىنى سېزىپ تۇراتتىم، بۇ قىلىقلارغا ئۇ تېخى تولۇق كۆنۈپ بولالمىغاچقا، ئۇ يەنىلا ئۇيۇلاتتى. مەن قۇلاقلىرىمغا ئۇنىڭ ئوتتەك نەپەسلىرى ئۇرۇلغىنىنى سېزەتتىم. بۇ، تەڭرى يارىتىۋاتقاندىلا ھېس قىلىپ يەتكىلى بولىدىغان بىر خىل ھاياجانلىق ھالەتلەر ئىدى.

* *

مەن ماڭا ئوخشاش مايمۇن يۈزلۈك، پەتەك بىر كىشى بىر ئىلاھىگە ئېرىشتى، دەپ ئۆز تەبىئىتىمنى ئىزچىل ئالداپ كەلگىنىمنى ھېس قىلاتتىم. ھالبۇكى، ئۇ مېنىڭ بەزىدە قالتىس سۆيۈملۈك بولۇپ كېتىدىغان تەرەپلىرىمدىن قىلچە ھوزۇر ئالالمايتتى، چۈنكى ئۇ مېنى باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندىلا ئاندىن مەندىن ھوزۇر ئالالايتتى، ئۇنىڭ بۇ تەرىپىنى كەچۈرگەيسەن، پەرۋاردىگارىم.

دەسلەپكى مەزگىللەردە، بىز قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ھەرقانداق ئوي - پىكىرلەرنى بىر - بىرىمىزدىن يوشۇرۇپ يۈرمەسلىككە كېلىشكەندۇق. شۇنىسى كۆڭۈلمگە بەش قولدەك ئايان ئىدىكى، مەن بۇ ئەھدىگە ئەمەل قىلىپ بولالمايتتىم. لېكىن ناتالىيەنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل تويغۇ شەكىللەندۈرۈشنى، ئۇنىڭ پىكىر - خىياللىرى ۋە قانداق ئىستەكلەردە بولۇۋاتقىنىنى ماڭا ئېيتىپ تۇرغۇزۇشنى ئويلىغانىدىم. مەسىلە شۇنىڭدىكى، ئۇ ماڭا نېمىلەرنىلا ئېيتمىسۇن، مېنىڭ ئاچچىقلانماسلىقىم كېرەك ئىدى. ئۇ، بەزى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىۋاتقىنىدا، مەن بۇ ئەھدىگە ئاساسەن ئۇنىڭ ئالدىدا رەشك ئوتى ۋە غەزەپ - نەپرىتىمنى ئامالىنىڭ بارىچە بېسىشقا تىرىشاتتىم.

ناتالىيە بىزنىڭ ئەھدىمىزگە سەممىيلىك بىلەن ھۆرمەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭدىن ھەرقانداق بىر شەكىلدىكى جىنسىي ئىشلىرى بار - يوقلۇقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ يوشۇرماستىن ئېيتىپ بەردى. ئۇ، 14 ياشلارغا كىرگەندە ئاپىسى ۋە ئىككى ھەدىسى بىلەن تەكلىپكە ئاساسەن چار پادىشاھ[1] ئوردىسىدىكى بەزمىگە قاتنىشىپتۇ. ئۇ، مېھمانلار ئارىسىدىكى بىر يەردە نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ يۈرسە، ئوردىنىڭ چىرايلىق بىر ئايال مۇلازىمى ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە، ئۇنى پادىشاھنىڭ بىر كۆرگۈسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. مېنىڭ بۇ بايقۇشۇم قورققىنىدىن غال - غال تىترەپ، ھېلىقى ئوردا مۇلازىمىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپتۇ. ئوردا مۇلازىمى ناتالىيەنى كۈتۈپخانىغا باشلاپ كىرىپتۇ، قارىسا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا چار پادىشاھ ئولتۇرغان. ئوردا مۇلازىمى ناتالىيەنى چار پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپ كۈتۈپخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدۇرۇپ، نەگىدۇر غايىب بوپتۇ. چار پادىشاھ ئورنىدىن قوپۇپتۇ - دە، كرېسلوغا قاراپ كېلىۋېتىپ، ئۇنى يېنىدا ئولتۇرۇشنى ئېيتىپتۇ. چار پادىشاھ ئۇنىڭدىن بىرنەچچە سوئال سوراپتۇ ھەمدە سوئال سورىغاچ ئۇنىڭ يوپكىسىنى بارا - بارا ئۈستىگە قايرىشقا باشلاپتۇ. ناتالىيە قىمىر قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، ئۇنىڭ سورىغانلىرىغا ئامال بار ئىنچىكىلەپ جاۋاب بېرىپتۇ. كېيىن، بىرسى ئىشىكنى چېكىپتۇ، چار پادىشاھ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۇنىڭ يوپكىسىنى ئەسلىدىكىدەك تۈزەشتۈرۈپ قويۇپتۇ - دە، بۇ كۈتۈپخانىدىن ئايرىلىپتۇ. ئوردا مۇلازىمى شۇ زامات كىرىپ كەپتۇ، ناتالىيەنى بەزمىخانىغا ياندۇرۇپ ئەكىرىپ قويماقچى بوپتۇ، بۇ چاغدا باشقا مېھمانلار تېخىچە تازا قىزىشىپ تانسا ئوينىشىۋاتقانىكەن.

ناتالىيەنىڭ ئاپىسى قىزىنىڭ يوقاپ كەتكىنى ئۈچۈن غەم قىلىپ تۇرغاندا، ئوردا مۇلازىمى ئۇنىڭغا، قىزىنى چار پادىشاھ چاقىرتىپ، كۆرۈپ باققانلىقىنى ئېيتقاندىلا ئاندىن ئاپىسىنىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشۈپتۇ. بىراق ئۇ ناتالىيەنىڭ چىرايىغا گۇمان بىلەن قاراپتۇ. باياقى ئىشلار ناتالىيەنى بەكمۇ ھاياجانغا سېپتۇ، ئۇلار ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن ئاپىسى ئۇنى ئۆز ھۇجرىسىغا چاقىرىپ ئۇنىڭ چار پادىشاھ بىلەن ئايرىم يەردە بىرگە بولغان - بولمىغانلىقىنى سوراپتۇ. ناتالىيە كۈتۈپخانىدا ئۇلار ئىككىسىدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى، ئەمما چار پادىشاھنى بىرسى چاقىرىپ ئەكەتكەچكە ئۇلارنىڭ كۆپ پاراڭلاشقۇدەكمۇ ۋاقتى چىقمىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

- سەن ئادەمنى كولدۇرلىتىۋاتىسەن! - مەن ئامالىنىڭ بارىچە ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ

---

① چاررۇسىيىنىڭ چار پادىشاھى نىكولاي پاۋلوۋىچنى كۆرسىتىدۇ (1796 - 1855).

www.uyghurkitap.com

سوغۇققانلىق بىلەن شۇنداق دېدىم. بەلكىم ئۇ، بۇ چاغدا مېنىڭ چىشلىرىمنىڭ غۇچۇرلاشلىرىنى ئاڭلاپمۇ قالغاندۇ. خوتۇنۇم جاۋابەن، يالغان سۆز بىلەن خۇشى يوقلۇقىنى، ئاپىسىغا ئېيتقانلىرىنىڭ تامامەن راست ئىكەنلىكىنى، ئاپىسىنىڭمۇ ئۇنىڭدىن ئارتۇقچە بىرنەرسىلەرنى سوراپ يۈرمىگەنلىكىنى ئېيتتى.

كاتىرىن① ئوردا مۇلازىملىقىغا تاللانغاندا، ئۇنى مەن ئوردىغا كۆچۈپ بېرىشقا قويمىغانىدىم، بۇ ئىش چار پادىشاھنىڭ تازا چىشىغا تېگىپتۇ.

چار پادىشاھ ناتالىيەنىڭ توي قىلغانلىقى ئۈچۈن سوۋغا ئورنىدا پۇل ئەۋەتكەندە، ئۇ ناھايىتى ئۇڭايسىزلىنىپ كەتتى، مەن بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ تۇردۇم. بىز ساسكىيىسەيروغا② كۆچۈپ بارىدىغاندا، ئۇ ئىمكان قەدەر چار پادىشاھنىڭ كۆزىدىن يىراقراق تۇرۇشنى ئويلايتتى، بىز پىيادە ئايلانغانلىرىمىزدا ئۇ ھەمىشە دالدا جايلارنى تاللاپ ماڭاتتى. بىراق بىر كۈنى بىز كۆل بويىنى بويلاپ ئايلىنىپ يۈرۈۋاتقىنىمىزدا، نەق چار پادىشاھ ئەر-خوتۇن ئىككىسىگە ئۇچرىشىپ قالدۇق. پادىشاھ ناتالىيەنى چاقىرىپ ئۇنى ئوردىغا بېرىپ ئويناپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى. ناتالىيە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماڭا ناھايىتى ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئۆزىنىڭ بۇنداق ئاممىۋى سورۇنلاردا جامائەتنىڭ ئالدى بولۇپ قېلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ گەپلەر ئاڭلىماققا ئادەمدە گۇمان تۇغدۇرماي قالمايتتى، سەۋەبى، ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئېيتقان يۈرەك سۆزلىرى مەن سورىغاندىن كېيىنلا ئېيتىلغان گەپلەر ئىدى، شۇڭا ناتالىيەنىڭ بۇ گەپلىرىدە تىلغا ئالغۇدەك يېڭى مەنە يوق ئىدى، مەنمۇ ئۇنىڭ نېمە دەيدىغىنىنى بۇرۇنلا بىلەتتىم.

مەن، ئۆز خوتۇنۇمنىڭ ھەققەتەن چار پادىشاھنىڭ «قونچىقى» بولۇپ قېلىشنى بايقاشنى زىنھار خالىمايتتىم. چار پادىشاھ خانىشقا ئۇلۇغ قەسەملەرنى بەرگەنىكەن، شۇڭا ئۇ ئۆز ئايالىدىن باشقا ھەرقانداق بىر ئايال بىلەن مۇناسىۋەت قىلماسمىش. ھالبۇكى، ئۇ ئۆز ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن بىر توپ قىزلار ئۇنىڭغا يېپىشقىنىدا، ئۇ ھەمىشە ئۇلارغا كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ ئۇنىڭ ئالدىدا چاتىراقلىرىنى كېرىپ تۇرۇشقا پەرمان بېرەتتى. كەڭ كېرىلگەن چاتىراقلارنىڭ ئوتتۇرىسى، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ پىتىنى چاقىدىغان جاي ئىدى، ئۇ، بۇ يەردىن ئايرىلغان چاغدىمۇ ئۇ يەرگە تەگمەي قالمايتتى. خانىشنىڭ بۇلاردىن تولۇق خەۋىرى بار ئىدى، ھالبۇكى، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى قەسىمگە ئەمەل قىلمىغانلىق دەپ قارىمايتتى.

ئوردا مۇلازىم قىزلىرىنىڭ تالايلىرى چار پادىشاھنىڭ مانا شۇ خىل تېتىقسىزلىقلىرىغا يولۇققان، بىراق ناتالىيە ئۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى گۇناھسىز، دەپ گەپ تالاشتى.

خوتۇنۇم چار پادىشاھنىڭ يەنە ئۆزىگە يېقىنلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپلا يۈرەتتى. مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەردىم ھەمدە ئۇنىڭ چار پادىشاھقا، ئەگەر ئۇنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىدىغان بولسا، مېنىڭ كۈنچىلىكىمنىڭ قاتتىقلىقىنى، بەلكى ئۇنىڭ ئىنچىكە بېلىنىڭ تۈۋىنىنى كۆرۈش قەستىدە بولغان ھەرقانداق بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاشقا قەسەم ئىچكىنىمنى، بۇ پىكرىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئېيتتىم. كېيىن، خوتۇنۇمنىڭ ھۆددە قىلىپ ئېيتىشىچە، مېنىڭ شۇ گېپىمدىن كېيىن، چار پادىشاھ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشماقچى بولغاندا ئەپلىك بىر پەيتنى تېپىپ گېپىمنى يەتكۈزگەنمىش. چار پادىشاھ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭغا ئىككىنچىلەپ يېقىنلىماپتۇدەك. چار پادىشاھنىڭ مەندىن قورقۇپ قالغانلىقى ماڭا ئايان. ئەگەر، مەن ئۆلۈپ كەتسەم ئۇنىڭ ئاغزى قولىقىغا يېتىدۇ. ئاناڭنى. . . !

مەن بۇ چاغدا ناتالىيەنى ئەھدىسىدە تۇرۇشقا قىستىغىنىمدىن پۇشايمان قىلىپ قالغانىدىم، ئەمما مەن بۇ ئەھدىنىڭ بارلىق خۇشاللىق ۋە ئازابلىرىغا سەل قارىماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغان ھەرقانداق بىر ئاقىۋەتكە تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدىم. ئايال بولغان كىشى ھېچنەرسىنى سەزمىسە، ئۇنىڭ ئېرى بولغان ئادەم يېشىل بۆك كىيىپ قېلىش خەۋپى بار. ئەمما تاش پاقا بولۇپ قېلىش كىشىنى تولىمۇ يىرگەندۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا چىداپ بولمايدۇ. دۇنيادا ئەر بولغۇچىنىڭ گۆشباش بولۇپ قېلىشنى مەنچىلىك خالىمايدىغانلار يوقتۇر، ئۇلارنىڭ بېشىغا كىيگىنى يېشىل بۆك، باشقىلار بۇنى كۆرۈپ يېتەلمەيدۇ، بۇنى پەقەت مەنلا بىلگىنىمدىن تولىمۇ خۇشالمەن.

مەن بىر قېتىم، گۈزەللىمىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆز كۈچ - قۇدرىتىمنى يەنە بىر كۆرسىتىپ قوياي دەپ تەمشەلگىنىمدە، ئۇ:

— سىزگە كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلغۇم بار، — دەپ قالدى.

— نېمە ئىش؟ — مەن تەقەززالىق ئىلكىدە قولىقىمنى دىڭ تۇتتۇم.

— مېنىڭ ئۇنداق قىلغۇم يوق، ئۇيقۇم كېلىپلا تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ روھسىز ھالدا.

مەن خۇددى تاغدەك يۈك يەلكەمدىن غۇلاپ

① كاتىرىن نىكولايېۋا گونچارېۋا (1809 ـ 1843)، پۇشكىننىڭ قېيىناچىسى.

② پېتىربۇرگنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بىر بازار بولۇپ، ئۇ چار پادىشاھنىڭ يازلىق ھەرەمخانىسى جايلاشقان جاي.

چۈشكەندەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم.

شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇنى ئۇخلاۋاتقاندا ئويغاتماسلىققا كېلىشتۇق. يېنىمدا ئۇيقۇغا كەتكەن بىر ساھىبجامالنىڭ، سەن ئۇنى سۆيىمەن دەپ ئويغىتىۋېتىشكە بولمايدۇ. مانا بۇ تۇرمۇش، تۇرمۇش چۆچەك ئەمەس.

* *

بىز ئەر - خوتۇن ئىككىمىز بىر قېتىم ئۆتۈشۈپ قالدۇق، مەن ئۇنىڭغا ھەرقانچە مەيلى بولمىسىمۇ ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى يۇقىرى پەللىگە ئاچىقىۋېتەلەيمەن، دېدىم. ئەگەر، ئەر ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلسە، خوتۇن كىشى قىزىقماس بولۇپ قالغان ھالىتىنى چۆرۈپ تاشلاپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى شەھۋەت بىلەن تولىدۇ. شۇ چاغدا، ناتالىيەنىڭ قىزىقماس بولۇپ قالغىنىمۇ شۇ قەدەر ئاشكارا بىلىنىپ تۇراتتى، شۇنداق بولغاچقا ئۇ بۇنداق بىپەرۋا، سوغۇققانلىق ئالامەتلىرىنىڭ ئۇنچىۋالا ئوڭاي يوقىلىپ كېتىشىگە ئىشەنچ قىلىپ بولالمىغانىدى.

مەن ئۇنىڭغا ئىككى ئىستاكان شامپان ئىچكۈزدۈم، ئۆزۈمنى يېرىم سائەت كونترول قىلىپ تۇردۇم، مۇشۇنچىۋالا ۋاقىت ئۇنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى پارتلىتىپ، ناز - كەرەشمە قىلغۇزۇشقا، ئىڭراتقۇزۇشقا يېتىپ ئاشاتتى. مەن ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتالماي قالغان ۋاقتىدىكى ئاشۇنداق يايراپ ئەسەبىيلەشكەن ھالىتىنى نە قەدەر سۆيىمەن - ھە!

ئۇ، تازىلىق ئۆيىگە كىرسە، مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئېسىلاتتىم. گەرچە ئۇ دەسلەپ مېنىڭ ئالدىمدا بۇنداق قىلىشنى رەت قىلسىمۇ، مەن ئۇنى سۆيۈش، يېلىنىپ - يالۋۇرۇش ئارقىسىدا ھەمدە تەرىتى قىستاپ زادىلا بولالماي قالغاندا ئاخىر بولماي ماڭا يول قوياتتى.

ئۇنىڭ ھىدى ۋە ئاۋازى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن كېلىدىغان ھەرقانداق نەرسە مېنىڭ جىنسىي ھەۋىسىمنى قوزغايتتى. مەن دائىم بىر ئىلاھەنىڭ ئادەتتىكى بىر ئايالغا - چۈشەكتە ئەمەس، بەلكى تازىلىق ئۆيىدە ئاددىي بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالغىنىدىن ھەس - ھەيران بولاتتىم. كۆپلىگەن ئاياللار ئۆزىنى چۈشەكتە ئىلاھەلىك قىياپەتنى ساقلاپ قالغاندەك كۆرسىتىدۇ، بىراق تازىلىق ئۆيىگە كىرگىنىدە ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى يوقىتىدۇ، مەنمۇ زىيادە ئىززەتلەشلەردىن ئايرىلىپ قالدىم، مانا بۇ مېنىڭ ھەمىشە ئاياللارنى تىللىشىمدىكى سەۋەب.

گۈزەللىكنىڭ قۇدرىتى يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتىدە مۇقەددەس خىيالىي تۇيغۇ بەخش ئېتىدۇ، ئەگەر ئۇ ھېچنەرسىنىڭ دەخلى - تەرۇزىغا ئۇچرىمايدىغان نۇر بولۇپ چېچىلسا، نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى - ھە! ئېھ، ئۇلۇغ، مەپتۇنكار ئەقىل! يېقىنلىشىش بەسى مۈشكۈل بولغان گۈزەلگە قاراپ، سەن ئۇنىڭ چاتىرىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە بارلىقىنى ھەمدە ناتالىيەنىڭ نېمە ۋەجىدىن بەزمىخانىدىن ئايرىلىپ ئۇ يەرگە بارغىنىنى بىلىشىڭ كېرەك.

مەن ئالتە ياشلارغا كىرگىنىمدە، كىتابتىن بىر ئىلاھەنىڭ يالىڭاچ رەسىملىرىنى كۆرۈپ قالغانىدىم. مەن ئۇنىڭ مەھكەم قىسىۋېلىنغان بىر جۈپ يوتىسىغا، ھەقىقىي تىرىك بىر ئىلاھەدەك سىزىلغان ساغرىلىرىغا قاراپ جالاقلاپ تىترەپ كەتكەنىدىم. چەكسىز لەززەتتىن ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپلا قويغانىدىم. بىراق شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنىڭ ئەلبەتتە ئالاھىدە بىر خىل نەرسىنىڭ يوشۇرۇن ھالدا ئورنىشىپ كەتكىنىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. ئولىيانىڭ[1] ئەۋرىشىم بويلىرى تولغان ئاياللارنىڭ سىرلىق تېنىگە بولغان تەسەۋۋۇرۇمغا ماس كەلمەيتتى، گەرچە ئۇ مەن كۆرۈپ باقاي دېسەملا يەرلىك ئورنىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ قويىدىغان بولسىمۇ. مەن تۇنجى قېتىم ئاياللارنىڭ بىر جۈپ يوتىسىنى كۆز ئالدىمدا ئاچقىنىنى كۆرگىنىمدە، شامدانىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنى قاراڭغۇلۇققا ئورىغانىدىم. شۇنداق قىلىپ مەن «ھەقىقەت» نىڭ يۈزىنى كۆرگەن شۇ مىنۇتتا ئۆز تەقدىرىمنىڭ قانداق بولىدىغىنىنى ھېس قىلىپ يەتكەن - ئاياللارنىڭ ئىلاھىلىقىنى كۈتىدىغىنىمنى، ئۇلار بەخش ئەتكەن لەززەتنى كۈيلەيدىغىنىمنى چۈشەنگەنىدىم. ھەر بىر ئايالنى ئەسلىدە بىر ئىلاھە دەپ قاراشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى، ھەقىقىي ئىلاھە ھەر بىر ئايالنىڭ ۋۇجۇدىدا بولغانلىقىدا.

* *

بويتاق ۋاقىتلىرىمدا، ھېچقانداق مەسئۇلىيەت ھېس قىلمايتتىم. بىراق بەختكە بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىش قاباھەتلىك چۈش ئىلكىدە مېنى تىپىرلاتقۇزاتتى. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن پىغان چېكەتتىم. مەن بەرنا، قەلبى پاك بىر قىز بىلەن توي قىلىش ماڭا تىنچ - خاتىرجەملىك ۋە ئەركىنلىك ئېلىپ كېلىدۇ، مانا بۇنىڭ ئۆزى ھەقىقىي بەخت دەپ ئويلىغانىكەنمەن. يا ھەزرەت، تۇرمۇشنىڭ ساڭا ئاتا قىلىدىغىنى يا تىنچ - خاتىرجەملىك، يا ئەركىنلىك بولىدىكەن، ئۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىرلا ۋاقىتتا نېسىپ بولمايدىكەن. تىنچ - خاتىرجەملىك ئىتائەتمەنلىك بىلەن گەپ ئاڭلاشتىن كېلىدىكەن، ھالبۇكى بۇنداق تىنچ - خاتىرجەملىكتە ئەركىنلىك مەۋجۇت بولمايدىكەن. ئەركىنلىك مېنى باش - ئاخىرى

① ئولىيا، ئولگا سېرگېيېۋنا پۇشكىن (1797 - 1868) پۇشكىننىڭ ھەدىسى.

www.uyghurkitap.com

يوق بالاغا ئىتتىرىدۇ، ئۇندا تىنچ - خاتىرجەملىكتىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق.

مەن ھېس قىلىپ يەتكەن چۈشەنچىلەردىن باشقا يەنە توي ئىشىمغا بولغان ئالدىن ھېس قىلىش مېنىڭ قەلبىمنى ئۆرتەيتتى، ھەر قېتىم بىرەر ساھىبجامال قىزنى ئۇچراتقىنىمدا، يۈرەكلىرىمدە ئوت كۆيەتتى. شۈبھىسىزكى، مەن پەقەت باشقىلارنىڭ ئالدىدا باش كۆتۈرۈپ يۈرەلىسەملا ئۇلار ئارىسىدىكى ھەرقانداق بىرسى بىلەن توي قىلىشقا تەييار ئىدىم. ئورېنىنىا①ۋە سوپىيە② ھېچقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ مەندەك بىر ئەسەبىي ئېرىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلمايدۇ. ناتالىيەگە بولسا باشقا تاللاش يولىمۇ يوق، خۇدا ماڭا شۇنداق بىر قىسمەتنى پۈتكەنىكەن.

* *

مەن ئۆز - ئۆزۈمنى خېلى تۇتۇۋېلىپ توي قىلغانلىقىمغا ئىشەندۈرۈشكە تىرىشاتتىم، مېنىڭ تەجرىبىلىرىم مېنى ئارتۇقچە ئىستەك ۋە ساددىلارچە خىياللار قوينىدىن تارتىپ چىقاردى. بىراق مەن توي قىلىشقا ئۈمىدسىز قارايتتىم. ھېسسىياتنى چۈشەنگىلى بولمايدىكەن، سەن ئۇنى خاتاسىز ھالدا سېزىپ يېتىشىڭ كېرەك ئىكەن، چۈنكى پەقەت ھېس - تۇيغۇلا يۈرەككە يېتىپ بارالايدىكەن، پەقەت يۈرەكلا ئادەمنىڭ ئىدىيىسىنى موللاشتۇرالايدىكەن. مېنىڭ بارلىق تەجرىبىلىرىم ئەرلىك تەجرىبىسى بولماستىن، ئاشىندارچىلىق تەجرىبىسى.

مەن ناتالىيەگە بولغان قىزغىن ھېسسىياتىمنى ھەتتا ئىككى ئايغىچىمۇ داۋاملاشتۇرالمىدىم. مەن ئۆزۈمدە ئۇنداق ھېسسىياتنىڭ ئاللىقاچان تۈگىگەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم، ھالبۇكى، بۇ ئەمەلىيەتنى چۈشىنىپ يېتىشىم ماڭا قاتتىق زەربە بولدى. سەۋەبى، بۇ ئەمەلىيەت بىرىنچى بولۇپ مېنىڭ خوتۇنۇم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

توي قىلىپ ئارىدىن بىر ئاي ئۆتە - ئۆتمەيلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىمدىلا كېيىملىرىنى سېلىشلىرىمۇ مېنىڭ ئەسەبلىرىمنى تاقەتسىزلىك ئىلكىدە لەرزىگە سالالماس بولۇپ قالغانىدى. ئىككى ئايدىن كېيىن ئاشنامنىڭ ئورنىدىكى ئاشۇ ئايالىمنىڭ جىمى ھەرىكەتلىرى بەش قولدەك تونۇشلۇق بولۇپ كەتتى: مەن ئىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ قانداق ھەرىكەت - قىلىقلار، قانداق ناز - كەرەشمىلەرنى قىلىدىغىنىنى، ئۇنىڭ جىسمىمغا قانداقسىگە چىڭگىدە يېپىشىدىغىنىنى، تولۇق رازى بولغىنىدىن قانداق چوڭقۇر بىر ئۇھ دەيدىغىنىنى بىلەتتىم. ئەمدى ئۇ ھەرقانچە قىلسىمۇ بۇنداق ھەرىكەتلىرى بىلەن مېنى ئۆزىگە تارتالمايتتى.

ئۇنىڭ تېنىدىن تارقىلىدىغان ھەر خىل پۇراقلار ئەمدىلىكتە ئۆز تېنىمدىن تارقىلىۋاتقان پۇراقتەك مېنى ئاۋۋالقىدەك ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئېتىشىمغا - ئۇنىڭغا نەزەر ئاغدۇرۇشۇمغا قىزىقتۇرالماس بولۇپ قالغانىدى. گېرمانىيىنىڭ ئېرىمچىكىنىڭ پۇرىقىمۇ مېنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق ھاياجانغا سالالايتتى. چۈنكى ئۇ پۇراق باشقا ئاياللارنى ئېسىمگە سالاتتى.

* *

مەن ناتالىيەنى ئۆز ئارزۇيۇم بويىچە سۈرەتلەپ بېرەلەيمەن، دەپ ئويلايتتىم، ئەمەلىيەتتە خاتا ئويلىغانىكەنمەن. شۇنداق، تالانتنى ئۆگىنىۋالغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، تالانت تۇغما بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، مۇھەببەتمۇ تۇغما بولىدۇ، ھالبۇكى، ناتالىيە نازۇ - كەرەشمىگە تۇغما ئۇستا قىز. ئىشقىلىپ، مېنىڭ ئالاھىدە دەۋاتقىنىم، ئۇنىڭ شەھۋانىيلىقىنىڭ كۈچلۈكلىكى ئىدى. مۇھەببەتنىڭ كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان كۈچ - قۇدرىتىنى ھېس قىلىپ يېتىش، ھەرگىزمۇ مۇھەببەتنىڭ تۇغما قابىلىيىتى دېيىشكە بولمايدۇ. مۇھەببەتنىڭ تۇغما قابىلىيىتى، بىر خىل كۈچلۈك، ئوڭايلا ئويغانقىلى بولىدىغان ئارزۇ - ئىستەكلەردە ھەمدە قۇسۇر ئىزدەش ۋە نومۇس قىلىشلارنىڭ تامامەن يوقلىشىدا ئايان بولىدۇ. مۇھەببەتكە تۇغما سادىق قىز مۇھەببەتنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار ئاشىندارچىلىققا قالتىس يارايدۇ، ئەمما خوتۇنلۇققا بولسا تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئايال بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە، سىزنىڭ قالتىس ئاشنا بىلەن قالتىس ئايال ئوتتۇرىسىدا بىرنى تاللىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭ نىكاھىم ناھايىتى ياخشى نىكاھ بولدىكى، مەن مۇھەببەتكە باي ۋە سادىق بىر خوتۇنغا ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇزۇق خوتۇنغا ئۇچراپ قالغان ھالەتتىمۇ، مېنىڭ ئايالىم سانالغان ئاشۇ خوتۇننىڭ ئاياللىق تەرىپىنى ھەرگىز تولدۇرۇپ كېتەلمىگەن بولاتتى. ئەمما تۇغما يارامىلىق ئاشنا تېپىش ئۇنچىۋالا تەسمۇ ئەمەس.

ناتالىيەنىڭ مىجەز - خۇلقى توي قىلىشقا تولىمۇ باب كېلىدىغىنى ماڭا چۈشىنىشلىك ئىدى. مۇبادا، ئۇ R ياكى Z دەك ئاچلىقتىن ئالدىغا كەلگىنىنى تاللىماي ھەممىنى يەۋېرىدىغان بولسا، ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان بولاتتى. يۈرەك -

---

① ئاننا ئالېكسېيېۋنا ئورېنىنىا(1808 - 1888)، پۇشكىن 1828 - يىلى ياخشى كۆرۈپ قالغان بىر قىز.

② سوپىيە - سوپىيە پېئودورۇۋنا پۇشكىن (1806 - 1862)، پۇشكىننىڭ شىرەم تۇغقىنى. پۇشكىن 1826 - يىلى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان.

باغرىمنى تىلغاۋاتقىنى ئۇنىڭ سوغۇققانلىقى ئەمەس، بەلكى مەندە ئۇنىڭ تېنىگە نىسبەتەن ھېچقانداق قىزىقىشىنىڭ قالمىغانلىقى ئىدى. قەلبىم بىر ھەقىقەتكە، يەنى يېشىنىپ ناتالىيە بىلەن بىر ئورۇندا ياتقىنىمدا، ئۇنىڭ ھەۋسىنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغىنىمدىن پۈچىلىناتتى. مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھەرقانداق باشقا بىر ئايال بىلەن بىرگە بولسامۇ قىلچە مەززىسى بولمايتتى، ناتالىيە (جىمىكى قىز - ئاياللار تائىپىسىدىكى ئەڭ گۈزەل ئايال) مەندىكى ئەرلىك جاسارەتنى يوقاتقانىدى. مەن ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەر بىلەن قارايتتىم. ئېچىمدە، ئەگەر شۇ تۇرقى ناتالىيەنىڭ ئورنىدا ماڭا تامامەن ناتونۇش، يوچۇن، ئادەمنىڭ قىلچە ھەۋسىنى قوزغىيالمايدىغان بىر ئايال بولغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا ھەملە قىلىپ تاشلىغان، ئۇنىڭغا ئېتىلغان بولاتتىم، ناتالىيە ئەمدى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ھېچقانداق ھەۋەس ئويغىتالماس بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. ناتالىيەنىڭ چېچىلىشى، مېنى قاتتىق ئازابلايتتى، شۇڭا مەن باشقا ئاياللارنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا ئەڭ كۈچلۈك ئۇچرىماقتا ئىدىم.

يېڭى بىر تەن مۇھەببەتتىنمۇ قۇدرەتلىك، گۈزەللىكتىنمۇ قۇدرەتلىك، شۇغىنىسى، مەن ئۇنىڭ ئۆز ئايالىغا بولغان ساداقىتىمدىنمۇ قۇدرەتلىك بولۇپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلمايمەن.

* *

مەن ناتالىيەنىڭ بويىدا قالغۇزۇپ قويۇشقا تىرىشاتتىم. ناتالىيە تويدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئايدا، پۇتكۈل ئاممىۋى سورۇندىكىلەر ئۇنى ياقتۇرۇپ قېلىشقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدىن بىزار بولۇپ يۈردى. مەن ئۇنىڭغا شاھمات ئويناشنى ئۆگىتىپ قويدۇم، كارامۇجىننىڭ «تارىخ» ① ناملىق كىتابىنى ئوقۇغۇزدۇم. ھالبۇكى، بۇلار ئۇنىڭغا تازىمۇ ئېغىر كەلدى. ئۇ، تەنتەكلەرچە ھاياجان بىلەن فرانسىيىنىڭ تەمسىز كىتابلىرىنى بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرىنى ئۇلاپ ئوقۇيتتى. بىر قېتىم مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ بىرنەچچە پارچە شېئىرىمنى ئوقۇپ بەردىم، دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقىنىمدا ئۇنىڭ چىرايىدىكى سوغ ئىپادىنى كۆرۈپ شېئىرىمنى داۋاملىق ئوقۇپ ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇشنى خالىمىدىم، ئۇمۇ مېنىڭ دېكلاماتسىيە قىلىۋېرىشىمنى سورىمىدى.

ئۇنىڭ كۆڭلى ئەڭ خۇش بولىدىغىنى، يېڭى كىيىم - كېچەككە ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تەرىپلەيدىغان گەپلەرنى ئاڭلاش ئىدى. بۇ ئىش كۆڭلۈمگە كەلسىمۇ، قەلبىمنى ئۇنچىۋالا پاراكەندە قىلىپمۇ كەتمەيتتى. ماڭا شۇنىسى ئايان ئىدىكى، بالا ئالساقلا ئۇ ئالدىراشچىلىقتا پايپېتەك بولۇپ بۇلارنى ئويلاشقا چولىسىمۇ تەگمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئولتۇرۇپ كەشتە تىكىدۇ، مەن ئۇنىڭ چىرايلىق جامالىغا قاراپ ھوزۇرلىنىمەن، بۇ ھوزۇر شەھۋەتتىن ئەمەس، گۈزەللىك تۇيغۇسىدىن پەيدا بولغان بولىدۇ.

ھاياتىمنىڭ ياخشى بولغان بىر يۈزى شېئىرىيەتكە باغلانغان، يەنى ناتالىيەنىڭ سوغۇققانلىق بىلەن ئىنكار قىلىشىغا ئۇچرىغان؛ يەنە بىر يۈزى، مۇھەببەت. ئۇندىكى نازۇك تۇيغۇلار مۇلايىملىق تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن. بىراق مەن سەزگۈ ئەزالىرىمنىڭ غىدىقلىنىشى ئارقىلىقلا روھىم مەستخۇشلىنىدىغان پەيتكە ئېرىشەلەيمەن.

* *

مەن ئۆزۈمنىڭ ئاشىق دېگەن ئاتىقىمنىڭ شائىر دېگەن ئاتىقىمدىن قىلچە قېلىشمايدىغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن. ئائىلە تۇرمۇشۇمدا بۇ ئىككى خىل ئىستەكنى روياپقا چىقىرىدىغان جاي تېپىشقا ئامالسىزمەن. ناتالىيە ئۆزىنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالى، ئاق كۆكسى يۇلۇقى ۋە سەبىيلىكى مەندە ئابرۇيپەرەسلىك پەيدا قىلدى. بىراق گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ سەبىيلىكى نازۇ - كەرەشمىگە، ئاق كۆكسى يۇلۇقى مۈلۈك - پىغانغا ئالماشقان، شۇنداقلا مەن ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالى بىلەن بەش قولدەك تونۇشلۇق بولغىنىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلالماس ھالغا كېلىپ قالغان. بىرەرسى ئۇنىڭ ئۆزلۈكىنى تەرىپلىگەندىلا مەن ئۇنىڭدىن ئېپتىخارلىنىمەن، ھالبۇكى، بۇ تۇيغۇ بارا - بارا قاتتىق كۆنداشلىقىمنى قوزغايدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

مېنىڭ شالاقلارچە تىزگىنسىز ھاياتىمدا، مەن تۇنجى قېتىم خۇدانىڭ ھەر قۇتلۇق كۈنلىرى تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، قوينۇمدا بىر ئايالنىڭ ياتقىنىنى كۆرىدىغان بولدۇم. يېڭى شېرىنلىك مەندە تېزلا سېھرىي كۈچىنى يوقىتىپ قويدى، بۇنىڭ بىلەن مەن نوختاۋسىز ھالدا ئاشنا ئالماشتۇرۇشقا ياكى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئاشنا تۇتۇشقا باشلىغانىدىم. مەن ھەسرەت ئىلكىدە شۇنى بايقىدىمكى، ئاللىقاچان توي قىلىپ بولغان بىر ئەر ئۈچۈن بۇنداق قىلىقلارنى خەق ئوڭايلىقچە قوبۇل قىلالمايدىكەن.

خوتۇنىڭىز بىلەن ئاشنىڭىزنىڭ پەرقى، خوتۇنىڭىز بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويغىنىڭىزدا، سىزدە شەھۋەت تۇيغۇسى بولمايدىغانلىقىدا. شۇڭا توي مۇقەددەستۇر. چۈنكى شەھۋەت ئاستا - ئاستا

① كارامۇجىن — نىكولاي مىخايلوۋىچ كارامۇجىن (1766 - 1826)، چار رۇسىيىلىك يازغۇچى ۋە تارىخچى.

www.uyghurkitap.com

نىكاھنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلۇپ، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت بارغانچە دوستانە مۇناسىۋەتكە، ھەتتا سوغۇققانلىققا ياكى قارشىلىشىشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. پەقەت شۇنداق باسقۇچقا يەتكەندىلا ئاندىن يالىڭاچ يۈرۈشمۇ بىر خىل گۇناھ ھېسابلانمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇ ئەمدى كىشىنى ئېزىقتۇرۇش كۈچىدىن قالغان بولىدۇ.

مەن تامدىكى ئېسىقلىق خەنجەرگە قاراپ، ئۆزۈمنى ئەمدى خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر قانداق «ئىشق - مۇھەببەت ئۇرۇشى»غا قاتنىشالمايدىغان ۋە ئىسسىق قاننىڭ ھىدىدىن ھۇزۇرلىنالمايدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپ كېتىمەن ئىچىمدە.

مەن گاھى چاغلاردا، ئۆزۈمنىڭ بۇ «مۇقەددەس مەرييەم»ىمگە ساددىلارچە قاراپ قالغىنىمدا، ۋەزمىن ۋە تېپتىنچ شادلىق ھېس قىلىمەن (بۇ، كىشىلەرنىڭ بۇۋى مەرييەم ئانىغا قارىشىدىكى بىردىنبىر ئۇسۇل ئەمەسمۇ؟). شەھۋانىي نەپس تۇرمۇشىمىزنىڭ ناھايىتى كىچىك بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالماقتا. ئاساسىي قىسمىمىز، ئەنە شۇنداق كىچىك ئىشلار ھەققىدىكى تەشۋىش ۋە ئەيىبلەشلەر ھېسسىياتى بىلەن تولغان. مەن ناتالىيەنىڭ تېنى كۆزۈمگە چېلىقىپ تۇرسىمۇ كارىم بولماسلىقتىن ساقلىنالىدىم، بۇ كەچۈرگۈسىز بىر ئىش.

* *

مەن غەلىتە خىياللارغا بېرىلىپ كەتتىم، بۇ ئالۋاستى قىلىدىغان ئىش ئىدى. مەن ھاياتىمنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلىرىدە، ئېرىشكەن قىز - ئاياللار مېنىڭ خىيال ئېكرانىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە. بولۇپمۇ مېنى ئازابلاۋاتقىنى، Z بىلەن بىرگە بولغان چاغلاردىكى شاللاق ئۆتمۈش ئەسلىمىسى.

ناتالىيەنى باغرىمغا باسقىنىمدا، كۆز ئالدىمغا بۇ مەنزىرە كېلىۋالىدۇ. مەن ھەمىشە ئۇنى Z دەپ تەسەۋۋۇر قىلىمەن، كۈچلۈك رەشك كۈچلۈك شادلىققا قوشۇلۇپ كېتىدۇ - دە، شەخسىي ئىشلىرىمىز كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلا ئاياغلىشىدۇ، بۇ ماڭا خىيال ئارىلىقىدىكى قىسقىغىنا ئاراملىق ئېلىپ كېلىدۇ. مەن، Z غا بولغان سېغىنچىمنىڭ ناتالىيەنىڭ ئىززەت - نەپسىگە تېگىش بولىدىغىنىنى ھېس قىلغىنىمدا، بۇنداق خىياللارنى ئۈزۈپ قويىمەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ «سەبىي» قىزلىقىغا قايتىشىنى - ئۆزۈمنىڭ «يالغۇز» «بىر» ئايال بىلەنلا تۇرۇۋاتقىنىمنى تەسەۋۋۇر قىلىمەن.

بەزىدە مەن كۇتۇپخانامدا ئاز - تولا بىرنەرسە يېزىش ئۈيىدا ئولتۇرىمەن، بىراق خىيال كەپتىرىم ناتونۇش خوتۇن - قىزلارغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىدۇ، كۆز ئالدىمدا تالاي قىز - خوتۇنلار پەيدا بولىدۇ، شەھۋانىي ھەۋەس مېنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالىدۇ. ھالبۇكى، ناتالىيەنىڭ ۋۇجۇدى ماڭا شۇقەدەر يېقىن، شۇقەدەر ھېسسىياتقا باي، مەندىن باشقا بارلىق ئەركەكلەرنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگىدەك شۇقەدەر گۈزەل بولسىمۇ، ئاشۇ گۈزەل چۈشۈمگە زادىلا كىرىپ باقمايدۇ.

مەن شۇنداق خىياللارنى سۈرۈۋاتقىنىمدا، ناتالىيە كۇتۇپخانامغا ئۇشتۇپلا كىرىپ كېلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن لاسىدە بولۇپ قالىمەن - دە، ھاۋايى - ھەۋەسلىرىم ئىز - تىزسىز غايىب بولىدۇ. مەن ئادەمنى پاراكەندە قىلىدىغان بۇنداق خىياللارنى يىغىشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خۇشال تۇتۇشقا ۋە ناتالىيەگە خۇشخۇي - خۇش قاراشقا تىرىشىمەن، شۇغىنىسى ئۇ مېنى ھاياجانغا سالالمايدۇ ياكى مېنى ئىگىلىيەلمەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا قاراۋاتقىنىمدا، خۇددى بىر پارچە سۈرەتكە قاراۋاتقاندەك، بۇۋى مەرييەم ئانىنىڭ ھەيكىلىگە قاراۋاتقاندەك بولىمەن (ئۇنىڭ بىردىنبىر يېتەرسىزلىكى، ناتالىيەنىڭ باشمالتاق پۇتىدا خالتىلىق ئىششىق بار ئىدى).

مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، ناتالىيە مېنىڭ باش - ئاخىرى يوق خىياللاردىن قۇتۇلۇشۇمدىكى بىر ۋاستىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مېنىڭ خوتۇنۇم بىلەن بىر ئۆيدە ياشىشىم خۇشاللىق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتىمدىن ئىدى.

لېكىن، مەن بۇنداق خىياللاردىن ھەر قاچان قۇتۇلالىدىم، زىيادە ھاياجان تەسىرىدىن ئۇ خىياللار يامغۇردىن كېيىنكى ئوت - چۆپتەك يېتىلىشىپ ئۆسمەكتە. قولدىن كەتكەن ھەر خىل نەرسىلەر ئۈچۈن ئاياللارنى ماڭا مىنىپ ئولتۇرغان سىياقتا تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق ئۇنى تولدۇرۇۋېلىشنى ئويلايتتىم.

* *

مەن، مۇقەددەس ھاياجان مۇھەببەتنىڭ نىشانى، دەپ قارايتتىم. ياق، ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ساداقەت بۇنداق بىر خىل ئېغىر يۈككە ئايلىنىپ قالمىغان، بىر خوتۇنمۇ مېنى تامامەن رازى قىلالىغان بولار ئىدى. ھاياجان نىشان ئەمەس، ئانانىزم قىلىسمۇ ھاياجانلانغىلى بولىدۇ، نىشان بولسا تەننىڭ سىرلىرىنى يېشىش. تەننىڭ سىرلىقلىقى سىزنىڭ كېچىدە ئاياللار بىلەن بىرگە بولغاندا پەيدا بولىدىغان كۈچلۈك ھاياجانغا توسالغۇ بولىدۇ. تەننىڭ سىرلىقلىقى يوقالمايدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئاشكارا قىلىپمۇ كەتمەيدۇ، بەلكى ئۇ باشقا ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىغا كۆچىدۇ.

ياكى شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھەر بىر بەدەننىڭ ئۆزىگە خاس سىرلىقلىقى بولىدۇ. بىرسىنىڭ ئاشكارا قىلىنىشى، سىزنىڭ بارلىق

سىرلىقلىقنى چۈشىنىپ يەتكىنىڭىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇڭا سىز ئەسەبىي تەنگە ئىگە بولدۇم دېگىنىڭىزدە، سىز سىرلىقنىڭ قۇيرۇقىنى سىلاپ قالغانلا بولىسىز. ياق، ئۇ سىز بىزار بولغان تەندىن سىيرىلىپ چىقىپ، باشقا بىراۋنىڭ تېنىدە سىزنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ.

سىرلىقلىقنى ئۆزىنىڭ مۇناسىپ ئورنىغا بىردىنبىر قايتۇرالايدىغىنى، ئايرىلىش. ئايالىڭىزنى غايىڭىزدىكى بىر كېچىلىك ئايالغا ئايلاندۇرغاندىلا، ئاندىن ئۇ سىرلىقلىقنى ئاشۇنداق مۇناسىپ ئورۇنغا قايتۇرغىلى بولىدۇ.

* *

دېكابىرمۇ كىرىپ قالدى، ئۆيدە ئىچىم سىقىلىپ زادىلا تاقەت قىلغۇچىلىكىم قالمىدى، بۇنىڭ بىلەن بېشىمنى ئېلىپ ئۆيدىن چىققانچە موسكۋاغا كەتتىم. مەن جۇدالىشىش مېنىڭ ناتالىيەگە بولغان ھېسسىياتىمنى قايتىدىن ئۇرغۇتىدۇ، دەيتتىم ئۆز-ئۆزۈمگە. جۇدالىشىش ئۈچۈن ناسچوكىننىڭ[1] تەكلىپىگە ئاساسەن كەلتۈرۈلگەن سىگان قىزى بىلەن ئىش - پەش تارتىشىش ئەمەس، ئەكسىچە جىمى ئايال زاتىدىن ئايرىلىشىمغا توغرا كېلەتتى. ناتالىيەدىن ئايرىلىپ يىراق تۇرۇش، ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتىمنى يېڭىلاپلا قالماي، بەلكى مېنىڭ مۇھەببەت ساداقىتى ئۈچۈن ئىچكەن قەسەملىرىمنىمۇ ئۇنتۇلدۇراتتى. ئولېنكا[2] مېنىڭ قېشىمغا كېلىۋىدى، ئايالىمغا ئويغانغان ھېسسىياتىم مېنىڭ يېنىمدىكى بۇ ئايالغا كۆچتى. ئۇ خۇددى ھاياتىمغا بۆسۈپ كىرگەن تۇنجى قىزدەك مېنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىمنى تامامەن يېڭىلىۋەتتى. ئاياللارنىڭ تېنى يەنە بىر رەت ئۆزىنىڭ مۇقەددەس نىگاھىنى ماڭا تاشلىغانىدى.

ھالبۇكى، ئۇنىڭ تېنىگە كىرىپ كەلگىنىمدە، مەن يەنە ناتالىيەنى چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. مۇبادا، ئۇ شۇ تۇرقى مېنىڭ ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالغان بولسا، قايتىدىن ئويغانغان ھېسسىيات بىلەن تولغان شۇ ۋۇجۇدۇم بىلەن ئاڭا ھەملە قىلىپ تاشلانغان بولار ئىدىم. ناتالىيە مەن ئۈچۈن تامامەن ناتونۇش، يوچۇن ئايالدەك مەندىن كۆپ يىراقتا، لېكىن بۇنىسى مېنىڭ شۇ تاپتىكى ئارزۇ - ئىستەكلىرىمگە ئەڭ ماس كېلەتتى. بۇ مەن ئۈچۈن ھەرگىزمۇ بىر يېڭىلىق ئەمەس، باشقا ئاياللارغا بولغان تۇيغۇلىرىممۇ شۇنداق ئىدى. شۇنداقتىمۇ، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئۆزۈمدە شۇنداق بىر ئىشەنچ تۇرغۇزۇلدىكى، ئادەتتىكى ئومۇمىي قائىدە - يوسۇنلار خوتۇنۇمغا بولغان ھېسسىياتىمغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدىكەن. شۇڭا ھەممە ئىشلار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنە سادىر بولغاندا، مەن كۆز ئالدىمدىكى ھەرقانداق بىر ئايالغا كۆڭۈل بېرەلەيدىغىنىمنى ھېس قىلدىم.

شۇنداق بولغاچقا، مەن ئۆزۈمنى يەنە تېزلا پاھىشىلەر قوينىغا ئاتتىم. بۇ پاھىشىلەر ئايالىمنىڭ دەھشەت سەتەڭلىكىنى ئاڭلاشقانىكەن، ئۇلار بۇ سەتەڭدىن ئايرىلىپ ئۆزلىرىنىڭ خانىسىغا پات - پات قەدەم تەشرىپ قىلىپ تۇرۇشۇمنى ئېيتىشاتتى. ئۇلار سۈرەتتەك گۈزەل چىرايى بولسىمۇ ئادەمنىڭ مەيلىنى تارتالمايدىغان ئاياللارنىڭ بارلىقىنى قانداقمۇ چۈشەنسۇن؟ ئۇلار مېنىڭ پەقەت تۈرلۈك - تۈمەن خوتۇن - قىزلاردىن ھوزۇر ئالغىنىمدىلا ئاندىن ھاياتىمنى ساقلاپ قالالايدىغانلىقىمدەك چوڭ ئىشلارنى قانداقمۇ بىلسۇن؟ ناتالىيەگە كۆيۈپ - پىشىپ ئۇنى قوغلىشىپ يۈرۈشكەنلەر ماڭا غەزەپ ۋە تەئەججۇپ بىلەن قارىشىدۇ - مەن قانداقمۇ سەتەڭ خوتۇنۇم بىلەن چاتىقىم بولماي، ئەكسىچە باشقا ھەرقانداق ئاياللارغا نەزەر كۆزۈمنى سېلىشقا پېتىناي؟ دېمىسىمۇ، نۇرغۇن ئاشىقلار ئۇنىڭغا خەت يازغان، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى شېپى كەلتۈرۈپ ئىشەنچلىك ۋە سەمىمىي قەسەملەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتماقچى بولۇشقان. مەن ناتالىيە بىلەن ئولتۇرۇپ بۇ خەتلەرنى ئوقۇغانلىرىمىزدا، ئۈچەيلىرىم ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشكەن. بىلىش كېرەككى، ئىشق ئوتىغا گىرىپتار بولغانلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىمۇ تېز بولىدۇ، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىمۇ تېزلا سوۋۇپ كېتىدۇ، يوقىتىدىغانلىرى نېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. چۈنكى ھەممىنى چۈشىنىپ يەتكىنىدە، ئۆزىدىكى ئوتتەك قىزغىنلىقىنىڭ يوقىلىشى ئېغىر زەربە بولىدۇ.

سەندەك بىر گۈزەلگە ئېرىشىش ئۈچۈنلا سېنىڭ ھاياتىڭنى قۇربان قىلىش، بۇنىڭغا چوڭقۇر مەنىلەر يوشۇرۇنغان، ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، سەن ئۇنداق مۇز چىراي بولۇپ قالماس ئىدىڭ. مېنىڭ يېقىنقى قىلغان - ئەتكەنلىرىم سېنىڭ چىشىڭغا تېگىش ئۈچۈنلا، خالاس. ئۆلۈم ئۆزىنىڭ چىن قەلبىدىن سۆيگەن ئادىمىگە بولغان سەمىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىشىنىڭ ئەڭ ياخشى شەكلى. مەن رومېئو ۋە ژولىيتتانىڭ ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرىۋالغانلىقىنى چۈشىنىمەن. ئۇلارنىڭ

---

[1] ناسچوكىن - پاۋېل ۋوينوۋىچ ناسچوكىن (1800 - 1850) پۇشكىننىڭ يېقىن دوستى بولۇپ، موسكۋاغا ئولتۇراقلاشقان.

[2] ئولېنكا - ئولېنكا ئاندرېيېۋنا، ناسچوكىننىڭ سىگان ئاشنىسى، ئۇلار توي قىلماي تۇرۇپ بىر ئۆيدە ياشىغان.

uyghurkitap.com

ھەربىكتى بىۋاسىتە سەزگۈنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەقىل مەسلىسى مەۋجۇت ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئاخىرقى مەقسەت بەرىبىر ئوخشاش: ئۆلگەندىن كېيىنمۇ باشتىن - ئاخىر سۆيگىنىگە سادىق بولۇش. ۋەھالەنكى، ھەرقانداق بەرنا، ئۇز ۋە گۆش - قېنى بار تىرىك بىر بەدەن ئالدىدا بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش.

* *

مەن ئۆزۈمنىڭ ئادەتنى چىقىش قىلغان ئىنكاسى ۋە تويدىن كېيىنكى دەسلەپكى بىرنەچچە ھەپتىگىچە ۋجۇدۇمنىڭ چەكسىز جىنسىي ھەۋەسكە تولۇشلىرىنى كۆزىتىپ باقتىم. ناتالىيەنىڭ ھەممە - ھەممە نەرسىسى مېنىڭ ھەۋەسىمنى قوزغايدۇ: ئۇنىڭ قولتۇقىدىن تارقىلىۋاتقان خۇشبۇي ھىدىنى پۇرىغانلىرىمدا، ئۇنىڭ سۆيۈملۈك تىنىقلىرى يۈزلىرىمگە ئۇرۇلغانلىرىدا ۋە شۇنىڭدەك باشقا ۋاقىتلاردا كۈچلۈك ھەۋەسىم قوزغىلىش تۈپەيلى ئەقلى - ھوشۇمنى يوقىتىمەن.

ناتالىيەنىڭ ۋۇجۇدىدا مېنى بىزار قىلىپ قويىدىغان ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ئەگەر، ئۇنىڭ جىسمىدىكى ھەممە نەرسە مېنىڭ ھېسسىياتىمنى قوزغىتالىغان بولسا، ئۇ ھالدا ھەممە بىردەك گۈزەل بولغان بولاتتى. ئارزۇ - تەلەپ قانچىكى كۈچەيگەنسېرى، بۇ ئارزۇ - تەلەپ تىرناق ئاستىدىن شۇنچە كىر ئىزدەيدۇ.

توي قىلىپ بىرەر ئاي بولا - بولمايلا ئۈمىدسىزلەندىم، بىر ئاخشىمى ئۇ كارىۋاتتا يېتىپ بىرنى ئۇسۇرۇپ تاشلىدى، مەن ئادەت بويىچە دەررۇ ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلمىدىم، ئەكسىچە سالماقلىق بىلەن ئۇنىڭغا دۈمبەمنى قىلىپ يېتىۋالدىم. بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالغاچقا، ھېسسىياتىمنىمۇ ئۆگىدەك باستى.

ئىسىمدە قېلىشىچە، بىر كېچىسى كارىۋاتتا بىللە ياتقان بولساقمۇ ھېچ ئىش قىلمايلا ئۇخلاپ كېتىشتۇق. ئۇنىڭدىن بۇرۇن مەن بىرەر كېچىمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي كەلگەنىدىم. ئەنە شۇ كېچىدىن ئېتىبارەن، بۇنداق ھالەت بارغانچە كۆپەيگىلى تۇردى.

* *

تويىمىزدىن كېيىن، قېينئانام ھە دېسە پات - پاتلا كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىغانلىرىدا، كۆزلىرى بىر خىل ھاياسىزلىق ئالامەتلىرى بىلەن تولاتتى. ناتالىيە ئاپىسىنىڭ ئەگەر مەن ئۇ دېگەندەك قىلمىسام، مېنى كېچىسى قېشىغا يېقىن يولاتماسلىقنى ئۆگەتكەنلىكىنى ماڭا يوشۇرۇپ ئولتۇرمايلا ئېيتىپ بەرگەنىدى. ناتالىيە ماڭا بەرگەن چىن قەسىمگە ئەمەل قىلىۋاتاتتى. بۇ ماڭا ئۈمىد بېغىشلىدى، يەنى ئۇ مېنىڭ روھىمغا يېقىنلاش ئۈچۈن ئۆز روھىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتكەنىدى.

بىر قېتىم مەن قاراڭغۇ بۆلۈكتە قېيىنانامنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى تامغا ياڭزىماقچى بولغانىدىم. ئۇنىڭ پوتكول بەدىنى قېتىپلا قالغان بولۇپ، مېنىڭ ئەمدى ئىككىنچى قەدەمدە نېمىلەرنى قىلىشىمنى كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، ئىچىمدىكىنى دەۋەتكەنىدىم:

- خانىم، سىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدىغان بولدۇم، سىز ئويلىغان ئۇنداق ئىشلار مەڭگۈ يۈز بەرمەيدۇ، - مەن ھەجۋىي ھەرىكەت بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلغاچ دېدىم، - مەن ناتالىيەنى ئېلىپ پېتېربورگقا كېتىمەن، بىزنى يوقلاپ بارمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

شاسكىبىروغا كۆچۈش ناتالىيە بىلەن مەن ئۈچۈن زور بىر قۇتۇلۇش بولدى. بىز قاملاشمىغان ئۇرۇغ - تۇغقانلار ۋە ئادەمنى بىزار قىلىدىغان تونۇش - بىلىشلەردىن يىراق تۇرۇپ، خىلىلا ئارام تېپىپ قالدۇق.

پادىشاھ كەنتىنى زىيارەت قىلىش، مېنىڭ كونا ئەسلىملىرىمنى قوزغاپ قويدى. ناۋادا، ناتالىيە مېنىڭ خىياللىرىمنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ كۆنداشلىقى كەلمەي قالمايتتى. ئەينى چاغدا مەن يەنىلا ناتالىيەگە سادىق ئىدىم، مەنىۋى زىناخورلۇق ھەقىقىي زىناخورلۇق بولامدۇ، يوق؟ دېگەنلەرنى كۆپ ئويلايتتىم. مەن شۇنداق يەكۈنگە كېلەتتىمكى، شەھۋانىي خىياللار زىناخورلۇققا ياتمايدۇ، چۈنكى مېنىڭ ھەقىقىي تەجرىبىلىرىم ئالدىدا مېنىڭ مۇھەببەت تەجرىبىلىرىم مېنىڭ چۈشلىرىمنى ھېچقانچە نەرسە ئەمەستەك تۈيغۇغا كەلتۈرىدۇ. ناتالىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەھۋال تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە؛ ئەگەر، ئۇ باشقا بىرسىنى چۈشەپ قالغۇدەك بولسا، ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلغان بولىدۇ، چۈنكى ئۇ مېنىلا سۆيىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مېنىڭ چۈشلىرىمنى ئەسلىرىم قامال قىلغان، مەن ئۇلارنى تىزگىنلەشكە ئاجىزلىق قىلىمەن، ئۇنىڭ چۈشلىرى بولسا، ھازىرقى بۇزۇقچىلىق ئىستىكىدىن بولغان بولىدۇ، ئۇلار ناتالىيەنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئويلاپ تاپقان شاللاقلىقىش ئىستىكى.

ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي ئىتالىيىنىڭ لوبىكان دەرياسىدىن ئۆتكىنىمدە، قايتا - قايتا ئويلاندىم، بۇ ۋاقىتتا مەن بۇ ئىش ئۈچۈن ئارتۇقچە ئازابلانماس بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ ھەرقانداق خىياللىرىنىمۇ كەچۈرۈۋەتكەنىدىم، مەن پەقەت خۇدادىن ئۇنىڭغا ئىنساپ، ساداقەت بېرىشىنىلا تىلەيتتىم. ھالبۇكى، ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش، خۇدانىڭ بىز ئەرلەرگە ئاياللىرىمىزنىڭ سادىق ياكى سادىق ئەمەسلىكىنى سەزدۈرمەسلىك. مەن ناتالىيەنىڭ يېنىدا يوق چاغلىرىمدا ئۇنىڭ نېمىلەرنى قىلىپ يۈرىدىغىنىنى ئەبەدىلئەبەد ئۇقمايمەن. مەن ساداقەتكىلا ئىشىنىمەن. مېنىڭ ئىخلاسىم ئاجىزلاشقانچە رەشك ئالۋاستىسى پەيدا بولۇۋالىدۇ - دە، ساداقەت بابىدا مەيلى ھەرقانداق ئىسپاتلار بولسىمۇ، قىلچە رولى بولماي قالىدۇ. سەۋەبى، مەن ھەر بىر ئىسپاتتا چېنىۋاتقىنىنى سېزىپ تۇرىمەن. قەلبىم ساداقەتكە قايتىسىلا، ئاندىن رەشك تۇمانلىرى تارقىلىدۇ. بۇنداق كۈنلەرنىڭ بەكمۇ كېچىكىپ كەلمەسلىكىنى تىلەيمەن.

* *

مەن كۈنداشلىقتىن ئەمەس، ئوڭايلا ئىشىنىپ قېلىشتىن ئۆز - ئۆزۈمنى ئوتىللو بولۇپ قالماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىمەن. ئۇمۇ نېگىر ئىدى.

* *

مەن ئايالىمغا ئىللىقلىق، خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغان ساداقەتلىك شۇ قىسقىغىنا مەزگىلنى ئەسلەپ قالىمەن. ئۇ چاغلار ھەقىقەتەن قالتىس ياخشى ئۆتكەنىدى، چۈنكى مەيلى ئەتىگەنلىكى ھاجەتخانىغا كىرگەندىن كېيىن بەدىنىمدە ئاغرىق سېزەي ياكى سەزمەي، ئىشقىلىپ ئۇ ۋاقىتلار مېنى غەم - تەشۋىشلەردىن خالاس قىلغانىدى.

* *

مەن ھەر بىر گۈزەل ئايالنى كۆرسەم قىزغىنىمەن، چۈنكى مەن ھەر بىر گۈزەللىنى سۆيىمەن. ھەرقانداق بىر ئايال سېنىڭ ھەۋەسىڭنى قوزغىغاندا گۈزەلدۇر. ئەگەر، بىر ئايالنىڭ تېنىگە كىرگىنىڭدىمۇ ئۇ يەنىلا گۈزەل بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ھەقىقەتەن گۈزەل بولغان بولىدۇ. ناتالىيە ھەقىقىي گۈزەل ئايال، سەۋەبى، ئۇنىڭغا قىزىقماس بولۇپ قالغىنىمغا ئۇزاق بولغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۆيۈنۈشۈمنى يەنىلا ئۈزۈپ قويغىنىم يوق.

* *

ساداقەت ساداقەتسىزلىكنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن ئۇرۇشىدۇ. مەن بۇ ئۇزۇن، مۇشكۈل ئۇرۇش جەريانىدا قاچاق ئەسكەر بولۇپ قالىمەن. بۇنىسى مېنىڭ ئۆز ئاجىزلىقىمغا يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگىنىنى سەزگىنىمدە، ئاللىقاچان بېشىمغا بالا كەلگەن بولىدۇ، مەن ناتالىيەگە قورۇقتىن كۆچۈپ چىققىنىمىز خۇسۇسىدا بىر نېمىلەرنى دېمەك بولىمەن. مەن ئېزىقىشتىن ئۆزۈمنى ساقلاپ قېلىشقا ئاجىزلىق قىلىدىغىنىمنى، سىرتقى دۇنيا بىلەن مۇناسىۋىتىمنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغىنىنى چوڭقۇر ھېس قىلغىنىمدا، يېزىقچىلىق شىرەسى يېنىدا ئولتۇرىمەن. قەلبىمدە شەھۋەت يالقۇنى لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىغاندا، مېنىڭ يېنىمدا ناتالىيەدىن ئۆزگە ھېچكىم يوق بولۇپ چىقىدۇ. قورۇقتىكى ئاشۇ دېدەك قىزلارنى بولسا يارىتقۇم كەلمەيدۇ.

ھالبۇكى، ئۇنىڭ جىمغۇر مىجەزى مېنىڭ رىغبىتىمگە موھتاج ئىدى، ھەر دائىم خېلى ئۇزاق ھەپىلىشىپ، ئەركىلىتىشلىرىمدىن كېيىنلا ئەڭ كۈچلۈك لەززەتلىنەتتى، ئۇ ماڭا گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلىپ، ئەركىلىتىش ئىچىدىكى ئىشرەت لەززىتى مۇتلەق بىخەتەر بولىدۇ، دەيتتى. ئۇ، ئۆز گۈزەل ھۆسن - جامالىنىڭ قۇدرىتىدىن مەست بولاتتى، دېمىسىمۇ بۇ پېتېربورگدىكى تەسىر دائىرىسى ئەڭ چوڭ، يۈزلۈك ئەرلەرنى ئۇنىڭ ئايىغىغا تاۋاپ قىلغۇزاتتى، ھەتتا چار پادىشاھمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ئۇ سالاپەتلىك، مۇلايىم بولۇپ پايدا ئۈچۈن ئۆز گۈزەللىكىنى دەسمى قىلمايتتى، گۈزەللىك ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا باللارچە ئويۇن ۋە تەبىئىي بايلىق ئىدى.

مۇبادا، ئۇ باشقىلارنى چوقۇندۇرۇش ئورنىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغاندا ئىدى، تۇرمۇش، ھايات ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقان بولار ئىدى. ئۇنىڭدىن بۆلەك ھەممە نەرسە، ھەتتا بالىمۇ ئۇنىڭچىلىك مۇھىم ئەمەس ئىدى. ياق، بۇ گېپىم بەلكىم بەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولار، ئۇ يەنىلا بالىنى بىرىنچى ئورۇنغا قوياتتى. ماشكانىڭ تۇغۇلغاندىن① كېيىن بۆلەكچىلا ھۆسن تۈزەپ، ھۆسن - جامالىنىڭ سېھرىي كۈچى تېخىمۇ ئېشىپ، ھەر بىرنى تۇغقانچە تەڭداشسىز ئۆزلىشىپ باراتتى. بىراق مەن ئايالىمنى چېقىۋېلىشنى خالىمايتتىم. مەن ئۇنى سۆيىمەن، مەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋاقتىمدا ئېرىشىشنى ئويلايمەن، بۇ تامامەن مېنىڭ ئۆز

① مارىيا ئالېكساندروۋنا پۇشكىنا (1832 - 1919)، پۇشكىننىڭ قىزى.

www.uyghurkitap.com

ئاجىزلىقىمدىن بولغان.

مەن ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم ساداقەتسىزلىك قىلغىنىمدا، ئۆزۈمنىڭ بىر خىل مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويغانلىقىمنى، بەلكى بۇ خىل مۇناسىۋەتنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم. مەن ئۆز - ئۆزۈمگە، «سەن پاھىشىلەر بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغىنىڭدا، سەن ھەرگىزمۇ ئايالىڭنى ئالدىغان بولمايسەن» دەيتتىم. بىراق شۇنىڭ بىلەن تەڭلا يەنە ئۆزۈمنىڭ توي قەسىمىمنى بۇزۇۋېتىپ قالغىنىمنى ئويلاپ قالاتتىم. ئەنە شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، مېنىڭ ناتالىيە بىلەن بولغان ھاياتىم، تۇرمۇشۇم ئەسلىگە كەلتۈرگۈسىز ئۆزگىرىپ كەتتى، مەن ئايالىمنىڭ بۇ تەرىپىنى سەزمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. مەن ئۆز - ئۆزۈمگە قايتا - قايتىلاپ، «شائىرنىڭ ھاياتىدا ئادەمنى لاغىلدىتىپ تىترەتكۈدەك ھاياجانلىق كەيپىيات بولمىسا مۇتلەق بولمايدۇ، شائىرنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدى توي قىلىپ بولغاندىن كېيىنكى دۇنيادا ئەمەس» دەيتتىم. مەن ئۇنداق ھاياجانلىق كەيپىياتنى بوغۇپ ئۆلتۈرمەسلىكىم كېرەك ئىدى، چۈنكى بۇ بىر قانۇنىيەت. خۇدا ئۆز قانۇنىيىتىنى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزدىن توسىغان ئەمەس، ھالبۇكى بىز ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى سەل - پەللا تۈزىتىپ قويغۇدەك بولساق، ئۇ بىزنى جازالايدۇ. شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل، خۇدانىڭ قانۇنىيىتى بۇزۇپ تاشلانغاندىلا ئاندىن ئۇلارنى سىناشقا جۈرئەت قىلالايمەن.

ئۇ قانۇنىيەت بىردىنلا بۇزۇپ تاشلىنىپ، مۇۋاپىق بىر ياقلىق قىلىنمىسا مەن تاپتىن چىقىپ كېتىمەن. ناتالىيە بۇنى ئاللىقاچان سېزىپ يەتكەن، مېنىڭ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ئېغىزىدىنمۇ بۇنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىغان. مەن شەھۋانىي تۇرمۇشنى ئاچكۆزلۈك بىلەن قوغلاشتىم، ئەگەر بۇنى ئىپلاسلىق دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇنداقتا باشتىن - ئاخىر ئاشۇنداق بىر خىل شېرىن لەززەتنىمۇ ئىپلاسلىق دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ شېرىن مۇھەببەتكە ئايلانماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشىم، پاھىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش. مۇبادا، ئىش كۆرمىگەن بىرەر قىزچاق مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا، ھېچقانچە بەدەل تۆلىمەيمەن. بىراق باشتىن - ئاخىر سوغۇققان كەيپىياتتا بولىدىغان كەسپىي پاھىشىلەرنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى، بىر ھەقىقىي ئەركەك ئۈچۈن ماھارەت سىنىقى ھېسابلىنىدۇ. پاھىشىلەر ئۆزى قوبۇل قىلغان مېھمىنىنىڭ ۋۇجۇدىدىن خۇشاللىق تاپالمايدىغانلىقىنى بىلىشىدۇ. بەزى قىزغىن خاراكتېردىكى پاھىشىلەر رەت قىلىسىمۇ، بىراق بۇ ئۇلارنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن چارچىتىپ ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتىدۇ. بۇنداق پاھىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشنىڭ قىلچە مەززىسى يوق. مەن قالتىس تەجرىبىلىك، كادالڭ ھەمدە چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان پاھىشىنى تاللىۋالدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياتتىم، ئۇنى بېرىلىپ ئەستايىدىل سىلاپ چىقتىم، ئىشقا ئالدىراپ كەتمىدىم، بەلكى ئۇنىڭ نەقەدەر سەتەڭلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا مېنىڭ قانچىلىك چوقۇنىدىغانلىقىمنى شىۋىرلىدىم. ئۇ ماڭا باقتى، چىرايىدا تەبەسسۇم، شۇنداقلا ماڭا بولغان ئىشەنمەسلىك ئالامەتلىرى ئەكس ئېتەتتى، بەلكىم ئۇ ئەتەي شۇنداق قىياپەتكە كىرىۋالغاندۇ. بىراق ماڭا شۇنىسى ئايان، ئۇ بۇنداق شېرىن - شېكەر گەپلەرنى ئاڭلاشقا خۇشتار. ئۇمۇ ئويلىمىغان يەردىن مېنىڭ سۆزلىرىمگە يارىشا، «سىز نېمانچە سۇمباتلىق» دېدى ۋە ئۆزىنىڭ مېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغىنىنى ئېيتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ يەنىلا مەندىن پۇل ئالدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇنچىۋالا شەخسىيەتچى ئەمەسلىكىمنى ئېيتتىم، شۇڭا ئۇ مەن ئۆزىنى ماختىغىنىمدا، ئۇ مېنى ماختاۋاتقاندىكىدىن كۆپ خۇشال كۆرۈنەتتى.

ئۇ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويماي دېگەندەك قىلىپ، كۆزلىرىنى چوڭ - چوڭ ئاچقىنىچە ياتاتتى. ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق كەچمىشى ئۇنىڭغا ئۆزى بىلەن بىرگە بولغان ئەرلەرنىڭ بۇ ئىشلارنى قەلبىدە ساقلاپ يۈرمەستىن، پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇراتتى.

مەن ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن ئىش كۆرەتتىم، ئۇنىڭ تېنىنى بېرىلىپ شۇنچە ئەستايىدىللىق بىلەن سىلايتتىم، ھەر خىل شەكىللەر بىلەن ئۇنىڭ ئەڭ ياقتۇرىدىغان ھەرىكەتلىرىنى تاپماقچى بولاتتىم. ئۇنىڭدا ئۈمىد تۇغۇلدى — مۇبادا، مەن ئۇنىڭ ھەۋىسىنى راستتىنلا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرەلىگەن بولسام، يەنە نېمىلەر بولۇپ كېتەتتىكىن؟ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن پاھىشىلىك تونى سېلىپ تاشلىنىپ، ھەقىقىي ئاياللىق تەرىپى ئايان بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆكرەك قىسمى ھەدەپ يىغىلاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغان، شۇنداقتىمۇ ئاۋۋالقىدەكلا ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويمىغانىدى. ھالبۇكى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ

بارغانچە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان چۈشىنىكسىز ئىستەك تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇۋاتاتتى. ئەڭ ئاخىرى، ئۇ ئەڭ شېرىن، روھنى لەرزىگە سالىدىغان دەقىقىلەرنىڭ يېتىپ كېلەيلا دەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئىككى قولى بىلەن مېنىڭ بېشىمنى قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتىپ گويا «توختاپ قالماڭ، ھەرگىز توختاپ قالماڭ» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇ ئىش ئۆتۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، مېنى يەنە كېلىپ كېتىشىمنى، بەلكى بۇ قېتىم كەلسە بىر تىيىنمۇ پۇل ئالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مانا بۇ مۇھەببەت خىتابنامىسى ئەمەسمۇ؟

* *

يالىڭاچ ئەمچەك شەك - شۈبھىسىزكى، ئادەمنىڭ سۆيۈپ قويۇشىنى كۈتىدۇ. ھالبۇكى، ئەمچەكنى ئوراپ تۇرغان يۇمىلاق ئىزنا ئىلاھىيلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر.

* *

ئاياللار تېنىنىڭ ئۆلمەس يېرى ئۇ تەنىنىڭ ئۆزىدە ئەمەس، بەلكى ئاياللارنىڭ بولۇشچە قوبۇل قىلىشىدا. ئەرلەرنىڭ تېنى دەس تۇرمىغاندا ئۇ تەنىنىڭ ماھىيىتى ئاشكارىلىنىدۇ.

* *

ئاياللارنىڭ ئەدىۋاسى ساختىا: باردى - كەلدى قىلىشىۋاتقان ئېسىلزادە خېنىملار ئۆزلىرىنىڭ ساختىلىق قىلغۇسى يوقتەك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ، پاھىشىلەر بولسا ئۆزلىرىنى ساختىلىق قىلمايۋاتقاندەك كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ.

* *

جىمىكى ئاياللارنىڭ مېنى كېرەك قىلمايدىغىنىنى چۈشىنىپ يەتتىم، بۇ خىيال مېنى ئازابلايدۇ.

* *

ئىنسانلارنىڭ يالغانچىلىقى خىجىللىق تۇيغۇسىدىن باشلانغان. خىجىللىق پسىخىكىسى سىزنىڭ بارلىق نەرسىلىرىڭىزنى يېپىپ تۇرىدۇ. بىز خىجىللىق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلساقلا يالغانچىلىقتىنمۇ قۇتۇلالايمىز، ئۇ چاغدا ئېبلىسقا ئوخشاش بۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ھېچنەرسە قالمايدۇ. زېمىندا بىردىنبىر قالىدىغىنى پەقەت ئىشرەت پەيزىنى سۈرگەن ئاشىق - مەشۇقلارلا بولىدۇ.

* *

كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ئەرلەرگە بىر ئايال «كېرەك»، دېيىشىدۇ؟ ئاياللار «بېرىش» نىلا بىلەمدۇ؟ ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاياللارغا ئەرلەر كېرەك، ئەرلەر بولسا ئۆزلىرىنى ئاياللارغا بېغىشلىشىدۇ.

* *

شەھۋەت تەنىنىڭ، مۇھەببەت روھنىڭ ئېھتىياجى. بۇ خىل ئېھتىياجلار روھنىڭ شەھۋىتىدىن ئۆزگە نەرسە ئەمەس.

* *

نېمە نەرسە گۈزەللىك بولىدۇ؟ زېرەك كىشىلەر قەدىمدىن ھازىرغىچە گۈزەللىك خۇسۇسىدا مۇتائىلە قىلىشتى. مېنىڭ ئايالىم بەزمىخانىلاردا پەيدا بولسا ھەممىسى قايىرىلىپ قارىشىدۇ. گۈزەللىك دېگەن ئەنە شۇنداق كۆزگىلى بولىدىغان، ئەمما تەبىر بەرگىلى بولمايدىغان نەرسىدۇر.

* *

بىراۋ لەھەتكە كىرەر چېغىدا روھىدىكى تالاي سىرلىرىنى ئېلىپ كىرىپ كېتىدۇ. بىراق ئائىلە تۇرمۇشى ئىككى روھنىڭ بىھېساب سىرلىرىنى يوشۇرۇپ قالىدۇ، بۇ سىر ساقلاشنىڭ نەقەدەر مۈشكۈللىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئائىلە تۇرمۇشىدا سىرنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ھايات ئاخىرلاشسا بۇ سىرلارمۇ ئاخىرلىشىدۇ.

* *

دانتىس ماڭا رەشك قىلىدۇ. ئۇ، كاتىرىننا بىلەن توي قىلغان تەقدىردىمۇ ماڭا ئوخشاشلا باشقا ھەمشىرەسىنىمۇ ئىلكىمگە ئالالايمەن، دەپ ئويلايدۇ. كۈتۈۋېلىش مۇراسىمىدا ئۇ خەقنىڭ ئالدىدا ئاشكارا ھالدا ئۆزىنىڭ كاتىرىننانىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن كۆتۈرىدىغىنىنى جاكارلىدى. مەن كاتىرىننانىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ئەمدى سىز مېنىڭ سالامەتلىكىم ئۈچۈن كۆتۈرۈڭ» دېدىم ئۈنلۈك ئاۋازدا. كاتىرىننا بويۇنلىرىغىچە شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى - دە، كۆلۈپتىن يۈگۈرگەنچە چىقىپ كەتتى. دانتىسمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پالاقلاپ چىقىپ كەتتى. مەن دانتىسنىڭ يەنە بىر مەرتەم ئەدىپىنى بەرگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.

* *

قېرىش بالىلىققا قايتىش، ئۆلۈش تۇغۇلۇش دېمەكتۇر. تۇغۇم ئاياللارنىڭ تېنىدە، ئۆلۈم قەبرىنىڭ ۋۇجۇدىدا بولىدۇ.

(جۇڭخۇا نەشرىياتى نەشر قىلغان. خەنزۇچە «پۇشكىننىڭ مەخپىي خاتىرىلىرى» ناملىق كىتابتىن ئەركىن نۇر تەرجىمىسى).

# «بۈگۈن» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

بۈگۈنكى دۇنيا ئۆچۈر دۇنياسى، رىقابەت دۇنياسى. بۈگۈن ھەققىدىكى ئۇچۇر مۇھاكىمىلەر، يېڭى كۆزقاراشلارنىڭ مۇنبىرى «بۈگۈن» پەسىللىك (ئىچكى) ژۇرنىلى نەشر قىلىندى.

«بۈگۈن» يۈز يىلنىڭ تۈنجى سانىدا «بۈگۈنكى دۇنيا تەسۋىرلىرى» ، «ياقا - يۇرتلۇقلار ئۈرۈمچىدە» ، «ستۇدېنتلارغا ئۇچۇق خەت» ، «چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنىڭ يولى» ، «ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق» ، «ئۇيغۇرلاردىكى مەدەنىيەت - سەنئەت بازىرى» ، «بىزگە مۇھىمى تەبىئىي پەنمۇ ئىجتىمائىي پەنمۇ؟» ، «ئاتا - ئانىدىن ياتلاشقان باللار» ، «ئازلاۋاتقان لاياقەتلىك ئاتا - ئانىلار» ، «سۆيگۈنىڭىزنى چۈشىنەمسىز؟» قاتارلىق ماقالىلەر بېرىلدى.

مۇشتەرى بولغۇچىلار «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلاشسا بولىدۇ. مۇشتەرى بولغۇچىلارغا ژۇرنال پوچتىدىن ئەۋەتىلىپ بېرىلىدۇ. ھەر ساننىڭ پارچە باھاسى 6.00 يۈەن، يىللىق باھاسى 24 يۈەن

ئالاقىلاشقۇچى : ئىمىر ھەسەن

ئادرېسى: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئالدىنقى قاتاردىكى ئەدەبىي ژۇرنال. ئەسەرلىرى ئۆتكۈر، سەھىپىلىرى جەلپكار. 2001 - يىللىق سانلىرىدىن باشلاپ يېڭى، رېئالنى سەھىپە «چولپان» داۋاملىق ئۆز چولپانلىرىمىز ھەققىدىكى ھەقىقىي قىسسىلەرنى سۆزلىسە، «كەچمىشلەر ۋە كەچۈرمىشلەر» ياشلارغا ئۇنتۇلغان ئۆتمۈش، قىسسىلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

«ئەسىر ئاخىرىدىكى ئويلار» ، «مائارىپىمىزدا بىلىم كرىزىسى» ، «بار ئىكەنمەن يادىڭدا دۇنيا» غا ئوخشاش تېخىمۇ ئۆتكۈر، رېئالنى مۇلاھىزىلەر سىزنى ئۆزىمىز ھەققىدە يېڭى ئوي، بىلىشلەرگە باشلاپ كىرىدۇ.

ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇشنىڭ كەسكىنلىشىشى، ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرنى تەقسىم قىلماسلىقتەك كرىزىسلىك، قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىگە قارىتا يېڭىچە ئىزدىنىش يولى كۆرسىتىلگەن يىرىك ئەدەبىي ئاخباراتلار بېرىلىدۇ.

ياشلار مۇھەببەت سەپىرىدىكى تېڭىرقاش، سوئاللىرىغا «ستۇدېنتلار» سەھىپىسىدە ئاشكارا بېرىلىۋاتقان مەخپىي كۈندىلىك خاتىرىلەردىن جاۋاب تاپالايدۇ.

يېڭىچە ئۇسلۇبتا دەۋر روھى، ياشلار خاسلىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن پوۋېست، ھېكايە، شېئىر، نەسرلەر سىزگە يېڭىچە بەدىئىي زوق ئاتا قىلىدۇ.

«بۈگۈنكى دۇنيا ئۇچۇرلىرى» ، «ئەدىبلەر كۈلۈبى» ، «ئەركىن پاراڭلار» ، «ماڭا تەسىر كۆرسەتكەن كىتابلار» ، «ئەسەر ۋە بەس - مۇنازىرىلەر» گە ئوخشاش خاس سەھىپىلەرمۇ ئۆز جەلپكارلىقى بىلەن سىزگە يېڭى تۇيغۇ، نىشانلارنى ئاتا قىلىدۇ.

ژۇرنىلىمىز سەھىپىلىرى جانلىق، قېلىپسىز بولۇپ ھەر چاغ دەۋر، كىتابخان ساداسىغا قۇلاق سالىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، شۇڭغا ئىشىنىڭكى ژۇرنىلىمىز سىزنىڭ ژۇرنىلىڭىز، سىز بىزنىڭ ئەڭ ئالىي مەسلىھەتچىمىز. قېنى، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەڭ، 2001 - يىللىق سانلىرىمىزغا مۇشتەرى بولۇڭ، يېڭى پىكىر، تەكلىپلىرىڭىزنى بىزگە ئەۋەتىڭ.

ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىلىرى ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. پوچتا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلەر تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق مۇشتەرى بولسىمۇ بولىدۇ. پوچتا ئارقىلىق ۋاقتىدا ئەۋەتىپ بېرىمىز.

ژۇرنىلىمىزنىڭ پارچە باھاسى: 5.00 يۈەن، يىللىق باھاسى: 30.00 يۈەن (بىر يىلدا ئالتە سان چىقىرىلىدۇ) . كوللېكتىپ مۇشتەرى بولغان ئورۇنلار سانى 30 نۇسخىدىن ئاشسا باھادا 30 پىرسەنت ئېتىبار قىلىنىدۇ.

ئالاقىلىشىش ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

تېلېفون: 0991 — 2819490، 2818897

چاقىرغۇ: 8070233 — 98980 پوچتا: 830002

ئالاقىلاشقۇچى: ئىمىرھەسەن، شەۋكەت










Hotel 融都大厦 شىنجاڭ رۇڭدۇ سارىيى




际标准刊号 ISSN1004—1745 国内统一刊号 CN65—1012/1 邮发代号 58—83 零售价: 4.40元